پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى

تۈزگۈچى : مۇختار سۈپۈرگى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى

تۈزگۈچى: مۇختار سوپۇرگى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى

تۈزگۈچى: مۇختار سۇپۇرگى

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 10
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 0001—4000

ISBN 7 — 5631 — 1731 — 8
باھاسى: 16.50

# كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب پېداگوگىكا خاراكتېرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىك بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئالدىدا تۇرغان ۋە يېقىندىن ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قاتناشقان ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يېتەكچى. ئۇنىڭدىن باشقا ماقالىنى قانداق يېزىش، قانداق تەكشۈرۈپ باھالاش، ئوقۇغۇچىلارنى ماقالە ـ ئەسەر يېزىشقا قانداق يېتەكلەش، دەرستىن سىرتقى ئەدەبىي پائالىيەتنى قانداق ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلاردا سىزگە ياخشى مەسلىھەتچى ۋە ئىشەنچلىك قولداش بولالايدۇ.

بۇ كىتابقا ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا ۋە ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ دەرس ئۆتۈشكە دائىر ئەڭ يېڭى بىلىملەر كىرگۈزۈلگەن، يەنى ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش جەريانى، ئوقۇتۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى، مەقسەت ـ تەلىپى، تەھلىل قىلىش نۇقتىلىرى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىغا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن يېقىندىن تۈزۈلگەن «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى تېكىستلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا 38 پارچە تېكىستنىڭ ئۆلچەملىك تەھلىلى ۋە كۆنۈكمىلەرنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى بېرىلگەن.

مەزكۇر كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش مېتودى، ئوقۇتۇش تەجرىبىسى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى

سىپىدىن ئىگىلىگەن مول بىلىمگە ئاساسەن، كۆپ تەرەپلىمە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا سىزگە ئەمەلىي نەپ بېرىش، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇ ئاساستا مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى بولغان ياش ئەۋلادلارنى يارامىلىق تەربىيىلەپ چىقىش مەقسىتىدە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن.

ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتاب سىزگە ھەقىقەتەن ئەمەلىي نەپ بېرەلەيدۇ.

ۋاقىت قىس، سەۋىيەم چەكلىك، تەجرىبەم كەمچىل بولغانلىقتىن، بۇ دەرسلىكتە بەزى كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلارنىڭ تەنقىدىي ۋە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2003 ـ يىل 1 ـ يانۋار.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى ھەققىدە چۈشەنچە........................................ 1
§1 . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىنىڭ خاراكتېرى، تەتقىقات ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى ............ 1
§2 . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى .................... 4
§3 . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ........................................ 17
ئىككىنچى باب ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى دەرس تەييارلىقى ۋە پىلانچىلىق ........................ 24
§1 . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى دەرس تەييارلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە دەرس تەييارلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ............ 24
§2 . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى پىلانچىلىق ........................................ 31
ئۈچىنچى باب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەت - چەكلەر ئوقۇتۇشى ............ 47
§1 . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى.................. 47
§2 . خەت - چەكلەر ئوقۇتۇشى .................... 61

توتىنچى باب بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە ئېپىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ............ 65
1 § . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشى ............ 65
2 § . ئېپىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ........................ 77
بەشىنچى باب چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە شېئىرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ........................ 84
1 § . چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشى ........................................ 84
2 § . شېئىرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ........................ 88
ئالتىنچى باب مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە نەسرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ........................ 102
1 § . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشى ........................................ 102
2 § . نەسرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ........................ 112
يەتتىنچى باب كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشى ........................ 118
1 § . كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ........................ 118
2 § . سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشى ........................ 131
سەككىزىنچى باب ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى، ماقالە ئوقۇتۇشى ۋە دەرستىن سىرتقى ئەدەبىي پائالىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ........................ 144
1 § . ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ........................ 144
2 § . ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشى ...... 150

§3 . ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشى ...... 158
§4 . دەرستىن سىرتقى ئەدەبىي پائالىيەتكە
يېتەكچىلىك قىلىش ...... 169
مەرھابا، باغۋەن ...... 275
مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى ...... 178
يەر — ئۇلۇغ ئانا ...... 187
مېنىڭ بىر كۈنۈم ...... 191
يالغۇز تۇرنا ...... 199
بۇزغۇنچى ...... 204
يېشىل ھايات ...... 208
دولان ياشلىرى ...... 214
چېنىقىش ...... 222
تۇرمە ناخشىسى (داستاندىن پارچە) ...... 231
سىيىت نوچى («سىيىت نوچى» ناملىق داستاندىن
پارچە) ...... 236
ئاخىرقى دەرس ...... 238
چۈنكى مەن — ئادەم ...... 241
تۇزان قەسىدىسى ...... 243
ۋالاقتەگكۈروپىنىڭ ئۆلۈمى ...... 247
خامېلېئون ...... 252
مېنىڭ تاغام ژىيول ...... 255
ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى ...... 258
يىللارغا جاۋاب ...... 269
قوشنىلار ...... 277
كۈن چىقىش شامىلى ...... 285
چۇغلۇق باللادىسى ...... 296
چىن تۆمۈر باتۇر ...... 302

# بىرىنچى باب ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى ھەققىدە چۈشەنچە

## § 1 . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىنىڭ خاراكتېرى، تەتقىقات ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى

### 1. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىنىڭ خاراكتېرى

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر خىل پەن بولۇپ، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىلىم ھېسابلىنىدۇ.

تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى كۈچلۈك ئىلمىيلىككە، روشەن ئەمەلىيەتچانلىققا ۋە قاراتمىلىققا ئىگە. ئۇ پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىگە تايىنىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

## 2. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دائىر مەسىلىلەر، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى، ۋەزىپىسى، مەزمۇنى، پرىنسىپى، ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش شەكلى، ئوقۇتۇش جەريانى، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك كەسپىي ئىقتىدار، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش جەريانىدىكى ئورنى، ئۆز رولىنى قانداق تونۇشى، شۇنداقلا ئوقۇتۇش پىلانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق يېڭى قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىدۇ.

## 3. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىنىڭ ۋەزىپىسى

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىنىڭ ۋەزىپىسى — ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كونكرېت ماتېرىيال ۋە پاكىتلار ئاساسىدا ساختىسىنى شاللىۋېتىپ، ھەقىقىسىنى ساقلاپ قېلىش، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا ئۆتۈش ئارقىلىق، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈش، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دائىر

تەجربە ـ ساۋاقلىرى ئىچىدىن ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدۇرۇش.

## 4. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن مۇستەقىل بىر پەن. ئۇ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىدۇ. بۇ جەريان مەلۇم بىر ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ بولۇشىنى، مەلۇم بىر نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ نەزەرىيە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، بولۇپمۇ ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىدۇر.

ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى «ئەمەلىيەت — بىلىش، يەنە ئەمەلىيەت — يەنە بىلىش» نىڭ چەكسىز دەۋر قىلىشىدۇر. ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتكە بېقىنىدىغانلىقىنى، نەزەرىيىنىڭ ئاساسى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى، نەزەرىيىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «بىرەر توغرا بىلىش كۆپىنچە ماددىدىن روھقا، روھتىن ماددىغا ئۆتۈش، يەنى ئەمەلىيەتتىن بىلىشكە، بىلىشتىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈشتەك نۇرغۇن قېتىملىق تەكرارلىنىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.»

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى ئۇستىگە قۇرۇلغاچقا، ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىنى ئۆزىگە نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچى قىلىدۇ.

# § 2 . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى

## 1. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى

تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدىكى ئاساسلىق ۋە ناھايىتى مۇھىم دەرسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قورال خاراكتېرىگە ئىگە پەندۇر.

تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇغۇچىلارغا تېكىست مەزمۇنى ئارقىلىق ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە بېرىپلا قالماستىن، ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشتىمۇ ناھايىتى چوڭ تەربىيىلەش رولىنى ئوينايدۇ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئىگىلىتىشتىن تاشقىرى، شەكلىنىمۇ ئىگىلىتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن باشقا دەرسلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىدۇر. باشقا دەرسلەر گەرچە ئىپادىلەش، ئوقۇش، يېزىش قاتارلىقلاردىن ئايرىلىپ كېتەلمىسىمۇ، بۇلار ئۇ دەرسلەرنىڭ مەقسىتى ئەمەس، پەقەتلا ۋاسىتىسى. ھالبۇكى، تىل - ئەدەبىياتنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى — تىل - يېزىق ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ئاڭلاش، ئوقۇش، سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. بۇ نىشان ئۇنىڭ قورال خاراكتېرىگە ئىگە پەن ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن.

تىل - ئەدەبىيات ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇش، ئاڭلاش، سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتىنى، يەنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھازىرلىمىسا بولمايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئاساسىي بىلىم ۋە قابىلىيەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقا دەرسلەرنى ئۆگىنىشىگە، مەكتەپ

پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ياكى ئىشلىيەلمەسلىكىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى يەنە روشەن ئىدىيىۋىلىككە ئىگە. ئۇ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەرگە ئوخشىمايدۇ. تىل ـ ئەدەبىياتتا ئىدىيىۋى خاھىش، كۆزقاراش، ھېسسىيات قاتارلىق تەرەپلەر گەۋدىلىك ئەكس ئېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئەسەرلەرنى ئوقۇغان، تەھلىل قىلغان ۋاقىتتا ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، ئەسەرلەردىكى كۆز قاراش، ھېسسىيات، تەربىيە قاتارلىقلارنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن تەبىئىي پەنلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرىدۇر.

تىل ـ ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ «قورال» لىق خاراكتېرىنى ۋە ئىدىيىۋىلىكىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق جەريانى، يەنى ئوقۇش، ئاڭلاش، يېزىش، سۆزلەش پائالىيەتلىرى ئوقۇغۇچىلارغا تىل ـ ئەدەبىياتتىكى ئاساسىي بىلىم ۋە ئاساسىي ماھارەتنى ئىگىلىتىش ھەمدە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش جەريانى بولىدۇ.

دېمەك، تىل ـ ئەدەبىيات «قورال» لىق خاراكتېر بىلەن ئىدىيىۋىلىك بىر گەۋدىلەشكەن پەن، تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ «قورال» لىق خاراكتېرى ئۇنىڭ ئەڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىدۇر.

## 2. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىملىقى

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج. بۇ دەۋر تەقەززاسىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە قويغان تەلىپى. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ھەر قايسى ساھەلەردىكى كەسىپ ئەھلىلىرىدىن مەلۇم تىل ـ يېزىق ئىقتىدارىغا ۋە

بەلگىلىك پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى يەنىلا تىل - يېزىق ئىقتىدارىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىدۇر. چۈنكى، ئوقۇش ۋە يېزىش ئىقتىدارى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مۇھىم ئاساسى. تىل - ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگەنگەندىلا، باشقا پەنلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. بەلگىلىك ئەدەبىي ئىقتىدار بولمىسا، نەتىجىلەر، شەيئىلەر، تەجرىبىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى خاتىرىلەپ ماڭغىلى، تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ھەر قانداق ئىلمىي تەتقىقات يېزىش، خاتىرىلەش، چۈشەندۈرۈش، بايان قىلىش قاتارلىق ئەدەبىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىسىز بارلىققا كېلەلمەيدۇ ۋە تارقىلالمايدۇ. بەلگىلىك ئىپادىلەش ۋە نۇتۇق ئىقتىدارى بولمىغان ھەرقانداق كىشى ئۆزى ئويلىغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا توغرا يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا، تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇش لازىم.

ئەگەر ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدىكى ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر قەدەر مول سۆز بايلىقىغا، مۇستەقىل كىتاب كۆرۈش، مۇلاھىزە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالىسا، ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كېرەكلىك ئاساسىي يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئىگىلىۋالالىسا، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن قايسى ساھەگە بارمىسۇن، دائىم ئەسقاتىدىغان بىر خىل قورالغا ئىگە بولالايدۇ.

تىل - ئەدەبىياتقا ئائىت ئاساسىي بىلىم كىشىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ - يېتىلىشىدىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈشىدە، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تىل - ئەدەبىيات

ئوقۇتۇشقا قويغان تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇشىمىز، تىل - ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي «قورال» لىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## 3. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مەقسەت - تەلىپى

تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە، ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشى ۋە ئاساسىي ماھارەت مەشقى بولۇپ ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن تېكىستلەر ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىر قەدەر ساغلام ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەر ئوقۇغۇچىلاردا ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى تۇرغۇزۇشتا ياخشى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق بېرىلىدىغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي دەرسى ئارقىلىق بېرىلىدىغان تەربىيىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. سىياسىي دەرستە ماتېرىيالىزملىق قاراش ۋە ئەخلاقىي قاراشلار ئاشكارا، ئەينەن بېرىلىدۇ، ئەدەبىيات دەرسىدە بولسا، تەربىيە ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىجابىي، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى، تەقدىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولغانلىقىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2. ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشى

تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشى تىل - ئەدەبىيات

دەرسىنىڭ ئاساسى ۋە مۇھىم مەزمۇنى. ئۇ ئىككى ئاساسىي ۋاستە ۋە بىر قوشۇمچە ۋاستىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككى ئاساسىي ۋاستە دېگەندە، تىل ئوقۇتۇشى ۋە يېزىقچىلىق ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قوشۇمچە ۋاستە دېگەندە، لوگىكا، ئىستىلىستىكا ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئوقۇتۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

1) تىل دەرسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى فونېتىكا، لېكسىكا، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىسقا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىل دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي تىل - يېزىقنىڭ ئاساسىي قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىتىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى تىل - يېزىقنى توغرا قوللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

تىل دەرسى ئوقۇغۇچىلارغا ئانا تىل ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلىتىدىغان مۇھىم ئوقۇتۇش قورالى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا ئوقۇش، توغرا يېزىش ۋە توغرا ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسىي ۋاستىلەرنىڭ بىرى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا تىل دەرسى باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا ئۆتۈلگەن تىل دەرسى ئاساسىدا تەكرار ئۆتۈلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر كېڭەيگەن ۋە چوڭقۇرلاشقان بولىدۇ.

2) يېزىقچىلىق ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئاساسلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى. يېزىقچىلىق ئاساسىي بىلىملىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، يېزىقچىلىق ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارغا مەركىزىي ئىدىيە بىلەن ماتېرىيالنىڭ مۇناسىۋىتى، ماتېرىيالنىڭ تىپىكلىكى ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەرخىل ژانىردىكى ماقالىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، دائىم قوللىنىلىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىسىدىن

بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمە، چۈشەندۈرۈش، لىرىكا قاتارلىقلارنىڭ رولى، قوللىنىلىشى، باشلاش، بايان قىلىش، ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە قاتلام، ئابزاس، بۆلەك قاتارلىقلار يېزىقچىلىق مەشىقلىرىگە، تېكىست تەھلىللىرىگە سىڭدۈرۈپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

تولۇقسىز 1 - يىللىقتا ئۆتۈلىدىغان «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ 1 -، 2 - قىسمىغا مۇناسىۋەتلىك تېكىستلەرگە بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى، ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق بىلىملەر بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلارغا بۇ بىلىملەر توغرىسىدا دەرس ئۆتۈشتىكى مەقسەت — ئوقۇغۇچىلارنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، تەھلىل قىلالايدىغان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېپىپ بېرەلەيدىغان، ۋەقەلىكنى قايتا بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان، بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان قىلىش، بۇ، 1 - يىللىقتىكى ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش

بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئىخچام، راۋان، جانلىق ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى بىلگەن، كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى ئېغىزچە ھەم يازمىچە رەتلىك، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارغا نەزەرىيىۋى بىلىملەر ۋە لېكسىيىلەرنى ياخشى ئوقۇتۇش، بەزى چۆچەك، قوشاق، مەسەل، ماقال - تەمسىللەر ۋە لەتىپىلەرنى پىششىق يادلىتىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى كىتاب

ئوقۇش، ھېكايە ئېيتىش، چۆچەك ئېيتىش، كۈندىلىك خاتىرە يېزىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش - يېزىش ئىقتىدارىنى پەيدىنپەي يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارغا كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان خەت - چەكلەر توغرىسىدا ساۋات بېرىش، ئۇلارنى بۇ خەت - چەكلەرنى بىمالال ئىشلىتەلەيدىغان قىلىش لازىم.

## 4. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مەزمۇنى، ئوقۇتۇش تەلىپى ۋە ئوقۇتۇش مۇھىم نۇقتىلىرى

تولۇقسىز 2 - يىللىقتا ئۆتۈلىدىغان «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ 3 - قىسمىغا بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئالاھىدىلىكى ۋە يېزىش ئۇسۇلىغا ئائىت نەزەرىيۋى بىلىملەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ بىلىملەر مۇشۇ قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە يەنە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى، ماقالە تىزىسى يېزىش ۋە بىر قىسىم خەت - چەكلەر ھەققىدە ساۋات كىرگۈزۈلگەن. ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ساۋاتلار ھەققىدە دەرس بېرىشتە ئوقۇغۇچىلارنى بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى تەھلىل قىلالايدىغان، ئاددىيراق بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش، شۇنىڭدەك خەت - چەكلەرنى تەلەپكە لايىق يازالايدىغان، خەت - چەكلەردىن پايدىلىنالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

خەلق داستانلىرىنى ۋە بىر قانچە تۈرلۈك داستاننى ئوقۇتۇشتا، ئوقۇغۇچىلارغا خەلق داستانلىرى توغرىسىدا بىر قەدەر ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىش لازىم.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ 4 - قىسمىغا شېئىرىيەت توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى، بارماق ۋەزنىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى، لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرلارغا دائىر نەزەرىيىۋى بىلىملەر ۋە بۇ بىلىملەرنى چۈشەندۈرۈشكە ماس كېلىدىغان شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. دەرسلىك بويىچە ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت، ئوقۇغۇچىلارغا شېئىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى شېئىرلارنى ھېسسىياتلىق ئوقۇيالايدىغان، شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى، مەزمۇنىنى تەھلىل قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىشتۇر.

بۇ قىسىم دەرسلىكنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدۇر. يەنى بۇ قىسىم دەرسلىكتە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى، يېزىلىش، چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىق ئەدەبىي بىلىملەر ھەم بۇ ئەدەبىي بىلىملەرنى چۈشەندۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئۆلگىلىك تېكىستلەر بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلارنى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى توغرىسىدىكى بىلىملەر بويىچە ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت، ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈش ماقالىسى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى بېرىپلا قالماستىن، ئۇلارنى ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنى يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

ئومۇمەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 4 - قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەر ۋە بۇ بىلىملەرگە ماسلاشتۇرۇپ دەرس ئۆتۈشتە، ئوقۇغۇچىلارغا ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان بايان خاراكتېرلىك ۋە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلىتىپ، ئۇلارنى نۇقتىئىنەزەرى توغرا، تەرتىپى ئېنىق، جۈملىلىرى راۋان بولغان ئادەتتىكى بايان خاراكتېرلىك

ماقالىلەرنى ۋە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى مۇستەقىل يازالايدىغان، ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئاددىي شېئىر شەكلىدە ئىپادىلىيەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

تولۇقسىز 3 - يىللىقتا ئۆتۈلىدىغان «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ 5 - قىسمىغا ئېپىك ئەسەر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئېپىك شېئىر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى قاتارلىق ئەدەبىي بىلىملەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، يەنى ھېكايە، پوۋېست، رومان، داستان، باللادا قاتارلىقلار توغرىسىدا ئاساسىي چۈشەنچە بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇژېت ۋە سۇژېت بۆلەكلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بايان قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى ئەدەبىي بىلىم ۋە بۇ بىلىملەرنى چۈشەندۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئۆلگىلىك تېكىستلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بۇ قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى مەزمۇنلاردىن دەرس ئۆتۈشتە ئوقۇغۇچىلارغا ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ژانىرلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارنى ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ژانىرلىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىپ ئومۇملاشتۇرالايدىغان، بايان قىلىش ئۇسۇللىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، پېرسوناژ ۋە تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئاساسىي ماھارەت جەھەتتە، ئوقۇغۇچىلارغا بۇ دەرسلىكتىكى قىسقا ھېكايىلەرنى قايتا بايان قىلدۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل ژانىردىكى ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى قىسقارتىپ، ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقالايدىغان قىلىش، ئوقۇغۇچىلارغا ئاددىي سۇژېتلىق ھېكايىلەرنى يازدۇرۇش، بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى تەكرار يازدۇرۇش قاتارلىق مەشىقلەر ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى بارغانسېرى

ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 6 - قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە نەسرىي ئەسەرلەر، فېلىيەتون، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك، تەزكىرە، ئەدەبىي خەۋەر قاتارلىق تۈرلەر توغرىسىدا نەزەرىيىۋى بىلىملەر كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر، چاچما شېئىر، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ھەققىدىكى بىلىملەر ۋە بۇنى چۈشەندۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئۈلگىلىك تېكىستلەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ قىسىم دەرسلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسى نەسردۇر.

ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىكتىكى مەزمۇنلار بويىچە ئوقۇتۇش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارغا نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى، خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا بىلىم بەرگەندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنى نەسرىي ئەسەرلەرنى ياخشى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، تەھلىل قىلالايدىغان، ئۇنى باشقا ئەسەرلەردىن پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئادەتتىكى نەسرلەرنى يازالايدىغان، ئەدەبىي خەۋەر ھەم تەزكىرە ماقالىلىرىنى يازالايدىغان، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 - قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدە ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا ئاساسىي بىلىم، يەنى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۈرلىرى، بەھرلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى، بىر قىسىم زۆرۈر لوگىكا ساۋاتلىرى ھەمدە ئالدىنقى يىللىقلاردىكى ئېپىك ئەسەرلەر توغرىسىدىكى بىلىملەرنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا مەزمۇنى ياخشى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بىر قىسىم شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلەردىن ئۈلگىلىك تېكىستلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

لوگىكىلىق بىلىملەر بىلەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۈرلىرى، بەھرلىرى مۇشۇ قىسىم دەرسلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدۇر.

ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇ قىسىم دەرسلىك بويىچە ئوقۇتۇشتا، ئۇلارنى ئارۇز ۋەزىن ھەققىدە ئاساسىي چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارغا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلىتىش، ئۇلارنى ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلار بىلەن بارماق ۋەزنىدىكى ئەسەرلەرنىڭ پەرقىنى ئاڭقىرالايدىغان، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەرقايسى شەكىللىرى بويىچە ئاددىي شېئىرلارنى يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش، شۇنىڭدەك پىكىر قىلىش، ئوقۇش، يېزىش، سۆزلەشتە لوگىكىدىن بىرقەدەر ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان ئىقتىدارغا يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە لوگىكىلىق بىلىملەر كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، سەھنە ئەسەرلىرىدىن دراما، كومېدىيە، تراگېدىيە قاتارلىقلار توغرىسىدا، رېئالىزم، رومانتىزم قاتارلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەققىدە بىلىم بېرىلگەن. لوگىكىلىق بىلىملەر، سەھنە ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئىجادىيەت مېتودى بۇ قىسىم دەرسلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنى بۇ قىسىم دەرسلىك بويىچە ئوقۇتۇش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ لوگىكا بىلىمىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، ئۇلارنى بىر قەدەر كۈچلۈك تەپەككۇر سىڭدۈرۈلگەن ماقالىلەرنى يازالايدىغان، مەنتىقىگە ئۇيغۇن پىكىر قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش، ئۇلارغا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن پەرقى توغرىسىدا بىلىم بېرىش، ئۇلاردا بىر ـ ئىككى پەردىلىك قىسقا سەھنە ئەسەرلىرىنى يازالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكە

تىرىشىش، شۇنداقلا مەشىقنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىچىك ھېكايىلەرنى يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 ـ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئۈلگىلىك ئەسەرلىرى ياكى ئۇلاردىن پارچىلار ھەمدە بىر قىسىم ئەدەبىي بىلىملەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوقۇغۇچىلارنى بۇ قىسىم دەرسلىكتىكى مەزمۇنلار بويىچە ئوقۇتۇش — ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ پارلاق مەدەنىيەتكە، ئۇزۇن ۋە شانلىق تارىخقا ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش، بۇ مىللىي مەدەنىيەتنى ياراتقان خەلقنى، ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنى قىزغىن سۆيۈش روھىنى سىڭدۇرۇش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە، جۇملىدىن جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسىنى بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 4 ـ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدە جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن چۈ يۈەن، لى بەي، دۇفۇ، لۇگۇەنجۇڭ، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن پۇشكىن، چېخوف، گوركى، گوگول، ئاباي قۇنانباي، شېكىسپىر، مۇپاسسان قاتارلىق يازغۇچى ـ شائىرلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن لۇشۈن، گومورو ۋە ماۋدۇنلارمۇ تونۇشتۇرۇلغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى ھەمدە ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى، خەلقچىللىقى، مەنبەسى، تىپىكلىكى، ئوبرازلىقلىقى قاتارلىق ئەدەبىي بىلىملەر بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇ بىلىملەر بويىچە ئوقۇتۇشتىن مەقسەت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ

كېڭەيتىش، ئەدەبىيات توغرىسىدىكى بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش؛ ئوقۇغۇچىلارغا جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى، تىلى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوبدان ئىگىلىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەشىقلەردە چەت ئەل ئەسەرلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش.

ئومۇمەن، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆتۈلگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئۆز بىلىمىگە ئايلاندۇرغان، ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ۋە بىر قەدەر ئەتراپلىق تەھلىل قىلالايدىغان، بىر قەدەر سەۋىيىلىك بايان، چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يازالايدىغان ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى لازىم.

لوگىكا، ئىستىلىستىكا ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلىملىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىش، سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان قوشۇمچە ۋاسىتىلەردۇر. بۇ بىلىملەر دەرس تېكىستىنى ئوقۇتۇش ۋە ماقالە يازدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئۆتۈلىدۇ.

تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي ماھارىتى تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلەش ۋە كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ. تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئاغزاكى ۋە يازما مەشىقلەر، مەسىلەن، تېكىستنى ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دېكلاماتسىيە قىلىش، ھېكايە ئېيتىش، مۇھىم سۆز - جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىش، تېكىست مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاش، تەھلىل قىلىش، تېزىس تۈزۈش، قىسقارتىپ يېزىش، كېڭەيتىپ يېزىش،

ئۆزگەرتىپ يېزىش قاتارلىقلار ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش — تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ تۈپ مەقسىتى. ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشى ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ئوقۇتۇش پائالىيىتىدۇر.

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ ئۆلچەشكە بولىدۇ. ئاساسىي بىلىملا بېرىلىپ، مەشىق قىلىش - ماھارەت يېتىلدۈرۈش چىڭ تۇتۇلمىسا، بۇنداق ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشى ئەھمىيەتسىز ئوقۇتۇش بولۇپ قالىدۇ.

## § 3 . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

ئوقۇتۇش پرىنسىپى تەلىم - تەربىيە مەقسىتى ۋە ئوقۇتۇش جەريانىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن. ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ، شۇنداقلا ئوقۇتۇش خىزمىتىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان ئاساسىي قائىدە. ئوقۇتۇش پرىنسىپىنى توغرا چۈشىنىپ، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش — ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە مەقسىتىگە يېتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

ئوقۇتۇش پرىنسىپى ئىلمىيلىك بىلەن ئىدىيىۋىلىكنىڭ بىرلىك پرىنسىپى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى، كۆرسەتمىلىك قورالدىن پايدىلىنىش پرىنسىپى، تەرتىپ بويىچە پەيدىنپەي ئىلگىرىلەش پرىنسىپى، كونكرېت ئوبيېكتقا قاراپ تەلىم - تەربىيە بېرىش پرىنسىپى قاتارلىقلارنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پرىنسىپلار تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك پرىنسىپ ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارىلىدۇ.

## 1. تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇننى تىل ـ يېزىقتا ئىپادىلەش پرىنسىپى

بۇ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ باشقا پەنلەر ئوقۇتۇشىغا ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ پرىنسىپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنى تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا سىڭدۈرۈش، يەنى ئىدىيىۋى مەزمۇننى تىل ـ يېزىقتا ئىپادىلەش، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىش مەشىقلىرىدە توغرا نۇقتىئىنەزەرنى يېتەكچى قىلىش، يېزىقچىلىق مەشىقىدە شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە ماتېرىيال تاللاش، باش تېمىنى بەلگىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پرىنسىپلارنى ئىزچىللاشتۇرۇش — پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭمۇ ئېھتىياجى.

تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا تېكىست مەزمۇنى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغا مەلۇم قاراش، ئىدىيە ياكى ھېسسىيات سىڭدۈرۈلىدۇ. شۇڭا تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ بىرلىكى، ئىدىيىۋى مەزمۇننى تىل ـ يېزىقتا ئىپادىلەش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1) تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدىن پايدىلىنىپ، تېكىستنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چۈشىنىش لازىم.
2) مەزمۇننى تىل ـ يېزىقتىن ئايرىۋەتمەسلىك، مەزمۇننى تىل ـ يېزىقتا ئىپادىلەش لازىم.
3) تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم.
4) ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، تىل ـ يېزىقنى ئاساس قىلىش لازىم.
5) سولچىل خاھىشقا قارشى تۇرۇش، ئوڭچىل خاھىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## 2. ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپى

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئانا تىل ـ يېزىقىنى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ـ يېزىقنى چۈشىنىش قابىلىيىتى دېگەندە، سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ تىل ـ يېزىقنى ئىشلىتىش قابىلىيىتى دېگەندە، ئاڭلاش، ئوقۇش قابىلىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاڭلاش، ئوقۇش باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە توپلاشنى، باشقىلارنىڭ ماقالە يازغان چاغدىكى كۆزىتىشى، ماتېرىيال تاللىشى، تېما بەلگىلىشى، سۆز ـ ئىبارىلەرنى تاللىشى، جۈملە تۈزۈشى، قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئىگىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاڭلاش، ئوقۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ، تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئاڭلاش، ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش مەشقى شەكىل جەھەتتە ئۆزلۈكسىز ئالمىشىپ ۋە گىرەلىشىپ تۇرىدىغان،

مەزمۇن جەھەتتە قايتا دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان جەريان. يەنى بىلىمنى كېڭەيتىدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش جەھەتتىكى قابىلىيەتنى ئاشۇرىدىغان جەريان. ئوقۇغۇچىلارنى ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش جەھەتتە تەڭ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

1) ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش مەشقىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

2) ئاڭلاش، ئوقۇش جەھەتتىكى مەشىقتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاش كېرەك.

3) سۆزلەش، يېزىش مەشقىدە ئاڭلاش ۋە ئوقۇشقا ئائىت ئۈلگىلىك مىساللاردىن پايدىلىنىش لازىم.

قىسقىسى، بۇ پرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ھەم يۇقىرىدىكى ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، بىرىگە ئېتىبار بېرىپ، يەنە بىرىگە سەل قارىماسلىق، ھەم ئۇلارنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

## 3. سۆزلەش بىلەن مەشقنى بىرلەشتۇرۇش، مەشقنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى

سۆزلەش بىلەن مەشىق قىلىش تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى ئىككى چوڭ ھالقا، تىل-ئەدەبىيات ئاساسي بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى قابىلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتا، بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىشىگە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنى مەشىق قىلدۇرۇشقا تايىنىش كېرەك.

سۆزلەش — ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستە. مەشىق قىلىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئۇنۇملۇك ئۆگىنىش ئۇسۇلى. بۇ ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۇرگەندە ئۇنۇم ياخشى بولىدۇ.

سۆزلەش بىلەن مەشىقنى بىرلەشتۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1) سۆزلەش بىلەن مەشىقنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. چۇنكى، دەرس ياخشى سۆزلەنسە، مەشىق ياخشى بولىدۇ، دەرس ياخشى سۆزلەنمىسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق قىلىشىمۇ ئۇنۇملۇك بولمايدۇ. سۆزلەش مەشىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، مەشىقمۇ سۆزلەنگەننى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

2) دەرس سۆزلىگەندە جانلىق سۆزلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك، دەرسنى كونسپېكتقا قاراپ گېزىت ئوقۇغاندەك قارا - قويۇق ئوقۇپ بەرمەي، مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىلارنى پەرقلەندۇرۇپ، بەزى جايلارنى گەۋدىلەندۇرۇپ سۆزلەش، بەزى جايلارنى ئادەتتىكىدەك سۆزلەش، ئەمەلىي مىسال ئېلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، دەرس ئوقۇتقۇچىغا ياخشى ئۆزلەشكەن بولۇشى، تەييارلىق پۇختا بولغان بولۇشى لازىم.

3) مەشىققە يېتەكچىلىك قىلىشقا پايدىلىق بىلىملەرنى كۆپرەك سۆزلەش كېرەك. سۆزلەش جەريانىدا مەشىق ئىشلەشكە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش، ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىش، يولىنى تېپىپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل مەشىق قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

4) ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ مەشىق قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ مەشىق قىلدۇرۇش ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش ۋاقتى كۆپرەك بولۇش، ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ خىل شەكىلدە مەشىق قىلىشقا قوزغاش دېگەنلىك بولۇپ، ئاساسىي بىلىمنى مەشىق ئارقىلىق مۇستەھكەملەشنىڭ كاپالىتىدۇر.

## 4. «ئىككى ئاساس» نى كۈچەيتىش بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياراملىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەريانىدا «ئىككى ئاساس» نى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. تىل - ئەدەبىياتتىكى «ئىككى ئاساس» تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى (گرامماتىكا ئوقۇتۇشى، يېزىقچىلىق ساۋادى، ئىستىلىستىكا، لوگىكا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى) بىلەن تىل - ئەدەبىياتتىكى ئاساسىي ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ.

ئەقلىي قابىلىيەت بىلىش قابىلىيىتىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ. «ئىككى ئاساس» ماھىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا خىزمەت قىلىدىغان ۋاستە. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەپەككۇر مەنبەسىنى بېيىتىش لازىم. ئىككىنچىدىن، دەرسلىكتىكى ھەرخىل تېكىستلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىمىنى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

## 5. دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن دەرستىن سىرتقى ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى

تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا دەرسخانىدىكى ئاڭلاش، ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش بىلەن دەرستىن سىرتقى ئاڭلاش،

ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. چۈنكى دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش ۋاقتى قىسقا، ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا دەرس تەكرارلىسا، دەرسخانىدا ئۆگەنگىنى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئۆگەنگىنىنى ماسلاشتۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ.

دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن دەرستىن سىرتقى ئوقۇتۇشنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئىككى قانىتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى قاناتنى تەڭ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) دەرستىن سىرتقى ئوقۇتۇش پائالىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇش لازىم.

2) دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن دەرستىن سىرتقى ئوقۇتۇشنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

3) ئوقۇغۇچىلارغا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يېتەكچىلىك قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

# ئىككىنچى باب ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى دەرس تەييارلىقى ۋە پىلانچىلىق

## 1 § . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى دەرس تەييارلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە دەرس تەييارلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

### 1. دەرس تەييارلىقىنىڭ ئەھمىيىتى

دەرسنى پۇختا تەييارلاش — ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ۋە ئىشەنچلىك كاپالىتى. دەرس ئالدىدىكى تەييارلىقنىڭ تولۇق بولۇش - بولماسلىقى — ئۆتۈلگەن دەرسنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش - بولماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئوقۇتقۇچى دەرس تەييارلىقىغا سەل قاراپ، ئالدىراپ - تېنەپ دەرسخانىغا كىرىپ تاققا - تۇققا سۆزلىسە، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ۋە ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمايلا قالماستىن، دەرسنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، دەرس ئالدىدىكى تەييارلىقنى پۇختا ئىشلەش لازىم.

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە بولۇشنى، دەرس تەييارلىغاندا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، پۇختا ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دەرسنى پۇختا، ئەتراپلىق تەييارلىغاندا دەرسنى ئەركىن سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان چۈشەندۈرگىلى ۋە كونسپىكتقا قاراۋېرىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## 2. دەرس تەييارلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

1. دەرس تەييارلىقى پۇختا بولۇشى لازىم.

1) دەرسخانىدا سۆزلىنىدىغان مەزمۇن جەزمەن ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. دەرسنى يېرىم ـ يارتا سۆزلەشكە، ئوقۇملارغا قارىسىغا تەبىر بېرىشكە بولمايدۇ. دەرس تېكىستىنى دېكلاماتسىيە قىلغاندا ئورتاق تەلەپپۇزغا ۋە تىلغا دىققەت قىلىش، دوسكىغا خەتنى چىرايلىق يېزىش كېرەك. بىرەر سۆزگە، ئاتالغۇغا ئىزاھات بېرىشكە توغرا كەلگەندە ئەتراپلىق، توغرا ئىزاھات بېرىش لازىم، خاتا ئىزاھات بېرىپ قويۇش ياكى ئىزاھات بەرمەي ئۆتۈپ كېتىشكە ئورۇنۇش توغرا ئەمەس، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوبرازىغىمۇ پايدىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتۇش جەريانىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئېنىق، تەرتىپلىك بولۇشى، ۋاقىت تەقسىماتى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. دەسلەپتە ۋاقىتنى چىڭ تۇتماي، كېيىن ئالدىراپ قالىدىغان، ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈنلا دەرس ئۆتىدىغان ئەھۋاللاردىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. پۈتكۈل ئوقۇتۇش جەريانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

2) مەقسەت ئېنىق، نۇقتا گەۋدىلىك، تەبىر ئەمەلىيەتكە

ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. دەرسنى سىستېمىسىز سۆزلەشكە، ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە چۈشەندۈرمەن دەپ، مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىلارنىمۇ ئادەتتىكىدەك سۆزلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. قىيىن ۋە مۇھىم نۇقتىلارنى چوقۇم گەۋدىلەندۈرۈپ چۈشەندۈرۈش لازىم. شۇ سائەتلىك دەرستىكى مەقسەت ئېنىق بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، يۇقىرىقى خاتالىقلاردىن ساقلىنىش تەس بولىدۇ.

3) باشتىن - ئاخىر ئوقۇغۇچىلارنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. يەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى كۆزدە تۇتۇش، قانداق قىلغاندا دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى، تاپشۇرۇق بېرىشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. بېرىلگەن تاپشۇرۇق دەرس مەزمۇنىنى مۇستەھكەملەشكە زىت بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

4) پىلانلىق بولۇش كېرەك. پىلانلىق بولۇش دېگەنلىك، دەرس مەزمۇنىنى سائەتلىك دەرس ۋاقتى بويىچە تەقسىم قىلىش، ئوقۇتۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى، ئۇسۇل - چارىلىرىنى بەلگىلەش، ئوقۇتقۇچىنىڭ لېكسىيە قىلىش ۋاقتىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس تەكرارلاش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەرس تەييارلىقىدا ۋە سائەتلىك پىلان تۈزگەندە بۇ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش لازىم.

5) بەزى مەسىلىلەرنى ئالدىن پەرەز قىلىش لازىم. ئوقۇغۇچىلار تۇيۇقسىز سوراپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەر، ئويلىمىغان يەردىن دۇچ كېلىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرماي بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنداق مەسىلىلەرگە يولۇققاندا تەمتىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، دەرس تەييارلىقىدا ئەستايىدىل بولۇشى، يەنى ئوقۇغۇچى «بۇ نېمە دېگەنلىك»، «ئۇنىڭ

مەنىسى نېمە» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن، دېگەن مەسىلىنىمۇ ئويلاپ قويۇشى لازىم. ئاسادىيپى سورالغان قىسمەن مەسىلىلەرنى ئوقۇتقۇچى ھودۇقماي، سالماق بولۇپ، ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

2. دەرس تەييارلىقى بالدۇر بولۇشى لازىم.

ئوقۇتقۇچى ھەربىر مەۋسۇمنىڭ بېشىدا پۈتۈن مەۋسۇملۇق «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىنى باشتىن - ئاياغ كۆرۈپ چىقىشى، شۇنداقلا ئۆزى دەرسكە كىرمەكچى بولغان سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇپ چىقىشى كېرەك. ئادەتتە كېيىنكى ھەپتىدە ئۆتۈلىدىغان دەرسنى بىر ھەپتە بۇرۇن تەييارلاپ، گۇرۇپپا باشلىقىغا كۆرسىتىپ تەستىقلىتىشى لازىم. دەرسكە كىرىشتىن بىر قانچە سائەت بۇرۇن دەرسنى ھاپىلا - شاپىلا تەييارلاپ، چالا - پۇلا تەييارلىق بىلەن سىنىپقا كىرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە ھەقىقىي كېپىللىك قىلغىلى بولمايدۇ.

### 3. دەرس تەييارلىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە قەدەم باسقۇچلىرى

1. «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى» نىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، دەرسلىكنى تولۇق ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىش لازىم.

«ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى» پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى بويىچە تىل - ئەدەبىيات پېنىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا تۇتىدىغان ئورنى، باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە رولىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان ھۆججەت. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ

تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇتۇش خىزمىتىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئاساس. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى كونكرېت تەلەپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنى دەرس تەييارلاشنىڭ ئاساسى قىلىشى لازىم.

دەرسلىك مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈش ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي تەلىپى. بەلگىلەنگەن ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى باشتىن ـ ئاخىر تولۇق كۆرۈپ چىقىش، دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى، سىستېمىسى، قەدەم باسقۇچلىرى، «ئىككى ئاساس» نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى، تەھلىل قىلىشقا بېرىلگەن تېكىستلەر بىلەن ئوقۇشقا بېرىلگەن تېكىستلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، بىلىم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ تۈرلىرى، بىلىم خاراكتېرلىك ماقالىلەر بىلەن ئەدەبىي تېكىستنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىن ئىگىلەش لازىم.

2. مەۋسۇملۇق تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پىلانى تۈزۈش كېرەك.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇن مەكتەپنىڭ خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن مەۋسۇملۇق ياكى يىللىق پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ، بۇ پىلان كالېندار پىلانى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى پىلان بولغاندا ئوقۇتۇش قەدەم باسقۇچلۇق، پىلانلىق بولىدۇ. بۇ پىلاندا ئاساسەن شۇ مەۋسۇمدە ئۆتۈلمەكچى بولغان مەزمۇنلار ھەپتە، سائەتلەرگە قەدەر تەقسىم قىلىنىدۇ؛ بېرىلىدىغان تاپشۇرۇق، ئىلمىي تەكشۈرۈش، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنىڭ مەزمۇنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ ھەمدە جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كالېنداردا كۆرسىتىلگىنى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئوقۇتۇشقا بېرىلگەن ئومۇمىي ۋاقىت

بىلەن ئۆتۈلىدىغان دەرس مەزمۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنىدۇ، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ۋە ۋاقىت يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىمۇ نورمال بولىدۇ.

3. دەرسلىكنى تەتقىق قىلىش لازىم.

ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇشقا بېرىلگەن مەزمۇنلارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ، ئوقۇتۇشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى، كۆرسىتىلىدىغان مىساللار، كۆنۈكمە تەلىپى، تېكىست ئەھۋالى، چۈشەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر، يەنى ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئاپتور ھاياتىنىڭ ئەسەر مەزمۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە تېكىستكە تەقلىد قىلىپ ماقالە يازدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوبدان تەتقىق قىلىشى لازىم. دەرسلىكنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ:

1) دەرسلىك بىلەن تونۇشۇش. دەرسلىكتىكى تېكىستلەرنىڭ ماۋزۇلىرى، مەزمۇنى، نەقىل - ئىزاھات، مۇھاكىمە قاتارلىقلار بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىپ، ئۇلارنى توغرا ئۆزلەشتۈرۈش، قىيىن مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. تېكىست مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا لۇغەتتىن پايدىلىنىش، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈش، ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى باشقىلاردىن سوراپ ھەل قىلىش كېرەك.

2) دەرسلىكنى تەھلىل قىلىش، يەنى دەرسلىكنى قايتا - قايتا كۆرۈش، تەكرار پىكىر قىلىش ئارقىلىق تېكىست مەزمۇنىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. تېكىستنى تەھلىل قىلغاندا تېكىستنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىق نۇقتىلارنى چوڭقۇر ھەم سىستېمىلىق تەھلىل قىلىش لازىم. ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ئاۋۋال تەھلىل قىلىپ بېقىش، تەھلىل قىلىپمۇ ھەل قىلالمىغاندا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش

كېرەك. تەھلىل قىلماي تۇرۇپلا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن تەييارنى كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ.

4. ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش كېرەك.

ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ئوبيېكتى. ئوقۇتقۇچى دەرس مەزمۇنىنى ئۆزى تولۇق بىلىۋالغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىمۇ نەزەردە تۇتۇشى لازىم. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ مەقسىتى دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى چۈشەندۈرۈش. شۇڭا «نىشانلىق ئوق ئېتىش» نى ھەرگىز ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ. بىرى، كۈندىلىك تەكشۈرۈش. يەنە بىرى، دەرس ئالدىدىكى تەكشۈرۈش. كۈندىلىك تەكشۈرۈشنى سىنىپ كادىرلىرى، ئىتتىپاق كادىرلىرى، سىنىپ مەسئۇلى قاتارلىقلاردىن ئىگىلىگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا شۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، دەرستىن سىرتقى پائالىيىتى، تاپشۇرۇق ئىشلەش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئىگىلىنىدۇ. دەرس ئالدىدىكى تەكشۈرۈش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، كەسپىي سەۋىيىسى، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى، ئاڭلاش، سۆزلەش، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى، سۆزلۈكلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارى، قورال كىتابلاردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى، تىل - ئەدەبىيات ھەققىدىكى ئومۇمىي بىلىمى ۋە بىلىمنى ئىشلىتىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئىگىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچى دەرس ئالدىدىكى تەكشۈرۈش باسقۇچىدا يۇقىرىقى تەرەپلەرنى چوقۇم نەزەرگە ئېلىشى، ھەرگىزمۇ «مەن سۆزلەيمەن، سەن ئاڭلايسەن» دېگەن دوگما قاراشتا بولماسلىقى لازىم. ئەگەر بۇ تەرەپلەرگە ياخشى ئېتىبار بېرىلمىسە دەرسنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىشىش ئۇنۇمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ - دە،

ئوقۇتۇش مەقسىتى ئورۇندالمىغان بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم، قىيىن نۇقتىلىرىنى بەلگىلەشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

5. ئوقۇتۇش مېتودىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئوقۇتۇشنىڭ تەلىپىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش مېتودىنى تاللاش لازىم. چۈنكى، ياخشى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئوقۇتۇش مېتودى ئوقۇتۇش مەقسىتى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئوبيېكتى بولۇپ ئۈچ تەرەپنى شەرت قىلىدۇ. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاللىغاندىمۇ بۇ ئۈچ تەرەپنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۆتمەكچى بولغان دەرسنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ بەلگىلەشكە بولىدۇ. يەنى ھەممە ژانىر ۋە مەزمۇنلارغا بىرلا خىل ئوقۇتۇش مېتودىنى قوللانماي، مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوقۇتۇش مېتودىنى تاللاپ قوللىنىش كېرەك. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى بەلگىلەشتىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.

## 2 § . ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى پىلانچىلىق

### 1. ئوقۇتۇش پىلانى تۈزۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتى

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەريانىدا پىلان تۈزۈش — ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەرتىپلىك، قەدەم باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. پۈتۈن كۆنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى پىلانلىق ئاساستا قەدەممۇ قەدەم، باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەم دۆلەت بەلگىلىگەن ئوقۇتۇش

پروگراممىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغانلىق، ھەم دەرسلىككە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇلغان ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى، ئىلمىي بولغان ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئىشنىڭ تەرتىپلىك ۋە پىلانلىق ئىجرا قىلىنىشىغىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىك بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇتقۇچىلارنى بەلگىلىك رىتىم بويىچە ئوقۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئوقۇتۇش ئوبيېكتى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا ئۆتۈش پرىنسىپى بويىچە بىلىم بەرگىلى بولىدۇ.

ھەرقانداق بىر پەنگە دائىر ئوقۇتۇش پىلانى چوقۇم شۇ پەننىڭ ئىلمىي قانۇنىيىتىگە، ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىشى لازىم. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ئىككى خىل پىلان تۈزۈلۈشى كېرەك. بىرى، ئوقۇتۇش كالېندار پىلانى. يەنە بىرى، سائەتلىك دەرس پىلانى. بۇنداق پىلانلارنى تۈزۈش تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ پىلانلىق، تەرتىپلىك، سىستېمىلىق بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى تېخىمۇ ئىلمىي، پۇختا تەشكىللەش، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا تولۇق تەييارلىق قىلىش، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇش، ئوقۇغۇچىلارنى تىل - ئەدەبىياتنى ئۆزلۈكىدىن ھەۋەس بىلەن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش قاتارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆز كەسپىگە نىسبەتەن ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلىشى، ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن ماتېرىياللارنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشى، شۇنداقلا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى دەرس ۋاقتىدا ۋە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆتۈشنىڭ كالېندار

پىلاننى ۋە سائەتلىك پىلاننى ئوبدان تۈزۈشى زۆرۈر. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن ماتېرىياللارنى تولۇق ئىگىلىمەي تۇرۇپ، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھۋاللارنى ئوبدان تەتقىق قىلماي ۋە كۆزدە تۇتماي تۇرۇپ، ئوبدان پىلاننى تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. كالېندار پىلانى ۋە سائەتلىك پىلان تۈزمەي تۇرۇپ دەرسكە كىرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش جەڭگە تەييارلىقسىز كىرگەنلىك، نىشانسىز ئوق ئاتقانلىق بولىدۇ. شۇڭا تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆز دەرسىنىڭ كالېندار پىلانى ۋە سائەتلىك پىلانى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك.

كالېندار پىلانى تۈزۈش بىلەن سائەتلىك پىلان تۈزۈش تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى پىلانچىلىق بىلەن ئىلمىيلىكنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. تىل - ئەدەبىيات دەرسىدىن كالېندار پىلانى تۈزۈش ۋە سائەتلىك پىلان تۈزۈش ھەربىر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرستىن ئاۋۋالقى يازما تەييارلىقىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇشى كېرەك. بۇ يازما تەييارلىق پۈتمەي تۇرۇپ دەرسكە كىرىشكە بولمايدۇ.

## 2. كالېندار پىلانى تۈزۈش

تىل - ئەدەبىيات دەرسىدىن كالېندار پىلانى تۈزۈش تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى يىللىقلار بويىچە يۇرۇشتۇرۇشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ، ئوقۇغۇچىلارغا تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى بىلەن تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي ماھارىتىنى پروگراممىدا كۆرسىتىلگەن پرىنسىپ ۋە تەلەپلەر بويىچە ئۆگىتىشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ئۇنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى يېتەكچىلەر بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ.

تىل - ئەدەبىيات دەرسىدىكى كالېندار پىلانى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى يېتەكچىلەنىڭ ئالدىن تەييارلىق قىلىشى ئاساسىدا يىللىقلار بويىچە تۈزۈلىدۇ. بۇ پىلانىنىڭ مەزمۇنلىرى شۇ مەكتەپنىڭ ۋە شۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىشى، ئۇيغۇن كەلمىگەن جايلىرى بولسا دەرس ئۆتۈش جەريانىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى لازىم. كالېندار پىلانى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك تۈزۈلسە بولىدۇ:

## تولۇق 2 - يىللىقلار ئۈچۈن ئەدەبىيات دەرسىدىن تۈزۈلگەن 2001 — 2002 - ئوقۇش يىلى بىر مەۋسۇملۇق كالېندار پىلانى

| ھەپتە | چېسلا ئاي | چېسلا كۈن | سائەت | ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ تېمىسى | تاپشۇرۇق | كۆرسەتمىلىك قورال |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 9<br>9 | 4<br>9 | 2<br>2 | ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرى | | |
| 2 | 9<br>9 | 11<br>16 | 2<br>2 | ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى — «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» | يەكەندىكى مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ نامىنى يېزىپ كېلىش | |
| 3 | 9<br>9 | 23<br>18 | 2<br>2 | تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرى<br>مەنزىرە ھەققىدە | | ماۋدۇنىنىڭ رەسىمى كۆرسىتىلىدۇ |
| 4 | 9<br>9 | 25<br>30 | 2<br>1 | نۇقتىلىق يېزىقچىلىق مەشقى (1) IX — XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مەدەنىي ھايات ۋە ئەدەبىيات | بىر پارچە لىرىك نەسر يېزىش | |
| 5 | 10<br>10 | 2<br>7 | 2<br>2 | ئوغۇزنامە<br>«ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە | لۇغەتنى يادلايدۇ ۋە چىرايلىق كۆچۈرىدۇ. | ئالىمنىڭ ئەسىرى ۋە رەسىمى كۆرسىتىلىدۇ |
| 6 | 10<br>10 | 9<br>14 | 1<br>2 | قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر: «چاشتانى ئىلىك بەگ»<br>«چاشتانى ئىلىك بەگ» داستانى ھەققىدە | لۇغەتنى يازىدۇ ۋە يادلايدۇ | |
| 7 | 10<br>10 | 16<br>21 | 2<br>2 | «ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى» دەلىللەشنىڭ ئۇسۇللىرى | | |
| 8 | 10<br>10 | 23<br>28 | 2<br>2 | نۇقتىلىق يېزىقچىلىق مەشقى ( I ) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى | | بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 9 | 10<br>11<br>11 | 30<br>4<br>4 | 2<br>1<br>1 | ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە<br>ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ | | ئالىمنىڭ ئەسە-<br>رى ۋە رەسىمى<br>كۆرسىتىلىدۇ |
| 10 | 11 | 6 | 1 | ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ: پەندى نەسىھەتلەر «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە | لۇغەتنى يادلايدۇ ۋە چىرايلىق يازىدۇ | |
| 11 | 11<br>11<br>11 | 13<br>13<br>18 | 1<br>1<br>2 | ئىنسان بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدە ئىكەنلىكى باياندا<br>ئۇلۇغ ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى<br>«ئەتە بەتۇل ھەقايىق» داستانى ئۈستىدە تەھلىل (پارچىلار) | لۇغەتنى يادلايدۇ ۋە كۆچۈرە-<br>دۇ | «ئەتەبەتۇل ھە-<br>قايىق» ناملىق<br>ئەسەر كۆرسە-<br>تىلىدۇ |
| 12 | 11<br>11 | 20<br>25 | 3<br>1 | «ماغدۇر كەتكەندە»، «سىناق مەيداندىكى لەتىپە» (ئۇقۇش) | | ئېلېكترلىك<br>ئېلېكترلىك |
| 13 | 11<br>12 | 27<br>2 | 2<br>2 | «سىناق مەيداندىكى لەتىپە»<br>نۇقتىلىق يېزىقچىلىق مەشقى (Ⅲ) | بىر پارچە ھېكايە يېزىش | |
| 14 | 12 | 9 | 2 | XⅢ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، مەۋلانە لۇغىتى، غەزەل | | |
| 15 | | | | غەزەل (لۇتفىنىڭ)<br>ئەلىشىر نەۋائى تىل ھەققىدە | ئانا تىل ھەققىدە بىر پارچە لىرىك نەسر يېزىش | نەۋائىنىڭ<br>رەسىمى،<br>«خەمسە» داس-<br>تانلار توپلىمى<br>كۆرسىتىلىدۇ |
| 16 | 12<br>12 | 18<br>23 | 2<br>2 | «پەرھات - شىرىن»<br>«خەسس» | | ئېلېكترلىك<br>ئەسۋاب (ئۈن-<br>ئالغۇ لېنتىسى) |
| 17 | 17<br>12 | 25<br>30 | 2<br>2 | پىلىۋشكىن<br>نۇقتىلىق يېزىقچىلىق مەشقى (Ⅳ) | بىر پارچە ھېكايە يېزىش | |

پىلان 17 ھەپتە، 68 سائەتلىك تۈزۈلدى. بايرام، دەم ئېلىش، ئەمگەك كۈنلىرىگە 3 ھەپتە زاپاس قالدۇرۇلدى ۋە بۇ ۋاقىت دەرس سائىتىدىن چىقىرىۋېتىلدى. تاپشۇرۇق 10 قېتىم (ئۇقتىلىق تاپشۇرۇق تۆت قېتىم، ئادەتتىكى تاپشۇرۇق ئالتە قېتىم) ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۆت تېكىست ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشقا نىشانلاندى.

پىلان تۈزگۈچى: ئابدۇراخمان (ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى).
تەستىقلىغۇچى: مۇھەممەت ئېلى (ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىرى).

كالېندار پىلانى تۈزگەندە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىشنى ئوبدان ئىشلەش لازىم. مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوقۇتۇشنى نىشانلىق تەشكىللەش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

2) ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى، دەرسلىكنى، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ۋە ھەربىر باسقۇچتىكى ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش كېرەك. ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇنىڭدىكى تەلەپلەرنى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، ئىزاھلارنى، كۆرسەتمىلەرنى، ئوقۇتۇشنىڭ پرىنسىپلىرىنى، قوشۇمچە چۈشەندۈرۈشلەرنى تەتقىق قىلىش لازىم.

3) دەرسلىكنى تەتقىق قىلىش كېرەك. يەنى ئۆتۈلۈۋاتقان شۇ دەرسلىكنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش دەرسلىك ئىچىدە تۇتقان ئورنى، شۇ دەرسلىكتىكى ئۆلگىلىك تېكىستلەرنىڭ قانداق تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، قايسى تېكىستنىڭ ئوقۇپ چۈشەندۈرۈلىدىغانلىقى، قايسى تېكىستنىڭ ئوقۇش ئۈچۈن بېرىلگەنلىكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش، ھەر قايسى

تېكىستلەر بويىچە دەرس ئۆتۈشتىكى مەقسەت، ھەربىر تېكىستتىكى مۇھىم نۇقتىلار، شۇ دەرسلىكتە بىلىم بېرىش خاراكتېرىدىكى قىسقا ماقالىلەردىن قانچىسى بارلىقى، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قايسى بىلىمنىڭ نۇقتىلىق بىلىم ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش لازىم.

4) شۇ مەۋسۇمدە قانچە قېتىم نۇقتىلىق يېزىقچىلىق مەشقى بارلىقى، قانچە قېتىم ئادەتتىكى تاپشۇرۇق بارلىقى قاتارلىقلارنى مۆلچەرلەپ، ماقالە تاپشۇرۇقى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، تاپشۇرۇقنىڭ قانچىسى دەرسخانىدا ئىشلىنىدۇ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، يازدۇرۇلىدىغان ماقالە بىلەن ئەدەبىي بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى زىچ ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

5) ئوقۇتۇش ئورنى، ئوقۇتۇش شەكلى، كۆرسەتمىلىك قورال قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق پىلانلاش، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيلىشىش مۇمكىنچىلىكىنى ھېسابقا ئېلىش، يوق نەرسىلەرنى تەييارلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

6) كالېندار پىلانىنى تۈزگەندە دەم ئېلىش، ھېيت - بايرام، ئەمگەك ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئالاھىدە ھېسابقا ئېلىش لازىم. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ۋاقتىمۇ ئەمەلىي ئوقۇتۇش ۋاقتىدىن چىقىرىۋېتىلىشى كېرەك.

كالېندار پىلانىنى ياخشى تۈزگەندە ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى تەلەپلەرنى تولۇق ئورۇندىغىلى، سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېممىسىدىكى يۈكنىڭ بەك ئېغىر ياكى بەك يېنىك بولۇپ قېلىشىدىن، مەۋسۇم ئاخىرىدا ۋاقىت يېتىشمەسلىكتىن ياكى ۋاقىت ئېشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى، ئوقۇتۇشنى تەييارلىق تولۇق بولغان، نىشان ۋە قاراتمىلىق ئېنىق بولغان، جەريان مۇكەممەل بولغان، قەدەم باسقۇچ پۇختا بولغان ئاساستا ياخشى يۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ.

## 3 . سائەتلىك پىلان تۈزۈش

سائەتلىك پىلان تۈزۈش ھەربىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك زۆرۈر قەدەم ۋە ئورۇنداشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپە. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى سائەتلىك پىلان تۈزۈش ئارقىلىق شۇ سائەتلىك دەرستە سۆزلەشكە تېگىشلىك مۇھىم مەزمۇنلارنى، دەرسنىڭ مۇھىم، قىيىن نۇقتىلىرىنى، ئۆتۈلىدىغان تېكىستنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە تىلىنى، شۇ دەرسنى مۇستەھكەملەشتە قانداق مەشىق، تاپشۇرۇقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىملىقىنى ھەمدە شۇ سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى ۋە باسقۇچلىرىنى بېكىتىدۇ. سائەتلىك پىلان تۈزگەندە تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

1 ) سائەتلىك پىلان تۈزۈشتىن بۇرۇن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى، يەنى دەرسلىكنى ئوبدان چۈشىنىش، ئەستايىدىل، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش زۆرۈر. بۇ، سائەتلىك پىلاننى ياخشى تۈزۈپ چىقىش - چىقالماسلىقنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل.

2 ) شۇ سائەتلىك دەرسنىڭ مۇھىم ھەم قىيىن نۇقتىلىرىنى ئېنىق، توغرا بەلگىلەش لازىم. ھەرقانداق بىر تېكىستتە ئومۇمىي مەزمۇن، ئومۇمىي بىلىملەردىن تاشقىرى، يەنە مۇھىم ئىدىيىۋى مەزمۇن، شۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىگە دائىر بىلىم بولىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە شۇ تېكىستنىڭ مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئوقۇغۇچىلار بىلمىسە بولمايدىغان نۇقتا دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشى ۋە چۈشىنىشى قىيىن بولغان نۇقتا سانىلىدۇ. تېكىستنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۆۋەندىكى ئىككى ئامىل ئاساسىدا بەلگىلەش لازىم:

(1) ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدىكى ئاساسىي ئىدىيىنىڭ نىمە

ئىكەنلىكىگە قاراپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىغا ھەمدە نۆۋەتتىكى مەركىزىي ۋەزىپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ بەلگىلەش كېرەك.

(2) تىل - ئەدەبىياتتىكى ئاساسىي بىلىم، ئاساسىي ماھارەتنى ئىگىلەشكە ئالاقىدار مۇھىم نۇقتىلارنى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇنىغا، شەكلىگە قاراپ ۋە شۇ تېكىستنىڭ شۇ دەرسلىكتە تۇتقان ئورنىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ بەلگىلەش لازىم.

تېكىستتىكى قىيىن نۇقتا تېكىستتىكى مۇھىم نۇقتا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاساسەن شۇ تېكىست سۆزلەنگەن ۋاقىتتا تېكىستنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيدىغان ۋە مۇرەككەپرەك بولغان تەرەپلىرىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

(3) شۇ سائەتلىك دەرسنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە قانداق قىلىپ زىچ بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە باش قاتۇرۇش لازىم. دەرسنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش دېگەنلىك، شۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، تىل - ئەدەبىيات سەۋىيىسى، ئوقۇش، يېزىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى قاتارلىقلارغا باغلاش دېگەنلىكتۇر.

(4) شۇ تېكىستنى قانداق چۈشەندۈرۈش، تاپشۇرۇق، كۆنۈكمىلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق ئىزدىنىش لازىم. «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە باشقا - باشقا ژانىردىكى ھەرخىل ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى يىللىقلارغا ئۆتۈلىدىغان ئەدەبىيات دەرسىنىڭ مەزمۇنى، ئۆتۈلىدىغان ۋاقتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىرلا خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قارا - قويۇق قوللىنىۋېرىشكە بولمايدۇ. شۇڭا، ئوخشاشمىغان مەزمۇنلارنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا، ئۇنى سائەتلىك پىلاندا ئېنىق كۆرسىتىشكە توغرا

كېلىدۇ.

سائەتلىك پىلان پرىنسىپ جەھەتتىن تەشكىللەش، تەكشۈرۈش، ئائىلە تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق باسقۇچلار بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

تەشكىللەش — ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن بۇرۇن تەييارلىق كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش باسقۇچى. ھەرقانداق دەرستە تەشكىللەش بولىدۇ، تەشكىللەش دەرستىن بۇرۇنلا ئەمەس، پۈتكۈل دەرس جەريانىدىمۇ بولىدۇ.

تەكشۈرۈش — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلگىرى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش باسقۇچى. بۇنىڭدا يېڭى بىلىم بىلەن كونا بىلىمنىڭ باغلىنىشلىقىنى كۈچەيتىش، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى مۇستەھكەملەپ كېلىش ۋە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئائىلە تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا ئۆگەنگەنلىرىنى تېخىمۇ پىششىقلىۋېلىشى ئۈچۈن يازما ياكى ئاغزاكى تاپشۇرۇقلارنى بېرىش، تاپشۇرۇق ئىشلەشنىڭ تەلىپىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، سائەتلىك ئوقۇتۇش پىلانى تۈزگەندە شۇ سائەتتە ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ تەلىپىنى ياخشى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. سائەتلىك پىلان تۆۋەندىكىدەك تۈزۈلسە بولىدۇ:

# تولۇق 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن ئەدەبىيات دەرسىدىن سائەتلىك پىلان ۋە دەرس تەييارلىقى

| | |
|---|---|
| تەكرارلاش سوئاللىرى | ئۆتكەن يىلقى ئۆگىنىشتىن خۇلاسە قىلىش، يېڭى كىتاب بىلەن ئۇقۇتۇش |
| يېڭى دەرسنىڭ ماۋزۇسى | « ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» (لۇشۈن) |
| ئوقۇتۇش مەقسىتى | بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىمنى مۇستەھكەملەش |
| تەلەپ | پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلالايدىغان ۋە يازالايدىغان بولۇش |
| كۆرسەتمىلىك قورال | دەرسلىك كىتاب |
| ئوقۇتۇش ئۇسۇلى | تۆت سۆزلۈك |
| ئوقۇتۇش جەريانى | 1 ـ سائەتتە: تېكىست ئوقۇلىدۇ.<br>2 ـ سائەتتە: تېكىست تەھلىل قىلىنىدۇ.<br>3 ـ سائەتتە: خۇلاسە قىلىنىدۇ.<br>4 ـ سائەتتە: چۈشەنچە مۇستەھكەملىنىدۇ. |

| مۇھىم نۇقتا | مەركىزىي ئىدىيىسىنى بىلدۈرۈش |
|---|---|
| قىيىن نۇقتا | پېرسوناژلارغا باھا بېرىش ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىش |
| مۇستەھكەملەش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى | روھىي غالىبىيەتچىلىك، مىللىي زەئىپلىك، سۈكۈت قىلىش، مۇرەسسەچىلىك ۋە ئۆزىنى كېسەل بولماسلىق قاتارلىق سۆزلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىدا مۇستەھكەملەش ئېلىپ بېرىلىدۇ |
| تاپشۇرۇق | بۇ پوۋېستنى دەرستىن سىرت تولۇق ئوقۇپ چىقىش |
| دەرس تەييار-لىغۇچى | ھاۋاخان ئابدۇللا |
| پىلان تۈزگۈچى | ھاۋاخان ئابدۇللا |
| ئىزاھات ۋە گۇرۇپپا باشلى-قىنىڭ تەستىقى | |

# يېڭى دەرسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

1. بۇ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

«ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسەردە ئويغانمىغان، نامرات دېھقان ئاQ نىڭ ئىنقىلابقا ئىنتىلىشى، لېكىن ئىنقىلاب قىلىشقا يول قويۇلمىغانلىقى، ئاخىرىدا ئىنقىلابىي پارتىيە ۋىۋىسكىسىنى ئېسىۋالغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدەك پاجىئە تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، فېئودال كۈچلەرنىڭ ياۋۇزلۇقى، مەككارلىقى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلانغان، كونا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن روھىي غالىبىيەتچىلىك ھەمدە بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مۇرەسسەچىلىكى، ئۆزۈل - كېسىل بولمىغانلىقى قاتتىق تەنقىد قىلىنىدۇ.

2. ئاQ قانداق ئوبراز؟

ئاQ كونا جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان، خارلانغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، تېخى ئويغانمىغان، روھىي غالىبىيەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان نامرات دېھقانلارنىڭ تىپى.

3. ئاQ نېمە ئۈچۈن باشتا ئىنقىلابچىلارنى ئۆچ كۆرەتتى؟ كېيىن نېمىشقا ئۇلارغا زوقلاندى؟ ئاQ نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلماقچى بولدى؟ كىملەر ئۇستىدىن ئىنقىلاب قىلماقچى بولدى؟ ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلماقچى بولۇشى ئۆز خاراكتېرىگە ماس كېلەمدۇ؟

ئاQ دەسلەپتە ئىنقىلابچىلارمۇ ئىسيانچىلارغا ئوخشاش دەپ قارايتتى. ئىسيانچىلار بولسا ئاQ غا ياقمايتتى، شۇڭا ئاQ ئىنقىلابچىلارنى ئۆچ كۆرەتتى ۋە ئۇلارغا قارشى ئىدى. لېكىن ئاQ پۈتۈن ۋېيجۇاڭغا تونۇشلۇق بولغان جۈيرېن جانابىنىڭ ئىنقىلابچىلاردىن شۇنچە قورقۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ،

ئىنقىلابچىلارغا بىر ئاز زوقلانغان ۋە قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولغان.
ئاQ جۇيرېن، ئەجنەبىي شەيتان، جاۋ بېگىم قاتارلىقلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان. ئاQ نىڭ ئىنقىلاب قىلماقچى بولۇشى ئۆز خاراكتېرىگە ماس كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرى — روھىي غالىبىيەتچىلىك، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، كۈچلۈكلەردىن قورقۇش، ھەممىگە بىپەرۋا قاراش، تولا ئۇنتۇپ قېلىش. دېمەك، بۇنداق خاراكتېردىكى ئادەم ئىنقىلاب قىلالمايدۇ.
ئىنقىلاب قىلىش ئاQ نىڭ شۇ چاغدىكى سىنىپىي ئورنىغا ماس كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ چاغدىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ خورلىشىغا، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغان، شۇڭا ئۇ بۇ جەمئىيەتكە ئۆچ. ئۇنىڭ شۇ جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە بولۇش ئارزۇسى بار. ئەجنەبىي شەيتان ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىشىغا يول قويمىغاندا، ئۇ ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ ۋە ئۈمىدسىزلىنىدۇ.
4. لۇشۈن «ئاQ نى يېزىشتىكى مەقسىتىم مۇشۇنداق سۈكۈت قىلىدىغان مىللىي روھنى سۈرەتلەش، مىللىي زەئىپلىكنى ئاشكارىلاش ئىدى» دەيدۇ. بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟
بۇ ئىككى جۈملە سۆزدە جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ئويغانمىغانلىقى ۋە روھىي غالىبىيەتچىلىك ئىدىيىسى تەنقىد قىلىنغان.
5. نېمە ئۈچۈن جۇيرېن جاناب قاتارلىقلار شىنخەي ئىنقىلابىدىن قورقۇشتىن ئۆزگىرىپ، ئىنقىلابتا پۇرسەتپەرەسلىك قىلالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاQ نىڭ ئىنقىلاب قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؟
جاۋ ئائىلىسىدىكى ئاتا ـ بالا جۇيرېن جاناب، ئەجنەبىي

شەيتان قاتارلىقلار دەسلەپتە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە دەخلى يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ ئىنقىلابتىن قورققان. كېيىن ئىنقىلابنىڭ مۇرەسسەچىلىكى ۋە ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنقىلابتا پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان. ئا Q ئويغانمىغان، قورقۇنچاق، خارلانغان، نامرات دېھقان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىشىغا يول قويمىغان.

6. تېكىستتىكى بىر قاتار تەپسىلاتلار قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ شۇ چاغدىكى جەمئىيەت شارائىتى ۋە كەيپىياتىنى ئىپادىلەشتە قانداق رولى بار؟

تېكىستتە كىيىم - كېچەك ساندۇقلىرىنىڭ ساقلاپ بېرىشكە قويۇلۇشى، پىتنە - پاساتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، خەت - چەك ئالاقىسى، ئۆرۈم چاچنىڭ ئوخشاشمىغان ئۇسۇلدا تۈگۈلىشى ھەمدە ھۆرىيەتچىلەر ئىزنىكىنىڭ تېگى - تەكتى ۋە ئۇنى تاقاش قاتارلىق تەپسىلاتلار ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ پائالىيىتى، سۆزى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرىگە تەبىئىي سىڭدۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ تەسۋىرلەر شۇ چاغدىكى جەمئىيەت شارائىتى ۋە كەيپىياتىنى جانلىق، كۆپ تەرەپلىمە قايىل قىلارلىق ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

7. تېكىستتىكى ھەجۋىي قىلىش ئۇسۇلىنىڭ رولىنى سۆزلەپ بېرىڭلار؟

تېكىستتە ئاپتور ھەجۋىي قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، سەلبىي پېرسوناژلارنى قاتتىق قامچىلىغان، بولۇپمۇ ئاQ نىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى قاتتىق كۈلكە ئاستىغا ئېلىپ مەسخىرە قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان، ئۇنىڭ يارىماس تەرەپلىرىنى سۆككەن.

# ئۈچىنچى باب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەت - چەكلەر ئوقۇتۇشى

## §1 . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئانىسى، ئۇ تەسەۋۋۇر ۋە تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، چۈشىنىشلىكلىكى، ئوبرازلىقلىقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ رەڭدارلىقى، ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىقلىقى بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تەۋەررۈك بولۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخىنىڭ ئوبرازلىق گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ، ئەتىۋارلىنىپ كەلمەكتە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى فولكلورنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۈگۈنكى ۋە قەدىمكى پارلاق مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى يارىتىش داۋامىدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى، تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشلىرى، ئىلاھقا بولغان سېغىنىش، چوقۇنۇشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتى، كەلگۈسى ھەققىدىكى غايە ۋە تەسەۋۋۇرلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، مۇھەببەت، ۋاپا توغرىسىدىكى ئىستەكلىرى قاتارلىقلار گۈزەل تىل ۋە قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

### 1 . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كوللېكتىپچانلىق، ئۆزگىرىشچانلىق، ۋارىسچانلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى ئۇنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. چۈنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىرەر شەخسكە تەۋە بولماستىن، ئەمگەكچى خەلققە مەنسۇپ. ئۇنىڭ ئاپتورى بىرەر شەخس ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ.

2. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى

ئۆزگىرىشچانلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر خىللا تۇرماستىن، شۇ دەۋرگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزگىرىپ، بېيىپ بارىدۇ. كىشىلەر ئۇنى ئۆز كەچۈرمىشى ياكى ئارزۇسى بويىچە بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگەرتىدۇ، بېيىتىدۇ.

3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىسچانلىقى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي ساقلىنىپ كېلەلىشى ئۇنىڭ ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى بىلەن تۈگەپ قالماستىن، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مەڭگۈ بايلىق سۈپىتىدە قالىدۇ.

## 2. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت ۋە تەلەپ

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن لەتىپە، مەسەل، تېپىشماق، داستان، چۆچەك ۋە قوشاق قاتارلىق تۈرلەردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ئاساستا ئۈلگىلىك تېكىستلەر بېرىلگەن، ئوقۇتقۇچى بۇ تېكىستلەرنى تەھلىل قىلىپ دەرس ئۆتكەندە مۇئەييەن مەقسەت ۋە تەلەپنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئاندىن ئوقۇتۇشقا كىرىشىشى لازىم، بولمىسا ئوقۇتۇش

پروگراممىسىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت — ئوقۇغۇچىلارغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزدا تۇتىدىغان ئورنى، تۈرلىرى، خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى رولى، شەكلى قاتارلىقلار ھەققىدە نەزەرىيىۋى بىلىم بېرىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن دەرسكە ئەتراپلىق، پۇختا تەييارلىق قىلىش، ھەرگىز «سەل قاراش» پوزىتسىيىسىدە بولماسلىق لازىم.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدىكى تەلەپ — ئوقۇغۇچىلارنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، تەھلىل قىلالايدىغان، ئۇنىڭدىكى ھېكمەت ۋە مەزمۇنلارنى چۈشىنەلەيدىغان، توپلاپ رەتلەشكە قىزىقىدىغان ۋە ئادەتتىكى خەلق قوشاقلىرىنى تەقلىدىي ئاساستا يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش. بۇ تەلەپنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەمەلىي مەشىققە ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىقىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىشلىتىلگەن سۆز - ئىبارە، ماقال - تەمسىل، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قاتارلىقلارنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش، ماقالە - ئەسەر يازغاندا ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئەسەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەخلاق، تۇرمۇش تەربىيىسى بېرىش لازىم.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، شەكلى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىمۇ مۇئەييەن پەرق بولىدۇ.

## 3. چۆچەك ۋە چۆچەك ئوقۇتۇشى

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، ھەرخىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى تونۇشى، تەسىراتلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى فانتازىيىلىك ئاساستا كۈلكىلىك ھەم قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەلق ئېغىز ئىجادىي ھېكايىلىرى چۆچەك دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە چۆچەك ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ، چۆچەكنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. چۆچەكنىڭ رېئال ئاساسى كۈچلۈك بولۇش بىلەن بىرگە، رومانتىكىلىق ۋە فانتازىيىلىك ئامىللىرىمۇ ناھايىتى قويۇق بولىدۇ.

چۆچەكلەر مەزمۇن جەھەتتىن رېئالىستىك چۆچەك (ھەجۋىي چۆچەك)، خىيالىي چۆچەك، بالىلار چۆچىكى، ھايۋانات توغرىسىدىكى چۆچەك قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ؛ شەكىل جەھەتتىن نەسرىي چۆچەك، شېئىرىي چۆچەكلەرگە بۆلۈنىدۇ.

چۆچەك ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايان قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

چۆچەك ئوقۇتۇشىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئۆتۈلمەكچى بولغان چۆچەكنىڭ تېكىستىنى ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم. ئوقۇتقۇچى چۆچەكنى دەرسخانىدا ئوقۇپ بەرسىمۇ، ياخشى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتسىمۇ ياكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۆچەكنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىنى دەرسخانىدا قىسقارتىپ بايان قىلدۇرۇپ مۇستەھكەملىسىمۇ بولىدۇ.

2) چۆچەكنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا چۆچەكتىكى يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈش، يەنى لۇغەت مەنىسى بىلەن ئىستېمال مەنىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش لازىم.

3) چۆچەكنى تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش كېرەك. چۆچەكتىكى رېئالىستىك ۋە خىيالىي ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ، چۆچەكنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش لازىم. چۆچەكنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلغاندا ئابزاس، قىسىملارغا بۆلۈپ تەھلىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ، تىل، پېرسوناژ، سۇژىت، كومپوزىتسىيە قاتارلىق ئامىللارنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

4) چۆچەككە سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىنى ئىخچام خۇلاسە قىلغاندا ئەسەر ۋەقەلىكىدىن ئايرىۋېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا «قۇيۇپ» قويۇشقا بولمايدۇ.

چۆچەك ئوقۇتۇشىدا نوقۇل ئوقۇتقۇچىنىڭ لېكسىيە قىلىشى پايدىسىز، چۈنكى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىققىتىنى ئۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ.

## 4. تېپىشماق ۋە تېپىشماق ئوقۇتۇشى

تېپىشماق — ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سىمۋوللاشتۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىپ مەلۇم بىر شەيئىنىڭ خاراكتېرى، تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكىللىنىشى، ئىشلىتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى بىلەن بولغان تونۇشلۇقىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تۈر.

تېپىشماقتا تېپىلىدىغان شەيئىنىڭ بىر قانچە بەلگىلىرى

ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن بېرىلىدۇ، كىشىلەر ئەنە شۇ بەلگىلەرنى چۈشىنىش ئارقىلىق تېپىلىدىغان نەرسىنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە ئوقۇتۇش تەلىپى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ بىر قىسىم تېپىشماقلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ تېپىشماقلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىملىرىنى تولۇقلاش، تەپەككۇر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئەقىل - پاراستىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئوقۇتقۇچى تېپىشماقلاردىن دەرس ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغاپ، پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

تېپىشماقلار شېئىر شەكلىدىمۇ، ماقال - تەمسىل شەكلىدىمۇ، نەسرىي شەكىلدىمۇ، بەزىدە مەلۇم سان شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. تېپىشماق ئوقۇتۇشىدا تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىش لازىم:

1) ئوقۇغۇچىلارغا تېپىشماقنى قايتا - قايتا ئوقۇتۇش، شېئىرىي تېپىشماقنى شېئىر ئوقۇش قائىدىسى بويىچە ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلدۇرۇش لازىم.

2) تېپىشماقنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شەيئىلەرنىڭ قايسى تەرىپى ئېنىق بېرىلگەن؟ ئۇ نېمىگە ئوخشايدۇ؟ بۇ نەرسە ئارقىلىق نېمىنى تاپىمىز؟ دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى كاللا ئىشلىتىشكە يېتەكلەش لازىم. مەسىلەن:

ئاجايىپ بىر جانۋار،
ھەممە ئۆيدىن تېپىلار.
تېپىپ قويساڭ پىرقىراپ،
مېڭىپ كېتەر غىڭقىراپ.
بىلمەس ئاغرىق - سىلاقنى،

يېقىن قىلار يىراقنى.

بۇ تېپىشماقنى سۆزلىگەندە تەسۋىرلەنگەن بۇ تېكىست بىز بىلىدىغان قايسى شەيئىگە ئوخشايدۇ؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ، يوشۇرۇن ئوبيېكتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئېنىقلاپ، ئوقۇغۇچىلارنى جاۋاب تېپىشقا يېتەكلەش لازىم.

3) ئوقۇغۇچىلار تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تاپقاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى خۇلاسىلەپ بېرىشى كېرەك.

## 5. لەتىپە ۋە لەتىپە ئوقۇتۇشى

لەتىپە — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كىشىلىك ئەخلاققا، ئادەت ـ قائىدىلەرگە زىت بولغان ناچار خاھىشلارنى ۋە ئەخمىقانە ئىشلارنى ئۆتكۈر ھەجۋىي ۋە يۇمۇرىستىك تىل ئارقىلىق مەسخىرە قىلىدىغان، كىشىلەرنى تەربىيىلەش رولى ناھايىتى چوڭ بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى.

لەتىپىلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن، تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كۆپىنچىسى نەسىرىدىن ئەپەندى نامىغا مۇجەسسەملەنگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان نەسىرىدىن ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈرەشچان روھى بىلەن باتۇرانە جاسارىتىنى، ئۆتكۈر زېھنى بىلەن يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنى، قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن كۈچلۈك نەپرىتىنى، ئاق كۆڭۈل، خۇشچاقچاق، ئادالەتپەرۋەر خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۆلمەس ئوبرازدۇر. بۇ ئوبراز ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈچلۈك قورالى، ئۆتكۈر قامچىسى، دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە ئەسىرلەردىن بېرى خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە.

نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا زالىم پادىشاھلار، ئاچ كۆز

بەگلەر، پارىخور قازىلار، جازانىخورلار پاش قىلىنىپلا قالماستىن، هازىرقى جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ناتوغرا ئىستىللارمۇ مەسخىرە قىلىنىدۇ. نەسرىدىن ئەپەندى ئوبرازى بەزىدە ئادىل، ئەقىللىق، چېچەن ئادەملەر سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ، بەزىدە نادان، ئەخمەق كىشى قىياپىتىدە كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ، خەلقنى تەربىيىلەيدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى ئاستىدا موللا زەيدىن، سەلەي چاققان قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى.

لەتىپىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىخچام بولىدۇ، بەدىئىي زوق بېرىش كۈچى ئاخىرقى يېشىمىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىتى ئاددىي بولغانلىقتىن، ئەستە تۇتۇشقا ۋە باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشكە ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان بىر قىسىم لەتىپىلەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. لەتىپە ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش، سۆزلەش، ئەستە تۇتۇش، پىكىر قىلىش، يېزىش ۋە ئوقۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى، ئوقۇغۇچىلارنى تېتىك، روھلۇق، جۇشقۇن قىلىپ تەربىيىلەشكە ئىمكانىيەت هازىرلىغىلى، ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە، ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا لەتىپىلەردىن دەرس ئۆتكەندە تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1) قايتا ـ قايتا ئوقۇش: بەزى لەتىپىلەرنى ئوقۇغۇچىلار بىر قېتىم ئوقۇش بىلەنلا چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭا مەزمۇنى مۇرەككەپرەك لەتىپىلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى ئاۋۋال دىئالوگلارنى پەرقلەندۈرگەن ئاساستا ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىشى لازىم.

شۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ لەتىپىلەرنىڭ مەزمۇنىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

2) قايتا بايان قىلدۇرۇش: لەتىپىنىڭ مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا قايتا بايان قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇتۇق قابىلىيىتىنى ۋە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

3) ئوقۇپ كېلىشكە تاپشۇرۇش: ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى ئاڭلىغان بىرەر لەتىپىنى ئوقۇپ كېلىشكە بۇيرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ.

4) ئىزاهات بېرىش: تۆۋەن يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا لەتىپە مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان يېڭى سۆزلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، ئۇ سۆزلەرنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىنى، ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئىزاهلاپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارغا نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ «قارىغۇ هاكىم» دېگەن لەتىپىسىنى چۈشەندۈرگەندە، بۇ پەقەت هاكىم بىلەن ئەپەندى ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولماستىن، دۇمبىسى ئاز - تولا ئاپتاپ كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆڭگە ئېرىشىپلا يار - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇش، كۆزگە ئىلماسلىقتەك ناچار تەرەپلىرىگىمۇ ماڭىدۇ، دەپ چۈشەنچە بېرىش، «دۇمبىسى ئاپتاپ كۆرمەك» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى، ئىشلىتىلىش ئورنىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

5) خۇلاسە قىلىش: ئوقۇغۇچىلار لەتىپە مەزمۇنىنى چوڭقۇر، مۇكەممەل ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئىجتىمائىي رېئاللىققا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا خۇلاسىلەپ بېرىشى كېرەك.

ئەگەر ئوقۇغۇچىلار نەسرىدىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققان قاتارلىقلار هەققىدە سوراپ قالسا، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن قىسقىچە چۈشەنچە بەرسە بولىدۇ.

## 6. مەسەل ۋە مەسەل ئوقۇتۇشى

مەسەل — ئەخلاقىي تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان ۋە ھەجىۋىي تۈستە ئوبرازلاشتۇرۇلغان كىچىك شېئىرىي ئەسەر ياكى نەسرىي ئەسەر.

مەسەلدە كۆپىنچە تۇرمۇشتىكى ناچار خاھىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ مەسخىرە قىلىنىدۇ. مەسەلدە ئوتتۇرىغا چىققان پېرسوناژلار ئۇچار - قۇشلار، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ ۋە ھايۋانلاردەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلار ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئالغان بولىدۇ.

مەسەلنىڭ سۇژىتى ئاددىي، قۇرۇلمىسى ئىخچام، تىلى ئۆتكۈر بولىدۇ. مەسەل كىشىلەرنى يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ياخشىلىقنى ياقلاشقا يېتەكلەيدۇ، باشقا ئەدەبىي ژانىرلارغا قارىغاندا مەسەلنىڭ تەربىيىلەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە مەزمۇنى ساغلام، چوڭقۇر، شەكلى كۆپ خىل مەسەللەر كىرگۈزۈلگەن. مەسەل ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا مۇھەببەت ۋە نەپرەت كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. مەسەللەردىن دەرس ئۆتكەندە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش كېرەك:

1) ئوقۇغۇچىلارغا مەسەلدە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ۋەقە - ھادىسىلەر، ئىنسان خاراكتېرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر ھايۋانلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە كۆچۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ، مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2) ئوقۇغۇچىلارغا مەسەلنى چۈشەندۈرگەندە قىسقا - قىسقا

مۇھاكىمە سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن، ئېزوپنىڭ «پاشا بىلەن شىر» دېگەن مەسەلىنى سۆزلىگەندە، ئوقۇغۇچىلارغا «شىر شۇنچە ۋەھشىي، كۈچلۈك يىرتقۇچ ھايۋان تۇرۇپ نېمىشقا پاشىغا يېڭىلىپ قالدى؟» دېگەن سوئال قويۇلسا، ئوقۇغۇچىلار بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈپ، شىر ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىشنى بىلگەن بولسىمۇ، پەم - پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنى بىلمىگەن ياكى ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىپ كېتىپ ئاجىز دۈشمەنني سەل چاغلىغان، دېگەن يەكۈننى چىقىرىشى مۇمكىن. ئوقۇتقۇچى جاۋابىنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا «پاشا شۇنداق چوڭ ھەم يىرتقۇچ ھايۋاننى يېڭىپ، نېمىشقا كىچىككىنە ئۆمۈچۈككە يەم بولدى» دېگەن يەكۈننى چىقىرىپ بېرىشى لازىم ۋە شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ «ساۋاقداشلار، ئازراق غەلىبە ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ، كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىكەن؟» دېگەن سوئال ئاساسىدا، ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشى كېرەك.

3) مەسەلدىن دەرس ئۆتكەندە ئۇنىڭدىكى ئاللېگورىيىلەشتۈرۈش، جانلاندۇرۇش ۋە باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى مىسال بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش لازىم.

## 7. خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى ئوقۇتۇشى

ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئاغزاكى يارىتىلغان، مۇكەممەل شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، شەكلى ئاددىي، تىلى يېقىملىق، ھېسسىياتلىق، يېنىك شېئىرلار خەلق قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك

ئىجتىمائىي كۈرەشلىرى، سىياسىي كۈرەشلىرى، مۇھەببەت، نىكاھ، دوستلۇق، ئەخلاق، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ مول بەدىئىي تارىخىدۇر. قوشاق مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، ئاممىباب ۋە جانلىقلىقى بىلەن زامان - زامانلاردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ مول مەنىۋى ئوزۇقى بولۇپ كەلدى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلدى، بېيىدى ۋە تولۇقلاندى.

خەلق قوشاقلىرى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، مەلۇم دەۋر رېئاللىقىنى ئىخچام، جانلىق ئەكس ئەتتۇرەلەيدۇ. مەسىلەن، «كۆچ - كۆچ» قوشىقىدىكى:

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
خەقنىڭ يۇرتىدا يۈرۈپ،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

دېگەن مىسرالاردا رۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، باشقا يۇرتقا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھ - زارلىرى ئىپادىلەنگەن. يەنە مەسىلەن:

مەن ئۆزەم نامرات يىگىت،
بالىلىرىمنىڭ ئەڭلى يوق.
ئالتە تامدىن ئۇن تىلەپ،
ئەلگەكنى تاپسام تەڭنە يوق.

بۇ قوشاقتا ئالۋان - ياساق، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ كېتىۋاتقان خەلقنىڭ ياشاشقا ئامالسىز قېلىشتەك ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۈلگەن.

تولۇقسىز 1 - يىللىقنىڭ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن قوشاقلار مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي

قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. خەلق قوشاقلىرىدىن دەرس ئۆتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم:

1) قوشاقتا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قوشاق ئىجاد قىلىنغان دەۋرنى توغرا ئېنىقلاپ، قوشاقنىڭ ئىدىيىۋى تارىخىي مەزمۇنىنى ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىت بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش لازىم. مەسىلەن:

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىملارنىڭ قامچىسى،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسە لىغىرلايدۇ.
زالىملارنى كۆرگەندە،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

بۇ قوشاقتا كونا جەمئىيەتتە ياشىغان خەلقنىڭ ھەرخىل يول بىلەن ھاشارغا تۇتۇلۇپ، بەگ، دورغىلار تەرىپىدىن دەھشەتلىك ئېزىلگەنلىكى، بەگ ـ غوجىلارنىڭ خەلقنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ، ئەمگەكچى خەلقنى قۇل ئورنىدا ئىشقا سالغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2) خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش لازىم. خەلق قوشاقلىرى ئاددىيدەك تۇرغىنى بىلەن ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. كۆپ خىلدىكى قوشاقلاردا رېئالىزم بىلەن ئىلغار رومانتىزم زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوبرازلىق

تىل، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ۋە رومانتىزملىق ئامىللارنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈش لازىم. مەسىلەن:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۈتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم،
پىيالەڭدە چاي بولۇپ.
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

يۇقىرىدىكى قوشاقتا گۈزەل ئوخشىتىش، يۇكسەك مۇبالىغە ۋە رومانتىك ئارزۇ ۋايىغا يەتكەن. يەنە ئالايلۇق:

ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك،
ئاناڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك.
قەپەسنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەكلىك.

ئۇچۇپ ئاسمانغا چىققاندا،
لاچىن سوقسۇن سېنى كەكلىك.
ئېقىپ دەرياغا چۈشكەندە،
بېلىق يۇتسۇن سېنى كەكلىك.

بۇ قوشاقتا رېئالىزم بىلەن رومانتىزم زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. بىرىنچى كۇپلېتتا بىر بۇۋاپانىڭ ھەمرىيىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىدەك رېئال ھادىسە تەسۋىرلەنگەن، ئىككىنچى كۇپلېتتا تاشلىنىپ قالغۇچىنىڭ بۇۋاپاغا بولغان رومانتىك ئارزۇسى، نارازىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئوقۇغۇچىلارغا قوشاقلارنىڭ يۇقىرىقىدەك بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئىپادىلەش سەنئىتىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، مەزمۇنغا بىرلەشتۈرۈپ ئەخلاقىي تەربىيە بەرگىلى بولىدۇ.

3) ئوقۇغۇچىلارغا خەلق قوشاقلىرىنى كۆپ ئوقۇش، تەقلىد قىلىپ يېزىش توغرىسىدا تاپشۇرۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېزىش، ئوقۇش، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش لازىم.

## § 2 . خەت ـ چەكلەر ئوقۇتۇشى

### 1. خەت ـ چەكلەر ئوقۇتۇشى ھەققىدە چۈشەنچە

خەت ـ چەكلەر خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە قوللىنىلىدىغان مۇھىم ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت قورالى. بىز كۈندىلىك ئىشلىرىمىزدا بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىمىز. خەت ـ چەكلەرنىڭ ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ خىزمىتىدە ۋە شەخسلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئوينايدىغان رولى ناھايىتى چوڭ.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم خەت ـ چەكلەر كىرگۈزۈلگەن. بەزى ئوقۇتقۇچىلار خەت ـ چەكلەرنى ئاددىي تۇر دەپ قاراپ، خەت ـ چەكلەر ئوقۇتۇشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، ھەتتا ئوقۇتۇشقا سەل قارىغانلىقنىڭ ئىپادىسى. خەت ـ چەكلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا، خەت ـ چەكلەرنى مۇھىم تېكىستلەر قاتارىغا قويۇپ، خەت ـ چەكلەر ئوقۇتۇشىغا جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم.

خەت ـ چەكلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ،

خىللىرىمۇ كۆپ. خەت - چەكلەر ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قوللىنىلىش جەريانىدا قېلىپلىشىپ، تۇراقلىشىپ، مۇھىم شەكىل ئالغان. خەت - چەكلەرنىڭ يېزىلىش شەكىللىرىنى ئۆگىنىۋېلىش ئانچە قىيىنمۇ ئەمەس. خەت - چەكلەرنىڭ يېزىلىشىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شەكلىنى، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، شۇنداقلا خەت - چەكلەرنى يېزىشتا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەرنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش زۆرۈر. مۇھىمى مېغىزلىق بولۇش، دېمەكچى بولغان مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش، يېزىلغان خەت - چەكلەرنى باشقىلار بىر كۆرۈش بىلەنلا مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايدىغان بولۇشنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىش كېرەك.

## 2. خەت - چەكلەر ئوقۇتۇشىدىكى بىر قانچە مەسىلە

1) خەت - چەكلەرنىڭ خاراكتېرى، رولى، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەك. خەت - چەكلەر ئۈستىدە توختالغاندا، مەسىلەن، ئۇقتۇرۇش ھەققىدە توختالغاندا، ئۇقتۇرۇشنىڭ دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى خەت - چەكلەرنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى، يۇقىرىدىن بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى بىرەر ئىشنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ياكى كىشىلەرگە بىلدۈرۈشكە توغرا كەلگەندە چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئوقۇغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇشنىڭ شەكلى ۋە يېزىلىش ئۇسۇلىنى توغرا ئىگىلىتىپ، خەت - چەكلەرگە ئائىت ساۋاتلارنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈشكە پايدىلىق.

2) خەت - چەكلەردە يېزىلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ تەرتىپىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، ئادەتتىكى ئۇقتۇرۇشلارنى يازغاندا، بىرىنچىدىن، «ئۇقتۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ ماۋزۇ

قىلىپ يېزىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇقتۇرۇلىدىغان ئىش ناھايىتى جىددىي بولسا، «جىددىي ئۇقتۇرۇش» دېگەن سۆز ماۋزۇ قىلىنىپ يېزىلىپ، ئۇقتۇرۇش قىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ دىققىتى قوزغىتىلىدىغانلىقىنى، ئۇقتۇرۇشنى ئېنىقراق يېزىشقا توغرا كەلسە، ئىككىنچى قۇرغا ئۇقتۇرۇش قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئىسمى يېزىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇقتۇرۇشنىڭ قېتىم سانىنى ئەسكەرتىش توغرا كەلسە، «ئۇقتۇرۇش» ياكى «جىددىي ئۇقتۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ ئوڭ تەرىپىگە نومۇر قويۇلىدىغانلىقىنى، مۇنداق قىلىش تىزىملاپ تەكشۈرۈش ۋە ساقلاش ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، باش قۇردىن باشلاپ ئۇقتۇرۇلىدىغان ئىشنىڭ مەزمۇنى — ئۇقتۇرۇش قىلىنغۇچى تەرەپنىڭ قانداق ئىشنى، قايسى ۋاقىتتا، قەيەردە، قانداق ئورۇندىشى قاتارلىقلار ئوچۇق يېزىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇقتۇرۇلىدىغان ئىشلار كۆپرەك بولسا، ماددىلارغا بۆلۈپ يېزىلسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇقتۇرۇش چىقارغان ئورۇننىڭ ياكى شەخسنىڭ نامى، ئىسمى يېزىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش؛ تۆتىنچىدىن، ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغان ۋاقىت (يىل، ئاي، كۈن) ئېنىق يېزىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش؛ بەشىنچىدىن، بەزى ۋاقىتلاردا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ياكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىللە ئۇقتۇرۇش قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى شەخسكە ئەۋەتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، بۇنداق چاغلاردا «××× ماتېرىيال قوشۇمچە قىلىندى» دەپ يېزىپ، ئەھۋال ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇلىدىغانلىقىنى، ئۇقتۇرۇشنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تامغا چاپلاشقىمۇ، دوسكىغا يېزىشقىمۇ، بېسىپ تارقىتىشقىمۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىشقىمۇ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

3) خەت - چەكلەرنىڭ مۇقىملاشقان شەكلى، ئۆزىگە خاس مەزمۇن تەرتىپى بولىدىغانلىقىنى، خەت - چەكلەرنى يېزىشتا ھەر كىمنىڭ ئۆزى خالىغانچە شەكىل يارىتىۋېلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى، خەت - چەكلەرنى قانداق يېزىشنى كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكرار ئەسكەرتىش لازىم.

4) خەت - چەكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، يېزىلىش ئۇسۇلىنى كونكرېت سۆزلەش لازىم. خەت - چەكلەرنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن مىسال كەلتۈرۈپ، يېزىلىش ئۇسۇلىنى ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرگەندىن تاشقىرى، پەرقىنى ۋە ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش لازىم.

5) خەت - چەكلەر تىل جەھەتتىن ئىمكانقەدەر چۈشىنىشلىك، ئاددىي، ئىخچام بولۇشى كېرەك. خەت - چەكلەردە مەقسەت ئېنىق، تولۇق سۆزلەنسىلا كۇپايە، ھەرخىل تەسۋىرنىڭ بولۇشى ھاجەت ئەمەس. لېكىن، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا، ئېلانلاردا بۇ خىل رامكا بۇزۇپ تاشلاندى، بۇمۇ خاتا ئەمەس. سالام خەتلەردە ئەلۋەتتە يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي ئامىللار بولىدۇ ھەم بولۇشى كېرەك.

6) ئوقۇغۇچىلاردا خەت - چەكلەرنى ئەمەلىي قوللىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا ۋەدىنامە، ئىلتىماس، رۇخسەت سوراش خېتى، تەكشۈرۈش، خۇلاسە قاتارلىقلارنى قايتا - قايتا يازدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەت - چەكلەر ھەققىدىكى بىلىمىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

# تۆتىنچى باب بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە ئېپىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى

## §1 . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشى

### 1 . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئالاھىدىلىكى

بايان — ئاپتورنىڭ ۋەقە، پېرسوناژ، مۇھىت قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەپسىلىي تاپشۇرۇشى.

بايان خاراكتېرلىك ماقالە — ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق رېئاللىقنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوي پىكرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر خىل ژانىر.

بايان خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدىغانلىقتىن، ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات يېزىقچىلىقىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە كىتابخانلار ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقان ۋەقە، ھادىسە ۋە ئادەملەر ھەققىدە روشەن ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ۋاقىت، ئورۇن، پېرسوناژ، ۋەقە، سەۋەب، نەتىجە ئېنىق تاپشۇرۇلغان بولىدۇ. بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە بايان بىلەن تەسۋىر ئاساسىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلىنىدۇ، ۋەقەنى بايان قىلىش جەريانىدا چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە ۋە لىرىكا مۇۋاپىق كىرىشتۈرۈلۈپ، ئاپتورنىڭ

پوزىتسىيىسى ۋە كۆز قارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇنداق ماقالىلەردە مۇھاكىمە، لىرىكا كىرىشتۇرۇلۇپ قوللىنىلسا، ماقالىنىڭ بايان قىلىش كۈچى زورىيىدۇ. بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردىكى بايان قىلىش ئۇسۇلى مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆلگىلىك تېكىستلەر ئىچىدە ئوڭ بايان، تەتۈر بايان، قىستۇرما بايان، پاراللېل بايان ئۇسۇللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپرەك سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر كۆپىنچە بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلىدۇ، بەزىدە ئىككىنچى شەخس تىلىدىمۇ يېزىلىدۇ.

## 2. بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ئوقۇتۇشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن تېكىستلەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىر قەدەر ئۆلگىلىك ئەسەرلەر بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي بىلىم ۋە ئاساسىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەرلەر روشەن سىنىپىيلىق ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈش ۋە تەربىيىلەش رولىغا ئىگە. شۇڭا، ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي بىلىم ۋە ئاساسىي ماھارەت يېتىشتۈرۈشگە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئوقۇغۇچىلارغا ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى بېرىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ۋە پرىنسىپلارنى ئىجرا قىلىشى كېرەك:

1) ئوقۇتقۇچىدا ئەتراپلىق ۋە پۇختا تەييارلىق بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشى، ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقتۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشى لازىم.

2) بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئىشلىتىلگەن تىل ئاممىباب ۋە مېغىزلىق بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق تىلدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ نۇتقىنى ئەدەبىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ماقالە قۇرۇلمىسىدىكى مۇھاكىمە، بايان ۋە تەسۋىرنىڭ كىرىشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئىنچام ئىپادىلىنىشىدەك ئالاھىدىلىكنى ئىگىلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

3) ئوقۇتۇش جەريانىدا ئومۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا، ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىققا ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ھەققىدە ئاكتىپ پىكىر قىلىشقا قوزغاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىنى يىغىنچاقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

تېكىست تەھلىلى ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى قائىدىسىگىمۇ ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

## 3. بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

ھەرقايسى پەنلەرنى ئوقۇتۇشنىڭ ئورتاقلىقىمۇ، خاسلىقىمۇ بولىدۇ. تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشنىڭ جەريانى تەييارلىق

باسقۇچى، تەھلىل قىلىش باسقۇچى، خۇلاسىلەش ۋە مۇستەھكەملەش باسقۇچى بولۇپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

1. تەييارلىق باسقۇچى

دەسلەپتە تېكىستنىڭ قايسى ژانىرغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيە بىلىمىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئەسەرگە قاراپ ژانىرغا ئايرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئەسەر ژانىرى ئۈستىدە توختىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتۇش جەريانىنىڭ مەزمۇنلىرى ئۈستىدە قەدەم باسقۇچلۇق، كونكرېت ھالدا توختىلىش لازىم. يەنى ئاپتورنى تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولسا تونۇشتۇرۇش، ئىدىيىسىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك بولسا ئىزاھات بېرىش، ماۋزۇنى ۋە تېكىستنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىزاھات بېرىش قاتارلىقلارنى تېكىست ئەھۋالىغا ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بەلگىلەش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتىن ساقلىنىش لازىم.

1) ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش: ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش ئاپتورنىڭ ھاياتى، ئىدىيىسى، ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىش ئارقىلىق تېكىستنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇر ۋە توغرا ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش. ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش ۋاقتىنى كۆپ ئىگىلەپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر ئاپتور بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇلغان بولسا، قايتا تونۇشتۇرۇلمىسىمۇ بولىدۇ. ئاپتورنى تونۇشتۇرغاندا ماتېرىيال توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى لازىم، خاتا تونۇشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

2) دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىش: ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرۈش ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قايسى تارىخىي شارائىتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىنى تونۇشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى چۈشەنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈن ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلەر زور تارىخىي ۋەقەلەر بولغاچقا، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلغاندا كۆپىنچە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىزاھات بېرىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئوقۇغۇچىلار ئەسەر مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ. يەنە ئالايلۇق، ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، مىللەتپەرۋەر شائىرنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە كەلتۈرگەن پاجىئەسى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى چۈشەندۈرمىسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىنى چۈشىنىشى تەس بولىدۇ. لېكىن، ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى تارىخ دەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، يەنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە، تەپسىلىي سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

3) ماۋزۇنى چۈشەندۈرۈش: ماۋزۇ ئەسەرنىڭ نامى بولۇپ، ئەسەر مەزمۇنىغا ئاساسەن قويۇلىدۇ. ئادەتتە ماۋزۇنىڭ ئەسەر مەزمۇنى بىلەن بولغان باغلىنىشى ھەرخىل بولىدۇ. بەزى ماۋزۇلاردا بايان قىلىنغۇچى شەيئىنىڭ نامى ئىپادىلەنسە، بەزى ماۋزۇلاردا ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ نامى ئىپادىلىنىدۇ؛ بەزى ماۋزۇلاردا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋاستىلىك گەۋدىلەندۈرۈلسە، بەزى ماۋزۇلاردا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؛ يەنە بەزى ماۋزۇلاردا سىمۋول قىلىنغان شەيئىنىڭ نامى ئىپادىلىنىدۇ، بەزىدە

يازغۇچىنىڭ تۇپ مۇددىئاسى ماۋزۇ قىلىپ تاللىنىدۇ ۋە باشقىلار.

دېمەك، دەرس ئۆتكەندە بەزى ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. بىراق ماۋزۇنى چۈشەندۈرۈشنى ئەسەردە تۇتقا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. قايسى ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى چۈشەندۈرۈش، قايسى ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى چۈشەندۈرمەسلىكنى ئوقۇتقۇچى كونكرېت ئەسەر ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسىنى تېكىست تەھلىلىدىن بۇرۇن، بەزى ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسىنى تېكىست تەھلىلىدىن كېيىن چۈشەندۈرۈش، بۇنىمۇ ئەسەر مەزمۇنىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. مەسىلەن، «خامېلېئون» نى تېكىست تەھلىلىدىن بۇرۇن چۈشەندۈرۈش، «ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلەش» نى تېكىست تەھلىلىدىن كېيىن چۈشەندۈرۈش لازىم. چۈنكى، «خامېلېئون» نى چۈشەندۈرۈپ بولۇپ ئاندىن تېكىست تەھلىل قىلىنسا، ئوقۇغۇچىلار «خامېلېئون» دىن ئىبارەت بۇ ئۆزگىرىشچان مەخلۇقنىڭ ئەسەر مەزمۇنىدا ئەكس ئېتىشى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ، ئاچىملوفنى ئوبدان چۈشىنەلەيدۇ. «ئۇنتۇش ئۇچۇن ئەسلەش» ناملىق ئەسەردىكى «ئۇنتۇپ كېتىش» بىلەن «ئەسلەپ تۇرۇش» دېگەن بۇ ئىككى سۆز بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغاچقا، ماۋزۇنى تېكىست تەھلىلىدىن كېيىن چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماۋزۇ تاللاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

2. تەھلىل قىلىش باسقۇچى

بۇ ھەم ئوقۇش، ھەم چۈشەندۈرۈش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالقىلىق باسقۇچ. بۇ باسقۇچنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سۆز - ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش، تېكىستنى ئوقۇش، ئىدىيىۋى مەزمۇننى تەھلىل قىلىش، پېرسوناژلارنى، ۋەقەلىكنى،

مەركىزىي ئىدىيىنى، قۇرۇلمىنى، تىلنى تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت.

1) سۆز ـ ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈش: ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىن دەرس ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسەردىكى بەزى سۆز ـ ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىش لازىم. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلار بەزى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، نەتىجىدە ئەسەر مەزمۇنى بىلەن چوڭقۇر تونۇشالمايدۇ، شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلمەيدۇ، دەپ قارىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى، مەسىلەن، زاھىت، كالام، چەشمە دېگەندەك سۆزلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشى لازىم. بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىست مەزمۇنىنى چۈشىنىشى ئوڭاي بولۇپلا قالماستىن، تىل بايلىقىمۇ ئاشىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى سۆزلەرنى چۈشەندۈرگەندە تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

(1) يېڭى سۆزلەرنى كونتېكىستقا بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش لازىم، ئۆتۈلۈۋاتقان دەرس تېكىستىدىكى كونكرېت تىل شارائىتىدىن ئايرىپ چۈشەندۈرگەندە، چۈشەندۈرۈلۈۋاتقان سۆزنىڭ مەنىسى بەك كېڭىيىپ كېتىپ، ئېھتىمال مەنىسىنى خاتا يەتكۈزۈپ قويۇشتەك سەۋەنلىك يۈز بېرىشى مۇمكىن.

(2) يېڭى سۆزلەرنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، لۇغەت فوندىنى نەزەردە تۇتۇپ بەلگىلەش كېرەك. مەنىسى ئوقۇغۇچىلارغا ئابستراكت بولغان سۆزلەرنى، مەسىلەن، كوممۇنىستىك ئەخلاق، ۋىجدان، ئەدەپ، مەدەنىيەت قاتارلىقلارنى جەزمەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىم.

(3) چۈشىنىۋېلىشقا تېگىشلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش لازىم.

چۈشىنىۋېلىشقا تېگىشلىك سۆزلەر دېگەندە، ئوقۇتقۇچىغا چۈشىنىشلىك، لېكىن ئوقۇغۇچىلارغا چۈشىنىكسىز بولغان سۆز - ئىبارىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا چوقۇم چۈشەندۈرۈش لازىم. ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تېگىشلىك سۆزلەر دېگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىغا تېگىشلىك سۆز - ئىبارىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(4) يېڭى سۆزلەرنى تېكىست تەھلىل قىلىنىشتىن ئاۋۋال چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭدا ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارغا تېكىستنى ئوقۇپ كېلىشكە تاپشۇرۇپ، ئاندىن تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنى ئىزاھلاش كېرەك. بەزى چاغلاردا تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنى تېكىست دەرسخانىدا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

(5) يېڭى سۆزلەرنى تېكىست تەھلىلىگە بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. بەزى تېكىستلەردىكى يېڭى سۆزلەرنى، مەسىلەن، سىياسىي نەزەرىيە خاراكتېرىنى ئالغان ماقالىلەردىكى «ئىنتېرناتسىئونالىزم»، «ماتېرىيالىزم» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى تېكىستنى تەھلىل قىلماي تۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئەپسىزرەك بولىدۇ، شۇڭا، بۇنداق ئاتالغۇلارنى تېكىست تەھلىلىگە بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېت تىل شارائىتىنى ئاساس قىلىپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

(6) يېڭى سۆزلەرنى ئورتاق تەلەپپۇزدا چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار فونېتىكىلىق شەكلى يېقىن كېلىدىغان يېڭى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا، بۇنداق سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى، ئوقۇلۇش ئۇسۇلىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئورتاق ئەدەبىي تەلەپپۇزدا ئۆگىتىش لازىم.

2) تېكىستنى ئوقۇش: تېكىست ئەسەر مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇش مەقسىتىدە ئوقۇلىدۇ. تېكىستنى ئوقۇش ئەسەرنى تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن ئورۇندىلىدىغان باسقۇچ. تېكىست بىر قېتىم ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەسەر تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا تېكىستنىڭ بەزى جايلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئوقۇش ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىشقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى ئوقۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ.

تېكىستنى ئوقۇغاندا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ: بىرى، ئۈنلۈك ئوقۇش، يەنە بىرى، ئۈنسىز ئوقۇش. مەكتەپ ھاياتىدا تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇش ئۈنسىز ئوقۇشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ. ئۈنسىز ئوقۇشنى ئۆگىنىش ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى تەلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا تۆۋەندىكىدەك تەلەپ قويۇلىدۇ:

(1) توغرا ئوقۇش. يەنى تېكىستنى توغرا ئوقۇش، سۆز قوشۇۋالماسلىق ھەم چۈشۈرۈپ قويماسلىق، تەكرارلىماسلىق، تىنىش بەلگىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇزىنى توغرىلاپ، ئۈنلۈك ئوقۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

(2) راۋان ئوقۇش. تېكىستنى راۋان ئوقۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، جۈملىلەرنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىپ ئوقۇش لازىم. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا تېكىستنى قايتا ئوقۇپ كېلىش، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىپ كېلىش تاپشۇرۇقى بېرىش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىستنى راۋان ئوقۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

(3) چۈشىنىپ ئوقۇش. ئەسەردە نېمە دېيىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ مېڭىش تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇشتىكى ناھايىتى مۇھىم

تەرەپ. چۈشىنىپ ئوقۇشتا تېكىستنىڭ تەلىپى بويىچە بۆلەك، ئابزاسلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

(4) ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك ۋە جانلىق ئوقۇش. بۇنىڭدا ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئوقۇش لازىم. ئەسەرنى ھېسسىياتلىق، جانلىق ئوقۇش ياكى ئوقۇيالماسلىق ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا بېرىدىغان تەسىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

باياني ئەسەرلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇغاندا، بىرىنچىدىن، پېرسوناژلارنىڭ يېشى، جىنسىي ئايرىمىسىنى نەزەرگە ئېلىش، مەسىلەن، چوڭلار، ياشلار، بالىلار، ئەر - ئايال قاتارلىقلارنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇش؛ ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئورنى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىجەز - خۇلقى ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇش، مەسىلەن، باتۇرلار بىلەن قورقۇنچاقلارنىڭ، سەمىمىي، ساددا كىشىلەر بىلەن خۇشامەتچى، ھىيلىگەر كىشىلەرنىڭ، ھاجەتمەنلەر بىلەن ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇش؛ ئۈچىنچىدىن، پېرسوناژ ياكى ئاپتورنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەلەپپۇزدا ئىپادىلەپ ئوقۇش، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى، نارازىلىقى، رازىمەنلىكى قاتارلىقلارنى تەلەپپۇزدا پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

ئۈنلۈك ئوقۇش يەككە ئۈنلۈك ئوقۇش، كوللېكتىپ ئۈنلۈك ئوقۇش، گۇرۇپپىلار نۆۋەتلىشىپ ئۈنلۈك ئوقۇش، پېرسوناژلار بويىچە رول ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

يەككە ئۈنلۈك ئوقۇشتا، ئوقۇتقۇچى تېكىستنى ئۆزى ئوقۇپ ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، بىر ئوقۇغۇچىغا قايتا ئوقۇپ چىقىشنى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. بۇنداق قىلىش، بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش سەنئىتىنى كۆرۈپ بېقىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارغا ئەسەر ۋەقەلىكىنى

تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتۇش ئۈنۈمىگە ئىگە.

كوللېكتىپ ئۈنلۈك ئوقۇشنى قىسقا تېكىستلەرگىلا قوللىنىشقا بولىدۇ، ئۇزۇن تېكىستلەرنى كوللېكتىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرماسلىق لازىم.

گۇرۇپپىلار نۆۋەتلىشىپ ئۈنلۈك ئوقۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈنلۈك ئوقۇش سۈرئىتىنى تەڭشەپ تۇرۇشىغا پايدىلىق.

پېرسوناژلار بويىچە ئۈنلۈك ئوقۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

تېكىستنى ئۈنسىز ئوقۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىدىكى بىرقەدەر قىيىن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئۈنسىز ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرغاندا تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

(1) تېكىستنىڭ تەپسىلىي ياكى قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛

(2) تېكىستتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىش؛

(3) پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛

(4) ئابزاسلارغا بۆلۈش ۋە ئابزاسلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛

(5) بىر قانچە سوئال چىقىرىپ، سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا ئۇيۇشتۇرۇش.

3) ئىدىيىۋى مەزمۇننى تەھلىل قىلىش: بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋەقەنىڭ بايان قىلىنىشى

ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىكنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىپ، مەركىزىي ئىدىيىنى يىغىنچاقلاش لازىم.

4) پېرسوناژلارنى تەھلىل قىلىش: بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە پېرسوناژلار ئوبرازى ۋەقەدە يارىتىلغان بولغاچقا، پېرسوناژلارنى تەھلىل قىلىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

(1) پېرسوناژ ياشىغان ئوبيېكتىپ شارائىتنى تەھلىل قىلىش لازىم. چۈنكى پېرسوناژمۇ ئوبيېكتىپ شارائىت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

(2) پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتى، تىلى، ھەرىكىتىنى تەھلىل قىلىش، پېرسوناژلارنىڭ ۋەقە تەرەققىياتىدىكى پائالىيىتىنى ۋە رولىنى تەھلىل قىلىش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىك پەرقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

5) ۋەقەلىكنى تەھلىل قىلىش: ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى ۋەقە ئارقىلىق بارلىققا كەلگەچكە، ۋەقەنى تەھلىل قىلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭدا ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش، راۋاجلىنىش، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈش، تاماملىنىش جەريانىنى، سەۋەبىنى، تىپىك ۋەقە ۋە سورۇنىنى تەھلىل قىلىش لازىم. بۇ نۇقتا پېرسوناژلار ئوبرازىنى ۋە مەركىزىي ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئاساس ھېسابلىنىدۇ.

6) مەركىزىي ئىدىيىنى تەھلىل قىلىش: مەركىزىي ئىدىيە ئەسەرنىڭ جېنى. بۇ نۇقتىنى چوقۇم تەھلىل قىلىش لازىم. تەھلىلنىڭ ئىخچام، توغرا، دەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

7) قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش: ئەسەرنىڭ

كومپوزىتسىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى، يەنى قاتلام، ئابزاس، قىسىم قاتارلىق تەرەپلەرنى ياخشى تەھلىل قىلىش لازىم.

8) تىلنى تەھلىل قىلىش: ئەسەر تىلىنى تەھلىل قىلغاندا، شۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش كېرەك.

## 2 § . ئېپىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى

### 1. ئېپىك ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئېپىك ئەسەرلەر پېرسوناژ، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنىدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر. ئۇنىڭدا مۇكەممەل ۋەقەلىك، كونكرېت، ئىنچىكە مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپ، باش تېما ئىدىيىسى ئىپادىلىنىدۇ ۋە رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، پېرسوناژ، سۇژېت، مۇھىت تەسۋىرى ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ئۈچ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ئېپىك ئەسەرلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) ئېپىك ئەسەرلەر ئەڭ كەڭ، ئەڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا كۆپ تەرەپلىمە ئىنچىكىلىك بىلەن يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى بولىدۇ.

ئېپىك ئەسەرلەر ھەجىم جەھەتتىن چوڭراق بولىدۇ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە سەھنە ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ۋاقىت، ئورۇن، مۇھىت ـ شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

(2) ئېپىك ئەسەرلەر تىل جەھەتتىن بىر قەدەر كەڭرەك ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدا ھەم ئاپتور تىلىدىن، ھەم پېرسوناژ تىلىدىن كەڭتاشا پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

(3) ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ سەھىپىسى ئۇزۇن، ھەجىمى چوڭراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا سۇژىتى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ.

ئېپىك ئەسەرلەر ئەكس ئەتتۈرگەن رېئاللىق دائىرىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، سەھىپىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرققە قاراپ رومان، پوۋېست، ھېكايە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

## 2. ئېپىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىنىڭ پرىنسىپلىرى

ئېپىك ئەسەرلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئېپىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىنىڭ پرىنسىپلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى پېرسوناژ ۋە ۋەقەلىكلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئېپىك ئەسەرلەردىن دەرس ئۆتۈشتە ئاساسىي كۈچنى پېرسوناژ ئوبرازىنى تەھلىل قىلىشقا قارىتىش لازىم. چۈنكى، ئېپىك ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ، ۋەقەلىكمۇ ئوخشاشلا مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

1. پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىش

ئېپىك ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى مەركىزىي ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىش ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى چوڭ ۋە مۇھىم ھالقا.

ئېپىك ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇش ئېھتىياجىدىن ئىجابىي پېرسوناژ، سەلبىي پېرسوناژ ۋە ياندىش پېرسوناژلارغا بۆلۈنىدۇ. لېكىن، بىر ئەسەردە بىرلا باش قەھرىمان بولىدۇ. ئەسەر پېرسوناژلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئالدى بىلەن باش

قەھرىماننى ئايرىۋېلىش لازىم.

1) باش قەھرىماننى ئايرىش

كۆپىنچە ئەسەرلەردە باش قەھرىماننى ئايرىش ناھايىتى ئاسان. مەسىلەن، يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىرنىڭ «چىنىقىش»، «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇش بىلەنلا، ئۇنىڭدىكى باش قەھرىماننى ئوڭايلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەردىكى مەتنىياز ۋە باقى رەسمىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، پۈتۈن ئەسەر مۇشۇ پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە باش قەھرىماننى ئايرىش بىر قەدەر قىيىن. چۈنكى بۇنداق ئەسەرلەردە پېرسوناژلار رەسمىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولۇپ، پېرسوناژنى تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنماي، ۋەقەنى تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار لۇشۇن ئەپەندىنىڭ «كىچىككىنە بىر ۋەقە» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەردىكى باش قەھرىمان رىكشىچىمۇ ياكى «مەن» مۇ دېگەن مەسىلە بىرقەدەر مۇرەككەپ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئالدى بىلەن شۇ پېرسوناژنىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنىنى ۋە ئاپتورنىڭ تىندىنسىيىسىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن باش قەھرىماننى ئېنىقلاش لازىم.

دېمەك، باش قەھرىماننى ئېنىقلىغاندا، بىرىنچىدىن، باش قەھرىماننىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ياكى كۆتۈرۈلمىگەنلىكىگە قاراش لازىم. ئىككىنچىدىن، باش قەھرىماننىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنىنى، ئاپتورنىڭ تىندىنسىيىسىنى، ئاپتورنىڭ تىندىنسىيىسى بىلەن مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش لازىم.

2) ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنى ئايرىش

بەزى ئەسەرلەردىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنى

ئايرىماق بىرقەدەر قىيىن. مەسىلەن، زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» ناملىق ئەسىرىدىكى كەنجى، لۇشۇننىڭ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق پوۋېستىدىكى ئاQ لارنى ئىجابىي ياكى سەلبىي تىپ دەپ ئايرىش بىرقەدەر قىيىن. «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىدىكى كەنجى ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا دولان خەلقىنىڭ ئېسىل مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ۋە ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونىلىق، سېرىق نەرسە دەپ چەتكە قاقىدۇ. ئاتىسى پالتاخۇننى ۋە دولان خەلقى ياخشى كۆرىدىغان خەلق سەنئەتكارى مەتيانى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ يوقىتىلىشى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئارقىسىدا كەنجى خەلققە يېقىنلىشىپ، خەلق سۆيىدىغان كەنجىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇنداقتا كەنجى سەلبىي پېرسوناژمۇ ياكى ئىجابىي پېرسوناژمۇ؟ بۇ مەسىلىنى كەنجى ياشىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتنى تەھلىل قىلىپ، ئاپتورنىڭ كەنجىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى توغرا ئېنىقلاپ چىقىپ ئاندىن ئايرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كەنجىنى ئىجابىي پېرسوناژ دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، كەنجىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بۇزغان بولسا، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى يېڭى ۋەزىيەت خەلق ئارىسىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

دېمەك، ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنى ئايرىشتا، بىرىنچىدىن، پېرسوناژ ياشىغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇھىتنى پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئاپتورنىڭ شۇ پېرسوناژغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى نەزەردە تۇتۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك.

ئەسەردىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە

بەرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، پېرسوناژلار تەھلىلىدە ئوقۇغۇچىلار ئىجابىي پېرسوناژغا ھېسداشلىق قىلىپ، سەلبىي پېرسوناژلاردىن نەپرەتلىنىدۇ، ياخشى ئىش - ھەرىكەتلەرنى ھىمايە قىلىپ، يامان ئىش - ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ.

2. مەركىزىي ئىدىيىنى يىغىنچاقلاش

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى يىغىنچاقلاش مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئەسەردە ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەركىزىي ئىدىيە بولىدۇ. ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ھەم ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرگىلى، ھەم ئىدىيىۋى تەربىيە بەرگىلى بولىدۇ. ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى يىغىنچاقلاشتا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1) مەركىزىي ئىدىيىنى ئەسەردە بايان قىلىنغان ۋەقەگە تايىنىپ يىغىنچاقلاش

بەزى ئەسەرلەردە ئاپتور پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلماي، ۋەقەنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەردىكى ۋەقەلەر ناھايىتى تەسىرلىك بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ۋەقە تەرەققىياتىغا تەبىئىي بېرىلىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەردە مەركىزىي ئىدىيە شۇ ۋەقەلەر ئاساسىدىلا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، قادىر ئارسلاننىڭ «تىترىگەن ئاۋاز» ناملىق ھېكايىسى شۇ خىلدىكى ئەسەرگە ياتىدۇ. بۇ ئەسەردە نامرات دېھقان سادىر بىر ئېشەك ھارۋىسىغا 400 كىلو بەسەي، 10 كىلو موخوركا بېسىپ، قەھرىتان قىشتا ئوغلى مۇھەممەتجان بىلەن بازارغا ماڭىدۇ. ئۇ بازارغا كېتىۋېتىپ «مېلىمنى 50 يۈەنگە ساتسام، بۇ پۇلغا مۇھەممەتجانغا بىر ئاياغ، ئاچىسىغا بىر پوپايكا ئالسام» دېگەن شىرىن خىياللاردا

بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇ بازارغا كىرە ـ كىرمەيلا، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇنىڭ بەسەي ۋە موخوركىسىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. ئوغلى ئۇنىڭدىن: «دادا، ماڭا بەتىنكە ئېلىپ بەرمەمسەن؟... ئۇلار بەسەينى جىڭلىمايلا ئالدىغۇ...» دېگەندە، ئۇ كۆزىگە قىياندەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان يېشىنى تەستە بېسىپ، تىترىگەن ئاۋازدا: «ئۇلار شۇنداق جىڭلىماي ئالىدۇ بالام، ساڭا كېيىنچە ئاياغ ئېلىپ بېرىمەن...» دەيدۇ. بۇنداق ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى تەھلىل قىلغاندا ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن كونكرېت ۋەقەگە تايىنىش لازىم.

يۇقىرىقى ۋەقەگە ئاساسەن «تىترىگەن ئاۋاز» ناملىق ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئەسەردە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىنتايىن سول ئىدىيىنىڭ كاساپىتىدىن خەلق تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى، خەلقنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە ئۆزى ئىگە بولالمىغانلىقى پاش قىلىنغان، دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

2) مەركىزىي ئىدىيىنى پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يىغىنچاقلاش

بەزى ئەسەرلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا، پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوبيېكتىپ ئىدىيە بىلەن ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارغا تۇتقان ئوبيېكتىپ پوزىتسىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەركىزىي ئىدىيىنى يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دا، لۇشۈن ئەپەندى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ دېھقانلار ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى ۋە دېھقانلارنىڭ ئىنتايىن نادان، قالاقلىقىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئاQ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن.

3) مەركىزىي ئىدىيىنى ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە

باغلاپ يىغىنچاقلاش

بەزى ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەرلىك تونۇشلۇقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئوقۇغۇچىلارغا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى چۈشەندۈرۈش بىرقەدەر قىيىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا شۇ ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىش لازىم. مەسىلەن، فرانسىيە يازغۇچىسى دائۇدېتنىڭ داڭلىق ئەسىرى «ئاخىرقى دەرس» نى تەھلىل قىلىپ دەرس ئۆتكەندە، ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئىزاھلانمىسا، ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنىش تەس بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى تەھلىل قىلىپ دەرس ئۆتكەندە، 1871 - يىلى فرانسىيە ئۇرۇشتا پرۇسسىيىگە تەسلىم بولغانلىقى، شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، فرانسىيە ئېلزاس ئۆلكىسى بىلەن لوررىن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى پرۇسسىيىگە بۆلۈپ بەرگەنلىكى، نېمىس باسقۇنچىلىرى بۇ رايونلاردا فرانسۇز تىلى ئوقۇتۇشىنى مەنئى قىلىپ، فرانسۇز خەلقىنىڭ مىللىي مائارىپىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى، بۇ ھېكايە ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسىنى تەسۋىرلەش ئاساسىدا يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىم.

دېمەك، ئەسەر مەركىزىي ئىدىيىسىنى يۇقىرىقى ئۇسۇللارغا تايانغاندا ياخشى ۋە توغرا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

# بەشىنچى باب چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە شېئىرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى

## 1 § . چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشى

### 1. چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەلۇم بىر ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ سىرتقى ھالىتى، ئىچكى تۈزۈلۈش ماھىيىتى، ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ماقالە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىمىسىمۇ، چۈشەندۈرۈشنىڭ كىرىشتۈرۈپ قوللىنىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئادەتتىكى بايان، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەرنىڭمۇ چۈشەندۈرۈش تەركىبى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتۇش جەريانىدا بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرخىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى چۈشەندۈرۈش

خاراكتېرلىك ماقالە يېزىشنى مەشىق قىلىشقا تەشكىللەشنىمۇ چىڭ تۇتۇش لازىم. چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەر كىشىلەرنى مەلۇم شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى، پەيدا بولۇش سەۋەبى، تەرەققىيات جەريانى قاتارلىقلار ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

2) چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى بايان ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭكىدىن ئاددىيراق بولىدۇ.

3) چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەردە چۇشەندۇرۇش ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلىنىدۇ، بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمىمۇ مەلۇم نىسبەتتە بولىدۇ.

4) چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئىلمىيلىكى تۈزۈلۈش جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئادەتتە باشلىنىش، ئاساسىي گەۋدە ۋە ئاخىرلىشىش بولۇپ ئۈچ تەرەپتىن تۈزۈلىدۇ. باشلىنىش قىسمىدا شەيئىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ چۇشەندۇرۇلىدۇ، ئاساسىي گەۋدە قىسمىدا شەيئىلەرنىڭ پەرقى، ئالاھىدىلىكى تەرتىپ بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ، ئاخىرلىشىش قىسمىدا شەيئىلەرنىڭ ئەھمىيىتى، تەرەققىياتى قاتارلىقلار چۇشەندۇرۇلىدۇ.

## 2. چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت ۋە تەلەپ

چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەردىن دەرس ئۆتۈشتىن ئاۋۋال، مەقسەت ۋە تەلەپ ئېنىق بولۇشى لازىم، ئۇنداق بولمىسا، نىشانسىز ئوق ئېتىش خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ.

1. چۇشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، تۈزۈلۈشى، رولى توغرىسىدا نەزەرىيىۋى بىلىم بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

2. چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىدىكى تەلەپ

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر توغرىسىدا نەزەرىيىۋى بىلىم بېرىش ئاساسىدا، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل تېمىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەھلىل قىلالايدىغان، خاتىرە قالدۇرۇش، تەجرىبە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان، ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەقسەت ۋە تەلەپ ياخشى ئورۇندالسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش، چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، خىزمەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

## 3. چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

1. تەييارلىق باسقۇچى

بۇ باسقۇچتا ئوقۇغۇچىلار تېكىست مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى تېكىستنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتسىمۇ ياكى ئۆزى ئىپادىلىك ئوقۇپ ئۈلگە كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ. تېكىست ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى تېكىستتە ئۇچرىغان يېڭى سۆزلەر، ئاتالغۇلارغا

ئىزاھات بېرىپ، تېكىست مەزمۇنىنى قىسقىچە قايتا سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىست ھەققىدىكى بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

2. تاللاش باسقۇچى

بۇ باسقۇچتا تېكىستتىكى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىلىملەرنى تاللاپ چىقىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى تەييارلىقنى پۇختا قىلىشى، دەرسكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. تېكىستنى تەھلىل قىلغاندا تېكىستتە قايسى شەيئىنىڭ قانداق مۇھىم ئالاھىدىلىكى نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق قانداق ماھىيەت ۋە بىلىم ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقىنى تەھلىل قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، شەيئىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈش تەرتىپىنى، يەنى شەيئىنىڭ قايسى تەرىپى ئاۋۋال، قايسى تەرىپى كېيىن، قايسى تەرىپى تەپسىلىي، قايسى تەرىپى ئىخچام چۈشەندۈرۈلگەنلىكى، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش جەريانى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش لازىم. ئاخىرىدا دەرسنى خۇلاسە قىلىپ بېرىش كېرەك.

## 4. چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى تەھلىل قىلىش

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ئوقۇتۇشتا شەيئىلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ تەھلىل قىلىش لازىم. چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەردە چۈشەندۈرۈلۈۋاتقان شەيئىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، تولۇقسىز 1 - يىللىقنىڭ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى «جۇڭگونىڭ ئەگمە تاش كۆۋرۈكى» دېگەن ماقالىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئەگمە تاش كۆۋرۈكنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

سىلىشتۇرۇلۇپ، ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن جىياۋجۇ كۆۋرۈكىنىڭ ئۆزىگە خاس تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇلۇپ، بۇ ھەقتە مۇكەممەل چۈشەنچە بېرىلگەن. ئاندىن لوگوچياۋ كۆۋرۈكى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىدە شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ياخشى تۇتۇلسىلا، دېمەكچى بولغان ئاساسىي مەزمۇن گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. شەيئىنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدا شەيئىنىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكىنى يىپپىدىن - يىڭنىسىغىچە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەردىن دەرس ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تۇتالايدىغان، ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇيالايدىغان ۋە ئىنچىكە كۆزىتىپ، تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ماتېرىياللارنى تاللىۋالالايدىغان قىلىش لازىم.

## § 2 . شېئىرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى

### 1. شېئىر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

شېئىر — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئوبرازلىق، ئەڭ يىغىنچاق تىل ۋاسىتىسى بىلەن ئەڭ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بەدىئىي شەكىل.

شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ تاشقى دۇنيادىن ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئۆز ئىچكى دۇنياسىدا ئېرىتىپ ھەزىم قىلىش، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇرى بىلەن يۇغۇرۇپ بېيىتىش ئارقىلىق مەلۇم ئۆلچەم،

ۋەزىن، قاپىيە ۋە رىتىملار بويىچە قايتىدىن مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا شېئىر ئاھاڭدارلىق، مۇزىكىچانلىق تۈسىگە باي بولىدۇ.

باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا شېئىردا تەسەۋۋۇر ۋە رومانتىك تۇيغۇ ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. شېئىردىكى تەسەۋۋۇر ۋە ھېسسىيات ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى شېئىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سېلىپ، يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. شېئىر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) شېئىردا تەسەۋۋۇر ۋە ھېسسىيات ئەڭ باي بولىدۇ.

2) شېئىرنىڭ تىلى ئىخچام، تاۋلانغان ۋە ئوبرازلىق بولىدۇ.

3) شېئىر رېئاللىقنى ياكى ئاپتورنىڭ ھېس تۇيغۇسىنى ئوبرازلىق، مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

4) شېئىر مەلۇم تۈراق، ۋەزىن، قاپىيە ۋە رىتىملارغا ئىگە بولىدۇ.

شېئىر مەزمۇن جەھەتتىن لىرىك شېئىر ۋە ئېپىك شېئىر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە؛ شەكىل جەھەتتىن ۋەزىنلىك شېئىر، چاچما شېئىر ۋە نەسرىي شېئىر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 2. شېئىر ئوقۇتۇشنىڭ پرىنسىپلىرى

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدە شېئىر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ۋە قەدىمكى زامان شېئىرلىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر شېئىرلار، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ تاللانغان شېئىرلىرى ۋە چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى بار.

شېئىر بىلەن باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپىمۇ ۋە ئوخشىمايدىغان تەرىپىمۇ بار بولغاچقا، شېئىر

ئوقۇتۇشنىڭ باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى بىلەن ھەم ئورتاقلىقى، ھەم پەرقى بار. شېئىر ئوقۇتۇشنىڭ بەزى جەريانلىرى باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشنىڭ جەريانلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش، يېڭى سۆز، جۈملىلەرگە ئىزاھات بېرىش قاتارلىقلار.

شېئىر ئوقۇتۇشنىڭ باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىغا ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، شېئىر ئوقۇتۇشىغا شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىتنى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ۋە تىل ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش لازىم.

مەنىۋى مۇھىت ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات. ئۇ «مەنە» بىلەن «مۇھىت»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شېئىردىكى «مەنە» شېئىردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى كۆرسىتىدۇ، «مۇھىت» بولسا شېئىردا تەسۋىرلەنگەن رەڭمۇرەڭ تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە بەدىئىي ئوبرازلاردۇر. شېئىردا بۇ ئىككى ئامىل بىر گەۋدە بولۇپ، شېئىرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىش ئۈچۈن، دەرسخانىدا شېئىرىي كەيپىيات يارىتىشى لازىم. دەرسخانىدا شېئىرىي كەيپىيات يارىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىش ئارقىلىق شېئىرىي كەيپىيات يارىتىش كېرەك. چۈنكى، شېئىر تىلىنىڭ ئاپتورنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغاندا تەلەپپۇز، ئىنتوناتسىيە ۋە روھىي ھالەت، قىياپەت شېئىردىكى قايناق ھېسسىياتقا ماسلاشتۇرۇلسا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكىلى بولىدۇ. نەتىجىدە

كىشىلەر ئۆزىنىڭ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن مۇھىت ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالىدۇ. دىققەت قىلىش كېرەككى، شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغاندا شېئىرنىڭ ھەممە جايلىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشقا بولمايدۇ. تىنىش بەلگىلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى توغرا ئىپادىلەپ ئوقۇش كېرەك. ھېسسىياتنىڭ ئىنتوناتسىيىدە ئىپادىلىنىشى شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ كەيپىيات يارىتىشنىڭ ئاساسى.

2) شېئىر مەيدانىغا كەلگەن دەۋر ـ شارائىتنى ياكى شېئىردىكى ئىجتىمائىي، تەبىئىي مۇھىتنى ئوبرازلىق تىل، نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق شېئىرىي كەيپىيات يارىتىش لازىم.

بۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلاردا ئوتتەك قىزغىن روھىي كەيپىيات پەيدا قىلغىلى، ئوقۇغۇچىلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا، ھېسسىيات جەھەتتىن شېئىرنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كېتىشكە رىغبەتلەندۈرگىلى، مەزمۇننى چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «خىيالچان تىلەك» دېگەن شېئىرىدىكى مەنىۋى مۇھىتنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرىي بايان ئارقىلىق سۆزلەپ، كەيپىيات يارىتىشقا بولىدۇ:

«1945 ـ يىلى ... مۇدھىش زامان، گومىنداڭ جاللاتلىرى ئەجەل ھۆدۈقۇشىدا توڭگۇزدەك قۇترىماقتا. چوڭ سېپىل بىلەن ئورالغان قەدىمىي شەھەر ئاقسۇنىڭ مۇسىبەت ۋە غېرىپلىق باسقان كوچىلىرىدىن قانخور جاللاتلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى ئاڭلىنىدۇ. بىگۇناھ تۆكۈلگەن ئىسسىق قانلارنىڭ ھىدى كېلىدۇ. ھەممىلا يەرنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ... بىردىنلا ئوڭ تەرەپتىكى كوچىدىن ئەپت ـ بەشىرىسى تولىمۇ يىرگىنىشلىك بىر گومىنداڭ ئەمەلدارى 3 — 4 ژاندارما بىلەن بىر تۈركۈم مەھبۇسلارنى يالاپ ئېلىپ

كېلىۋاتىدۇ. مەھبۇسلارنىڭ قوللىرىغا كويزا، پۇتلىرىغا ئېغىر كىشەن سېلىنغان، لېكىن چىرايىدىن قىلچىمۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى كۆرمەيسىز، ئۇلار شۇقەدەر قەيسەر ۋە تەمكىن قەدەملەر بىلەن كۆكرەك كېرىپ، يىراقلارغا ئۈمىد بىلەن نەزەر سالاتتى. قەيەردىدۇر بىرسىنىڭ ئۆتكۈر كۆزىدە مۇدھىش زامانغا بولغان ئوتلۇق غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد، ئىشەنچ نۇرلىرى بالقىيتتى. زۇلۇم، زۇلمەتكە بولغان غەزەپ - نەپرەت، كەلگۈسى بەختكە بولغان ئارزۇ - ئۈمىد ئۇنى تەپەككۇر ئاسمىنىدا قاناتلاندۇرماقتا. گەرچە قولىدا كويزا بولسىمۇ، مۇشتلىرى تۈگۈلگەن، بىلەكلىرى تۇرۇلگەن . . . نىمە ئۇچۇن شۇنداق بولمىسۇن؟! ئۆز مومىسى ئاغزىدىن «ساماۋى چۆچەك» لەرنى ئاڭلىغان، ئېغىر مىنۇتلاردا تېڭىرقىمىغان بۇ خىيالچان يىگىتنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى «كىچىك كۆلچەكلەر» قاندۇرالىسۇن - ھە؟!»

يۇقىرىقى بايان ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى شېئىردىكى مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، قەلبىدە كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ كۈچلۈك ھاياجان ئوقۇغۇچىلاردا شېئىرغا ئوتتەك قىزىقىش پەيدا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ.

### 3. لىرىك شېئىر ئوقۇتۇشى

لىرىك شېئىر تۇرمۇشتىن قوزغالغان ئىلھام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ھېسسىياتنى يىغىنچاق ئىپادە قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

لىرىك شېئىردىن دەرس ئۆتكەندە ئۇنىڭدىكى قايناق ھېسسىياتنىڭ خىلمۇخىللىقى، سۆز - ئىبارىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مەزمۇن بىلەن ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ

ماسلىششى، نەپس ۋە دەللىكى، شۇنداقلا شائىرنىڭ تېشىپ تۇرغان لىرىك ھېسسىياتىنى چىڭ تۇتۇپ تەھلىل قىلىش لازىم. چۈنكى، بۇنداق شېئىرلاردا شائىر ھەرخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تولۇپ تاشقان ھېسسىياتىنى ۋە مەركەزلەشكەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىخچام ۋە يالقۇنلۇق تىل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. لىرىك شېئىرنى تەھلىل قىلىشتا شېئىرنى تەكرار ئوقۇپ مەلۇم بىر قاراشقا كەلگەندىن كېيىن، شۇ شېئىرنىڭ ھەجىم جەھەتتىكى ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراش لازىم. ئەگەر ئۇزۇن شېئىر بولسا، شېئىرنى مەزمۇنلار بويىچە بۆلەك ياكى قىسىملارغا بۆلۈپ، شۇ بىرلىك ئاساسىدا تەھلىل قىلىش كېرەك.

مەسىلەن:

كۆمۈشتەك يالتىرايدۇ قارلىق تاغلار،
يېشىللىق دۇنياسىدۇر ئېتەكلىرى.
ئېدىرلار نار تۆگىنىڭ ئۆركىشىدەك،
باغرىدا تەلپۈنىدۇ چېچەكلىرى.
قاپتال ۋە جىرالىرى يېشىل جاڭگال،
قارىغايلار ساما بىلەن بوي تالاشقان.
ئېدىرلار ئارىلىقى قويۇق چاتقال،
ياپيېشىل توقايلىق قۇچاقلاشقان.
تاغ سۈيى ئېقىپ ئۆتۈپ توقايلىقتىن،
تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلىدۇ، شارقىرايدۇ.
بىپايان يىراقلىقلار يېشىل يايلاق،
كۆزۈڭنى قاماشتۇرۇپ پارقىرايدۇ.
قاياقتا كۆز تاشلىساڭ يېشىل ھايات،
يېشىلدەك كۆرۈنىدۇ بار كائىنات.

يۇقىرىدىكىلەر قۇربان باراتنىڭ «يېشىل ھايات» ناملىق لىرىك شېئىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى، ئۇنىڭدا تېكەس يايلىقىنىڭ

يىراقتىن قارىغاندىكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى يىغىنچاق ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. دېمەك، شېئىر ئۇزۇن بولسا، شېئىرنى بۆلەكلەرگە ئايرىپ تەھلىل قىلىپ، ئاخىرىدا ھەربىر بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى يىغىنچاقلاپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى خۇلاسىلەش لازىم.

ئەگەر تەھلىل قىلىنىدىغان لىرىك شېئىر بىرقەدەر قىسقا شېئىر بولسا، شېئىردىكى پىكىرنى ئىپادىلەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان مۇھىم سۆز - ئىبارىلەرنى، يېتەكچى ئابزاسلارنى تۇتقا قىلىپ تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك. مەسىلەن، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «توزان قەسىدىسى» ناملىق لىرىك شېئىرىنى مۇنداق تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۈستۈڭنى،
توزىمىسۇن يۇرتتىن كەلگەن توزانلار.
ئۇنى سۈرەي كۆزلىرىمگە، سۈرەي مەن،
مەن تېنىگەن، يول ئاداشقان قوزاڭلار.

بۇ كۇپلېتتىن بىرىنچى مىسرا بىلەن «توزانلار» دېگەن سۆز تاللىنىۋېلىنىدۇ، چۈنكى شېئىردىكى «مەن» ئۆز قېرىندىشى ئۈستىگە قونغان توزاننى «ۋەتەننىڭ توپىسى» دەپ قارىغان ۋە شۇ پىكىر ئىزچىللىقىدا تۇرۇپ ئانا يۇرتىغا، ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن. «قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۈستۈڭنى» دېگەن مىسرانى بۇ شېئىردىكى يېتەكچى مىسرا، ھەربىر كۇپلېتنى تەھلىل قىلىشتىكى ئاچقۇچ دېيىشكە بولىدۇ.

## 4. ئېپىك شېئىر ئوقۇتۇشى

ئېپىك شېئىر — كونكرېت پېرسوناژ ياكى ۋەقەلەر ئاساسىي ئوبيېكت قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن شېئىرىي ئەسەر. ئېپىك شېئىردا مۇئەييەن ئىدىيە ۋە كۆز قاراش كونكرېت ۋەقە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ۋەقە شېئىردىكى ئېپىكلىقنى تەشكىل

قىلىدۇ.

ئېپىك شېئىرنى تەھلىل قىلغاندا شېئىردىكى سۇژېت لىنىيىسىنى ئاساس قىلىپ، ھېكايە تەھلىلىگە ئوخشاش تەھلىل يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئېپىك شېئىرلاردا ھېكايىلەردىكىگە ئوخشاش، ۋەقە، پېرسوناژ بولىدۇ، بۇ ۋەقە - پېرسوناژلار بىرقەدەر مۇكەممەل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېپىك شېئىردىن دەرس ئۆتكەندە، ئۇنىڭدىكى سۇژېت لىنىيىسىنى تۇتقا قىلىش كېرەك. مەسىلەن، بۇغدا ئابدۇللانىڭ «چۇغلۇق باللادىسى» نى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭدىكى مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋە باش قەھرىماننىڭ گەۋدىلىنىشىگە ياردەم بېرىدىغان سۇژېت لىنىيىسىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

بۇ شېئىر (باللادا) دا شائىر تەپەككۇر قۇشلىرىنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ، چۇغلۇق گۈلگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. گۈل ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇنچىلىك قىزىل ئېچىلىدىغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن خۇشپۇراق ۋە جەلپكار ئىكەنلىكىنى ئۆز ئاغزىدىن ھېكايە قىلىدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدە بىر قىز ئىكەنلىكىنى، دادىسى بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى، دادىسى بولسا باينىڭ مالايلىقىنى قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. قىز بالاغەتكە يەتكەندە باينىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشىدۇ، لېكىن قىزنىڭ كۆڭلى شۇ باينىڭ قويلىرىنى باقىدىغان سادىقتا ئىدى. سادىق بىر كۈنى قىزغا توي قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. شۇ ئەسنادا باي ئۆستەڭ ياقىلاپ كېلىپ قالىدۇ - دە، قىزنىڭ بېشىغا بىر قامچا سالىدۇ. ئۆز سۆيگىنىنىڭ ناھەق تاياق يېگەنلىكىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان سادىق يېنىدىن خەنجىرىنى ئېلىپ بايغا سالىدۇ. باي ئۆلىدۇ. ئەمما، باينىڭ يالاقچىلىرى بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنى قوغلاپ كېلىدۇ. ئەھۋال يامان باسقۇچقا كىرگەندە

يەر - جاھان تۇيۇقسىز قاتتىق سىلكىنىپ يەر يېرىلىدۇ، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي كۆرۈنۈپ ئۇلارنى پاناھىغا ئالىدۇ. كېيىن ئۇ گۈزەل ھەم مۇھەببەتكە سادىق قىز يەر تېگىدىن چۇغلۇق گۈلى بولۇپ ئۈنۈپ چىقىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلغاندا يۇقىرىقى ۋەقەلىك ئاساسىدا، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى يوقسۇل ئەمگەكچى خەلقنىڭ باي - زومىگەرلەرگە كېچە - كۈندۈز ئىشلىسىمۇ، يەنىلا غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى، قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتتىن تامامەن مەھرۇم ئىكەنلىكىدەك ئىدىيىنى يەكۈنلەپ چىققىلى، شۇنداقلا بۈگۈنكى بەختىيار كۈن بىلەن ئۆتمۈشنى سېلىشتۇرۇپ، ئازاد زاماننىڭ قەدرىگە يېتىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ.

ئەسەردىكى ئوبرازلارغا كەلسەك، باش قەھرىمان چۇغلۇق قىز ئىشچان، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، مۇھەببەتكە سادىق، دادىل قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە لاتاپەتلىك قىز. سادىق بولسا ھەم ئىشچان، ھەم قورقماس باتۇر يىگىت.

دېمەك ئېپىك شېئىرلارنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭدىكى ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت پائالىيىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك.

## 5. شېئىرلاردىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنى تەھلىل قىلىش

شېئىر پىكرىنى ئاپئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقارماستىن، يوشۇرۇن ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئالاھىدە ئەدەبىي شەكىل. شېئىردىكى پىكىر قانچە يالىڭاچ بولسا، شېئىر ماھىيىتىدىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ، پىكىر يوشۇرۇن بولسا، شېئىر ماھىيىتىگە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى بەزى شېئىرلارنى ئوقۇغۇچىلار بىر قېتىم ياكى

بىر قانچە قېتىم ئوقۇش بىلەن تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شېئىرلاردىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنى تېپىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شېئىرلاردىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

1) شېئىردا يېزىلغان تارىخىي شارائىتنى مەزمۇنغا باغلاپ تەھلىل يۈرگۈزۈش

بەزى شېئىرلاردا ئاپتور ئۆزىنىڭ رېئاللىققا بولغان قارىشىنى ئۇچۇقتىن - ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويماستىن، مەلۇم بىر ئوبيېكت ئىچىگە يوشۇرۇپ سۈرەتلەيدۇ. بۇ خىلدىكى شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىيات مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمايدۇ ياكى دەماللىققا بايقالمايدۇ. مەسىلەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغاندا ئاپتورنىڭ يىللارغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىدەك نۇقتىنى دەرھال بايقىغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ نۇقتا شېئىردىكى ھەقىقىي ماھىيەت ئەمەس. بۇ شېئىردا ئالغا سۈرۈلگەن ھەقىقىي ئىدىيىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شېئىر يېزىلغان تارىخىي شارائىتنى چۈشىنىش كېرەك.

«يىللارغا جاۋاب» ناملىق بۇ شېئىر 1944 - يىلى ئاقسۇدا يېزىلغان. 1933 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە بولغان جەرياندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدا بىر قاتار پائالىيەتلەرنى يولغا قويغان. بۇ يىللار ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ بىر قەدەر گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن ۋاقىت ئىدى. 1942 - يىلىدىن باشلاپ مىلىتارىست شېڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى ئاشكارا يۈرگۈزۈشكە باشلىغان. ئۇ شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارغا ۋە ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغا كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلغان. 1943 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭ پىرقىلىرىنى قۇرۇپ، ھەدەپ

تەتۈر تەشۋىقات تارقىتىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئىشپىيونلارنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ، قولغا ئېلىش ۋە ئۆلتۈرۈش بىلەن
شۇغۇللانغان. ھەممە يەرنى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتكەن.
كۆرەشنىڭ مانا شۇنداق كەسكىن پەيتىدە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ
ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، گومىنداڭ
جاللاتلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ كۆرەش قىلغان، بۇ جەرياندا
نۇرغۇنلىغان جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازغان. «يىللارغا جاۋاب»
ئەنە شۇ مەزگىلدە يېزىلغان ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە شېئىردۇر.

يۇقىرىقى تەپسىلاتلاردىن خەۋەردار بولۇپ، شۇ چاغدىكى
ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چۈشىنىپ، ئاندىن بۇ شېئىرنى تەھلىل
قىلغاندا، تەھلىل توغرا چىقىدۇ ۋە ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغان
پىكرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. يەنى «يىللارغا جاۋاب»
يېزىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە،
ھۆرلۈككە بولغان تولۇپ تاشقان ئىنتىلىشىنى ۋە قىزغىنلىقىنى
ئىپادىلەپ، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بارلىق
دۈشمەنلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس
ئەمەس.

2) شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتنىڭ سىمۋوللۇق
مەنىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش

بەزى شېئىرلاردا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى بىر ياكى
بىر نەچچە ئوبيېكتقا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق شېئىرلارنى
تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن، شائىرنىڭ زادى نېمىنى مەدھىيىلەپ،
نېمىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. مەسىلەن،
ئابلىز نازىرىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات»
دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن «چېچەك پەسلى» دېگەن شېئىرى شۇ
خىلدىكى شېئىردۇر. ئاپتور بۇ شېئىرنى مۇنداق باشلىغان:

تۇرماپمىدى ئاخشاملا تېخى،

دەل ـ دەرەخلەر پوتلا چىقىرىپ.
مانا سەھەر باشقىچە ئالەم،
باغ يېتىپتۇ ھالىرەڭ تۇس ئېلىپ.

بۇ كۇپلېتتا ناھايىتى مۇھىم ئىككى سۆز بار: بىرى، «ئاخشام»، يەنە بىرى، «سەھەر». بۇ ئىككى سۆزنى شائىر مۇددىئاسىزلا ئەسەرگە قىستۇرغانمۇ؟ شېئىرنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق بىر كۇپلېت بار:

كەلگىنىدە ۋاقتى ـ سائىتى،
چېچەك پەسلى گۇل چىراي ئاچتى.
كۇنى تۇگەپ قىش ـ قىرو پەسلى،
قاياققىدۇر يوقالدى ـ قاچتى.

بۇ كۇپلېتتا چېچەكلەرنىڭ باراقسان بولۇپ ئېچىلىشىنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكى ۋە سوغۇق قىشنىڭ قاياققىدۇر يوقالغانلىقىدەك ئىككى نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ شېئىرنى مۇنداقلا ئوقۇغان كىشى تەبىئەت لىرىكىسىدەك ھېس قىلىدۇ، ئەمما بۇ شېئىردا باھار پەسلىنى كۇيلەش ئەمەس، ئۇزۇن مۇددەت «قىش ـ قىرو» نىڭ ئاسارىتىدە قالغان بىر قەلبنىڭ «چېچەك پەسلى» گە ـــ ئاسايىشلىققا ئېرىشكەنلىكىدەك تەنتەنە ئىپادىلەنگەن. «چېچەك پەسلى» «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئىنكار قىلىنىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار ـ مار قىلىنغاندىن كېيىنكى خۇشاللىققا سىمۋول قىلىنسا، «قىش ـ قىرو پەسلى» «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان مەزگىلدىكى ئازاب ـ ئاسارەتكە سىمۋول قىلىنغان.

دېمەك، بۇ شېئىردا شائىر «چېچەك پەسلى» نى زوق ـ شوق بىلەن مەدھىيىلەش ئارقىلىق، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى ياخشى ۋەزىيەتكە بولغان تەنتەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

## 6. شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش

شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش — شېئىرلارنى تەھلىل قىلىشتا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر قەدەم.

شېئىرلار باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا بېزەك - مۇنچاقلىرى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ نەپىس، تىلى تاتلىق ۋە ئەڭ ئۆتكۈر بىر تۈر بولۇپ، ئۇ شائىردىن پەۋقۇلئاددە دىت، پىششىق تالانت، بولاقتەك قايناپ تۇرغان كۈچلۈك ھېسسىيات، خاس تىل تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، شېئىرلاردىن دەرس ئۆتكەندە شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكلەشتىمۇ ناھايىتى چوڭ رولى بار.

1. شېئىردىكى تىلنى تەھلىل قىلىش كېرەك. شېئىرىي ئەسەرلەر ئۆز ئاپتورىدىن مۇناسىپ تىل سورايدۇ. شېئىردىكى تىلنى تەھلىل قىلغاندا شائىر ئىشلەتكەن تىل شۇ شېئىردا ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېسسىياتقا ماس كەلگەنمۇ ياكى كەلمىگەنمۇ، بۇ تىل ئوبرازلىق، جانلىق، ئىخچاملىق جەھەتتىن قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە، دېگەن مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ تەھلىل قىلىش لازىم.

2. شېئىرنىڭ تىلىغا ئالاھىدە بېزەك بەرگۈچى ئامىل — ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تەھلىل قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئىستىلىستىكا تىلنىڭ ئۆز مەنىسىدە ئۆز جايىغا چۈشكەن ياكى چۈشمىگەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

3. شېئىردىكى پىكىر ۋە ھېسسىيات ئىزچىللىقىنى تۇتۇپ تەھلىل قىلىش لازىم. بەزى شېئىرلاردا شائىر ھەدەپ «چىرايلىق سۆز» لەرگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، شېئىرنى پىكىر چوڭقۇرلۇقى ياكى پىكىر ئىزچىللىقىدىن ئايرىپ قويىدۇ. مەيلى

ئۇزۇن يېزىلغان شېئىر بولسۇن ياكى قىسقا يېزىلغان شېئىر بولسۇن، بىرلا تۇپكى ئىدىيىۋى ھېسسىيات بولىدۇ. ئەگەر شائىر ھە دېگەندىلا گەپ ئوينىتىپ، شېئىردىكى پىكىر ئىزچىللىقىغا ئەھمىيەت بەرمىسە، شېئىر بىر قاتار قۇرۇق ئىبارىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ، شائىرنىڭ نېمىنى تەشەببۇس قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنداق شېئىرنى مۇكەممەل شېئىر دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

شېئىردىكى پىكىر بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى قان بىلەن گۆشتەك باغلىنىشقا ئىگە. پىكىرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھېسسىياتقا سەل قاراشقا ياكى ھېسسىيات قايناقلىقىنى قوغلىشىپ، پىكىر ئىزچىللىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

شېئىردا پىكىر بولۇپ ھېسسىيات بولمىسا، شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە جەلپكارلىقى يوقىلىپ كېتىدۇ، شۇنداق شېئىرلاردا پىكىر ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلالمايدۇ. شېئىردىكى ھېسسىيات بالداقمۇ بالداق كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. بارغانسېرى ئاجىزلاپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ. بەزى شېئىرلار باشلىنىشىدا ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات تەدرىجىي سۇسلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە بىرخىل مەيۈسلۈك پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ شېئىرنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، شېئىردىكى ھېسسىيات ئىزچىللىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك.

ئوقۇتقۇچى شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا، يۇقىرىقى تەرەپلەرنى چوقۇم نەزەرگە ئېلىشى ۋە شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى ئىمكانقەدەر كونكرېت كۆرسىتىپ بېرىشى زۆرۈر. شۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى توغرا يول بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

# ئالتىنچى باب مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە نەسرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى

## 1 § . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشى

### 1. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى

مەلۇم ئىلمىي ماقالىلەر، ھەرخىل پەننىي بىلىملەر سۆزلىنىپ چۈشەندۈرۈلىدىغان ماقالە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە دېيىلىدۇ.

1. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە نۇقتىئىنەزەر ئېنىق، روشەن بولىدۇ، شۇنداقلا توغرىدىن ـ توغرا، بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

2. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە نۇرغۇن دەلىل بولىدۇ، نۇقتىئىنەزەر دەلىل ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەچكە، نۇقتىئىنەزەرنىڭ لوگىكىلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.

3. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردىكى پىكىرلەر ئۈچ باسقۇچلۇق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بويىچە قۇراشتۇرۇلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، ئاپتور ئۆزى شەرھلىمەكچى بولغان تۈپكى نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، ئاپتور ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنىڭ توغرىلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ماتېرىيال ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. بۇ باسقۇچتىكى مەزمۇنلار ماقالىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا، ئاپتور

لوگىكىلىق خۇلاسىنى قوللىنىپ، ئۆزى ھەل قىلماقچى بولغان پىكىر، نۇقتىئىنەزەر ۋە كۆزقاراشلارنى خۇلاسىلەپ چىقىدۇ.

خۇلاسە بىر ياكى بىر قانچە مۇھاكىمىدىن يېڭى بىر ھۆكۈمنى خۇلاسىلەپ چىقىشتىكى تەپەككۇر جەريانى. لوگىكىلىق خۇلاسىلەش ئىندۇكتىۋال خۇلاسىلەش بىلەن دېدۇكتىۋ خۇلاسىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدى بىلەن كونكرېت مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئارقىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسىلەش ئىندۇكتىپ خۇلاسىلەش دېيىلىدۇ.

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە نۇقتىئىنەزەر، دەلىل، ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىل بولىدۇ. نۇقتىئىنەزەر ئاپتور تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈپكى مەسىلە، ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بەرگەن باھاسى، كۆزقارىشى. دەلىل ئاپتور ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشتا تايانغان ۋاستە. ئىسپاتلاش نۇقتىئىنەزەرنى دەلىل ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشتىكى ماسلاشتۇرۇش ياكى لوگىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق نۇقتىئىنەزەرنى شەرھلەش. ئىسپاتلاش ۋاستىلىك ئىسپاتلاش ۋە بىۋاستە ئىسپاتلاش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. نۇقتىئىنەزەرنى ئىجابىي جەھەتتىن توغرىدىن ـ توغرا ئىسپاتلاش بىۋاستە ئىسپاتلاش دېيىلىدۇ. نۇقتىئىنەزەرنى مەلۇم خاتا نۇقتىئىنەزەرنىڭ خاتالىقىنى ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىق ياكى رەددىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىسپاتلاش ۋاستىلىك ئىسپاتلاش دەپ ئاتىلىدۇ. رەددىيە بېرىشتە بەزىدە خاتا نۇقتىئىنەزەرگە، بەزىدە خاتا دەلىلگە رەددىيە بېرىلىدۇ.

## 2. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىدىكى تەلەپ

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە، ئالدى بىلەن مۇئەييەن بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن مەسىلە تەھلىل

قىلىنىدۇ، ئاخىرىدا مەسىلە ھەل قىلىنىدۇ، بۇ دەل شەيئىلەرنىڭ لوگىكىلىق مۇناسىۋىتىدۇر. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئاپتورنىڭ ئۆز كۆزقارىشىنى قانداق بايان قىلغانلىقىنى ۋە قانداق ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەپ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا لوگىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىدىغان، ئۇقۇملارنى توغرا شەرھىيلەپ، مەنتىقىگە ئۇيغۇن ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرالايدىغان قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە قائىدە سۆزلىنىپ، كىشى مەلۇم شەيئى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنىدۇ. ھادىسىنىڭ ماھىيىتى لوگىكىلىق چۈشەنچە، خۇلاسىلەش يولى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدىغان، ھەرخىل تېمىدىكى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى تەھلىل قىلالايدىغان، باھالىيالايدىغان، بىر قەدەر ياخشى، يەنى نۇقتىئىنەزەرى توغرا، دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق، ئىسپاتلاش جەھەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يازالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

### 3. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئوقۇتۇشىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

1. تېكىستنى ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش باسقۇچى

بۇ باسقۇچتا، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى بېرىلگەن تېكىستنى ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ ئوقۇپ بېرىشى كېرەك. تېكىستنى

ئوقۇغاندا تەلەپپۇز توغرا ۋە جانلىق بولۇشى، پىكىر قاتلاملىرى پەرقلەندۇرۇپ ئوقۇلۇشى لازىم. ئوقۇتقۇچى تېكىستنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، تېكىستنى تەھلىل قىلىشى ۋە ماقالىنىڭ قاتلام ـ ئابزاسلىرىغا دائىر سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشنى تەلەپ قىلىشى، ئاندىن ياخشى ئوقۇيالايدىغان ئوقۇغۇچىغا تېكىستنى قايتا ئوقۇتۇشى لازىم. بۇنداق بولغاندا، تېكىستنى ئوقۇش مەقسەتلىك داۋام قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىنىڭ بېشىغا دىققەت قىلىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە باشقا ئىشلارغا بەنت بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2. ئىزاھات بېرىش باسقۇچى

بۇ باسقۇچتا ئاساسەن تېكىستتىكى چۈشىنىكسىز سۆز ـ ئاتالغۇلارغا، ئەسەر يېزىلغان تارىخي شارائىتقا ۋە ئەسەر ماۋزۇسىغا ئىزاھات بېرىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل بايلىقى توپلىنىۋاتقان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ماقالىدىكى بەزى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى لۇغەت مەنىسى ۋە ئىستېمال مەنىسى بويىچە تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلمەيدۇ دەپ قارىغان سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ۋە ماقالىدىكى ئىستېمال مەنىسىنى ئوقۇغۇچىلارغا يېشىپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى ئۆز بىلىمىنى ئۆلچەم قىلماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشىنى ئۆلچەم قىلىشى لازىم.

بەزى ماقالىلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشلۇقى بولمىغان تارىخي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇ چاغدىكى رېئاللىقنى چۈشىنەلمىگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەر مەزمۇنىنى ئىگىلىشىدە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئوقۇتقۇچى ماقالە

يېزىلغان چاغدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋە ئاپتورنىڭ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك. يەنە بەزى ئەسەرلەردە ماۋزۇ شەخسىيلەر نامىغا ياكى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇتقۇچى ماۋزۇ ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئاپتورنىڭ ماقالىغا نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ماۋزۇ قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى زۆرۈر. بۇنداق قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

### 3. ئەسەرنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىش باسقۇچى

تېكىستنى ئوقۇش تاماملىنىپ، ئىزاھلاشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ئىزاھلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئەسەرنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم. ئەسەرنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلغاندا، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەر، قايسى نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاشتا قانداق دەلىللەر كەلتۈرۈلگەن، كەلتۈرۈلگەن دەلىل تارىخىي پاكىتلارمۇ، سان - سىپىرلارمۇ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەلىماتىمۇ ياكى قائىدە - تېئورېمىلارمۇ دېگەندەك نۇقتىلارنى ئېنىق ۋە كونكرېت ئايرىپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىمىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. ئەسەردىكى ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى تەھلىل قىلغاندا، ۋاستىلىك ئىسپاتلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغانمۇ ياكى بىۋاستە ئىسپاتلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغانمۇ دېگەن مەسىلىنى ئېنىق ئايرىپ چىقىپ، قانداق بولسا ۋاستىلىك ئىسپاتلاش بولىدۇ دېگەن سوئالغا توغرا جاۋاب بېرىشى لازىم.

### 4. كۆنۈكمە تەلىپى بويىچە خۇلاسىلەش باسقۇچى

ئەسەر ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ

شۇ ئەسەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئەتراپلىق چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى دەرس مەزمۇنىنى كۆنۈكمە تەلىپى بويىچە ئىخچام خۇلاسىلەپ بېرىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئوقۇغۇچىلار شۇ تېكىستتىن نېمىلەرنى بىلىۋېلىش لازىملىقىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. دىققەت قىلىش كېرەككى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا دەل، ئىخچام ۋە ئۆلچەملىك جاۋاب چىقىرىپ بېرىمەن دەپ، ئەسەرنى ئومۇمىيۈزلۈك، تەپسىلىي تەھلىل قىلمايلا كۆنۈكمە تەلىپى بويىچە سوئال - جاۋابلىق دەرس ئۆتسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش دائىرىسى تارىيىپ كېتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق جاۋاب كېلىپ چىققانلىقىنى بىلمەي، قارىغۇلارچە ياد ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، شۇنداق قىلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنالماسلىقتەك يامان ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىكى ساپا مائارىپىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا تۈپتىن خىلاپ.

5. تېكىست مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش باسقۇچى

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە كۆپىنچە ھەق بىلەن ناھەق، خاتا پىكىر ئېقىمى بىلەن توغرا نىشان، ئاكتىپلىق بىلەن پاسسىپلىق، كوللېكتىۋىزملىق بىلەن شەخسىيەتچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ، توغرا، ئادىل يەكۈن چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ سىياسىي خاھىشچانلىقى بىرقەدەر روشەن ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردىن دەرس ئۆتكەندە، دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا توغرا دۇنيا قاراش تىكلەش تەربىيىسى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تەربىيىسى، ماركسىزملىق

دىئالېكتىكا قارىشى تەربىيىسى بېرىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلارنى ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا مەسىلىلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە قارىيالايدىغان، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان، شەيئىلەرگە باھا بەرگەندە توغرا مەيداندا تۇرالايدىغان قىلىش — سوتسىيالىستىك مائارىپ فاڭجېنىمىزدىكى ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، ئادەم تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا.

## 4. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردىن دەرس تەييارلاش نۇقتىلىرى ۋە دەرس ئۆتۈش ئۇسۇللىرى

### 1. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردىن دەرس تەييارلاش نۇقتىلىرى

ئوقۇتقۇچى تېكىستنى تەھلىل قىلىپ دەرس ئۆتۈشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇختا دەرس تەييارلىشى لازىم.

جايلارنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، پۇختا دەرس تەييارلاش نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش لازىم. چۈنكى، كۆرسەتمە، كۆنۈكمىلەر شۇ تېكىستنى تەھلىل قىلىپ لېكسىيە قىلىشقا تۇتقا قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇڭلاشقا، ئوقۇتقۇچى دەرس تەييارلاشتا ئالدى بىلەن مۇھىم نۇقتىلارنى توغرا بەلگىلىۋېلىشقا كىرىشىشى لازىم. مەسىلەن، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 - قىسىم «تىل - ئەدەبىيات» كىتابىدىكى «كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى كۆرسەتمە، كۆنۈكمىدە جەمئىي تۆت كۆنۈكمە بېرىلگەن. 1 - كۆنۈكمىدە نۇقتىئىنەزەر ۋە دەلىلنى تەھلىل قىلىش، 2 - كۆنۈكمىدە ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى تەھلىل

قىلىش، 3 ـ كۆنۈكمىدە كومپوزىتسىيىنى تەھلىل قىلىش، 4 ـ كۆنۈكمىدە تەھلىل ۋە ماقالىنىڭ مەقسىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش تەكىتلەنگەن. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى نۇقتىئىنەزەرنى تەھلىل قىلىشتىن دەلىلنى، ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى تەھلىل قىلىشقا ئۆتۈش ئۇسۇلى بويىچە تەھلىل قىلىنىدۇ.

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە كۆپىنچە نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ياكى ماقالىنىڭ بېشىدىلا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئاساسىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. چۈنكى، ياخشى قويۇلغان ماۋزۇ چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ، قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈش لازىم.

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردىن دەرس تەييارلاشقا كىرىشكەندە، تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى دەرس تەييارلاش نۇقتىلىرى قىلىپ بەلگىلەشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ماقالىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى؛ ئىككىنچى، ماقالىنىڭ دەلىللىرى؛ ئۈچىنچى، ماقالىنىڭ تۈزۈلۈشى؛ تۆتىنچى، ماقالىنىڭ ئىسپاتلاش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

نۇقتىئىنەزەرنى تەھلىل قىلغاندا ماقالىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مۇھىم مەسىلە ياكى ئەمەسلىكى ۋە تارىخىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تەھلىل قىلىش لازىم.

ماقالىدىكى دەلىللەرنى تەھلىل قىلغاندا دەلىللەرنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكى، نېمىلەر دەلىل ئورنىدا قوللىنىلغانلىقى، دەلىل بىلەن نۇقتىئىنەزەرنىڭ بىردەك ياكى بىردەك ئەمەسلىكى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك.

ماقالىنىڭ ئىسپاتلاش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە

توختالغاندا، ماقالىدە ئاپتور ۋاستىلىك ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى قوللانغانمۇ ياكى بىۋاستە ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى قوللانغانمۇ؟ يەنى نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرىلىقىنى رەددىيە بېرىش يولى بىلەن ئىسپاتلىغانمۇ ياكى بىۋاستە ئىجابىي دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلاشنى قوللانغانمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى تەھلىل قىلىش لازىم.

ماقالىنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەھلىل قىلغاندا، پۈتۈن ماقالىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈستىدە كونكرېت توختىلىپ، ماقالىنىڭ پىكىر قەدىمىنى ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك. ماقالىنىڭ پىكىر قەدىمىنى ئېنىقلاشتا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ: بىرى، ماقالىنىڭ قانچە ئابزاستىن تەركىب تاپقانلىقى، ھەربىر ئابزاسنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، ئابزاسلار بىلەن ئابزاسلار، ماقالىلەر بىلەن قاتلاملارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ، ماقالىنىڭ پىكىر قەدىمىنى ئېنىقلاش؛ يەنە بىرى، ماقالىنى قىسىملارغا بۆلۈپ، يەنى مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان (مۇھاكىمە) قىسمى، مەسىلە تەھلىل قىلىنغان (ئاساسىي گەۋدە) قىسمى، يەكۈن چىقىرىلغان (خۇلاسە) قىسمى دەپ ئىككى - ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ، ماقالىنىڭ پىكىر قەدىمىنى ئېنىقلاش. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشتا، مەزمۇنى مۇرەككەپرەك، ھەجمى چوڭراق ماقالىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە، مەزمۇنى ئاددىيراق، ھەجمى كىچىكرەك ماقالىنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىرىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

2. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردىن دەرس ئۆتۈش ئۇسۇللىرى

دەرس پۇختا تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى جەھەتتە باش قاتۇرۇشى لازىم. يەنى ئوقۇتقۇچى دەرس تەييارلاپ، كونسپېكت تۈزۈپ، ئۆتۈلىدىغان

دەرسنى سائەتلىك پىلان بويىچە تەستىقلىتىپ بولغاندىن كېيىن قانائەتلىنىپ قالماي، دەرس ئۆتۈشكە پۇختا تەييارلىق قىلىشى، ئۆزى تەييارلىغان دەرس مەزمۇنىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىلىمىگە ئايلانغانغا قەدەر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى، ئاندىن سۆزلەش مېتودى ھەققىدە ئىزدىنىشى كېرەك. بولمىسا ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا تېتىك، جانلىق، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ پۇختا تەييارلىقىنى چىقىرىپ بېرەلمەي، قىينىلىپ قالىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ياش، بىلىم سەۋىيە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كۆپرەك ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش يولى ئارقىلىق ھەربىر دەرس مەزمۇنىنى ھېسسىي بىلىم باسقۇچىدا تونۇپ مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ھەربىر نۇقتا ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئابستراكت داۋلىلارنى ئوقۇغۇچىلارغا ئەتراپلىق مىساللار ئارقىلىق ئوبرازلىق، قىزىقارلىق مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ چۈشەندۈرەلىسە، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىر نۇقتىنى ئاۋۋال كېڭەيتىپ سۆزلەپ، كېيىن قىسقا، مېغىزلىق، چۈشىنىشلىك خۇلاسىلەپ، مۇستەھكەملەپ چىقالىسا، دەرسنى ئۈنۈملۈك ئۆتكەن بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ رازى بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتكەندە دەرسخانا كەيپىياتىنى ئىگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا تىرىشىپ، خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشى لازىم. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى بىر قىيىن نۇقتىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن يېڭى مەسىلىنى ياكى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىنكى مەسىلىنى سوئال تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوئال - جاۋابلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى يېڭى مەسىلىگە جەلپ قىلسا بولىدۇ. قىسقىسى، ئوقۇتقۇچى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، پىكىر قىلىشىنى قوزغاپ، دەرسنى قىزىقارلىق ئۆتۈشى لازىم.

## § 2 . نەسرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى

### 1. نەسرىي ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى

«نەسر» سۆزى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «چاچما»، «چېچىلىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

نەسرىي ئەسەرلەر پوئېزىيە ۋە پروزا ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرىدىغان بىرخىل ئەدەبىي شەكىل بولۇپ، لىرىك نەسر، ئېپىك نەسر، مۇھاكىمىلىق نەسر، ئەسلىمە، فېلىيەتونلارغا بۆلۈنىدۇ. نەسرلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) نەسرىي ئەسەرلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئەركىن بولىدۇ. ئۇنىڭدا پروزا ئەسەرلىرىدىكىدەك مۇكەممەل ۋەقە ۋە پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ، شېئىرلاردىكىدەك قاپىيە، ۋەزىن، تۇراقلارنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، سەھنە ئەسەرلىرىدىكىدەك ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

2) نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. نەسرىي ئەسەرلەردە باشقا ھەرقانداق ژانىردا ئىپادىلەش قىيىن بولىدىغان مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولىدۇ.

3) نەسرىي ئەسەرلەر ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئەركىنلىككە ئىگە. نەسرىي ئەسەرلەردە بايان، تەسۋىر، لىرىكا قاتارلىقلارنى ئەركىن قوللانغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە نەسرلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن نەمۇنىلەر كىرگۈزۈلگەن. نەسرىي ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىنىڭ ياخشى بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، نەسرلەردىن دەرس ئۆتكەندە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىش لازىم. نەسرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، نەسرلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن دەرس ئۆتۈشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

## 2. لىرىك نەسر ئوقۇتۇشى

لىرىك نەسر لىرىك ھېسسىيات ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدىغان نەسر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات شېئىرلاردىكىدەك قايناپ - تېشىپ تۇرىدۇ. لىرىك نەسرلەردىن دەرس ئۆتكەندە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1) ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى ئېنىقلىۋېلىپ، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكت بىلەن سىمۋول قىلىنغان ئوبرازنىڭ مۇناسىۋىتىنى چىڭ تۇتۇپ تەھلىل قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قاشتېشىغا مەدھىيە» ناملىق ئەسىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئاپتورنىڭ نېمە ئۈچۈن قاشتېشىغا تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن مەدھىيە ئوقۇغانلىقىنى، قاشتېشىنىڭ نېمىگە سىمۋول قىلىنغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

روشەنكى، بۇ ئەسەردە قاشتېشى خوتەن خەلقىگە، كەڭرەك مەنىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر خەلقىگە سىمۋول قىلىنغان. ئەسەردىكى قاشتېشىغا بېرىلگەن سۈپەتتىن سادda، ئاق كۆڭۈل خوتەن خەلقىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قاشتېشى بىلەن خوتەن خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش پۈتۈن دۇنيا بىلىدىغان ھەقىقەت. ئەسەر ئاخىرىدىكى: «... سېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قارىقاش دەرياسى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسىغا بارىكاللا! شۆھرىتىڭنى جاھانغا تونۇتقان ھۈنەرۋەن خوتەن خەلقىگە ھەشقاللا!» دېگەن بۇ بايانىدىن قاشتېشىنىڭ شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر خەلقىگە، جۈملىدىن خوتەن خەلقىگە

سمۇول قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشمۇ تەس ئەمەس.

2) تەسۋىرلەنگەن ئوبرازنىڭ سىمۇوللۇق مەنىسىنى ياكى خۇسۇسىيىتىنى توغرا ئېنىقلىۋېلىش لازىم. چۈنكى، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئوبراز بىلەن سىمۇول قىلىنغان ئوبيېكت خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ.

3) لىرىك نەسردە قوللىنىلغان تىل جانلىق، ئوبرازلىق، شېئىرىي جەزبىدارلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا، لىرىك نەسرلەرنى تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتلىق شېئىرىي تىللارنى تاللاپ تەھلىل قىلىش لازىم.

لىرىك نەسرنىڭ باش تېمىسىنى تەھلىل قىلغاندا، ئاپتورنىڭ ھالقىلىق پەيتتە ئىزھار قىلغان لىرىك ھېسسىياتىنى، ھېس - ھاياجانلىرىنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىش لازىم. چۈنكى، قايناق لىرىك ھېسسىيات، كۈچلۈك ھېس - ھاياجان لىرىك نەسرنىڭ جېنىدۇر.

## 3. فېليەتون ئوقۇتۇشى

فېليەتون تۇرمۇشتىكى ناچار قىلمىشلار مەسخىرە قىلىنىدىغان، ئىلغار، ئىجابىي ھادىسىلەر مەدھىيىلىنىدىغان بىرخىل ئەدەبىي ژانىر. فېليەتوندا كۆپىنچە رېئاللىقتىكى سەلبىي ھادىسىلەر ھەجۋىي قىلىنىدۇ. فېليەتون تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) ھەجۋىي تىل ۋاستىسى ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى ناچار ھادىسىلەرنى قامچىلاش.

2) ھەم بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە، ھەم سىياسىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش. فېليەتوننىڭ سىياسىي خۇسۇسىيىتى دېگەندە، فېليەتوندا مەزمۇن جەھەتتىن سىياسىي مەسىلىلەرنى تېما قىلىپ، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

فېلىيەتوننىڭ ئەدەبىي خۇسۇسىيىتى دېگەندە، فېلىيەتوندا مەزمۇن جەھەتتىن تۇرمۇشتىكى رېئال ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەلۇم جەھەتتە مۇبالىغە، تەسەۋۋۇر قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنى ئىپادىلەش قورالى قىلىپ، ئوبرازلىق تىللاردىن ئازادە پايدىلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

فېلىيەتوندىن دەرس ئۆتكەندە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى تۇتقا قىلىشقا بولىدۇ:

1) فېلىيەتوننىڭ سىياسىيۋىلىكى كۈچلۈك بولغاچقا، دەرس تەييارلىقى باسقۇچىدا توغرا مەيداندا تۇرۇپ، فېلىيەتوندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى، شەيئىلەرنىڭ نېمىنى مەسخىرە قىلىپ، نېمىنى مەدھىيىلەۋاتقانلىقىنى تەھلىل قىلىش لازىم.

2) فېلىيەتوننىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، كىنايە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارغا ئويلاندۇرۇش، رىغبەتلەندۇرۇش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، فېلىيەتوندىكى چوڭقۇر مەنىلىك، ئوبرازلىق تىللارنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈش لازىم.

3) ئوقۇغۇچىلارنى فېلىيەتوننىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى توغرا چۈشىنىشكە يېتەكلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي تونۇشىنى ۋە مەسىلىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

4) ئوقۇغۇچىلارغا فېلىيەتوننىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلارنى لۇشۈننىڭ، ل. مۇتەللىپنىڭ فېلىيەتونلىرىنى ئوقۇشقا ئۈندەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى فېلىيەتونغا قىزىقتۇرغىلى بولىدۇ.

## 4. مۇھاكىمىلىق نەسر ئوقۇتۇشى

مۇھاكىمىلىق نەسر — مۇھاكىمە ۋە بايان ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدىغان نەسر. مۇھاكىمىلىق نەسرلەرنىڭ باش تېمىسىنى تەھلىل قىلىش فېلىيەتون ۋە لىرىك نەسرنىڭ باش تېمىسىنى تەھلىل قىلىشقا قارىغاندا ئوڭايراق بولىدۇ. چۈنكى، مۇھاكىمىلىق نەسردە ئاپتور ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكت ھەققىدە روشەن كۆزقاراشقا ئىگە بولغان بولىدۇ، ئۇنى توغرىدىن - توغرا ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. لېكىن، مۇھاكىمىلىق نەسرلەردىمۇ كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بولىدۇ. ئاپتور ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكت ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ياكى نەپرىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ چىقارغان يەكۈنگە چوڭقۇر لىرىك ھېسسىياتىنى سىڭدۈرىدۇ. مەسىلەن، ھاجى ئەھمەدنىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» دېگەن مۇھاكىمىلىق نەسرىدە ئىككى مەھبۇسنىڭ سوراق ئالدىدىكى ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىسى سېلىشتۇرۇلۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئاق تېررورلۇقى ئاستىدىكى كونا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قاراڭغۇلۇقى كۆرسىتىلىش بىلەن، ئىككى مەھبۇسنىڭ ھايات ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى سېلىشتۇرما قىلىنىپ، «ھاياتقا مۇھەببەت كۈرەش قىلىشنىڭ شەرتىدۇر» دېگەن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلغان. بۇ مۇھاكىمىدە ھاياتقا بولغان ھەقىقىي مۇھەببەت ئازادلىق، ئەركىنلىككە بولغان كۈرەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

دېمەك، مۇھاكىمىلىق نەسرنىڭ باش تېمىسىنى تەھلىل قىلغاندا، ئاپتورنىڭ ھالقىلىق پەيتتە يۈرگۈزگەن مۇھاكىمىسىنى چىڭ تۇتۇپ تەھلىل قىلىش لازىم.

## 5. ئەدەبىي ئاخبارات ئوقۇتۇشى

رېئاللىقتىكى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ئەدەبىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى ئەدەبىي ئاخبارات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئادەم، ۋەقە، ئورۇن، ۋاقىت ھەقىقىي بولىدۇ، لېكىن ئۇلار شۇ پېتى يېزىپ قويۇلماستىن، ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەدەبىيلەشتۈرۈلىدۇ.

ئەدەبىي ئاخباراتتىن دەرس ئۆتكەندە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئېتىبار بېرىش لازىم:

1) ئەدەبىي ئاخباراتتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئال تۇرمۇش مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغانلىقتىن، ھەر قانداق ۋەقە ياكى پېرسوناژنى شۇ دەۋر رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

2) پېرسوناژلار تەھلىلىدە پېرسوناژلارنىڭ كۆزقارىشىنى، مەيدانىنى ۋە مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى ئېنىق كۆرسىتىش لازىم.

3) ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاپتورلىرى ئۆز ئەسىرىدىكى ۋەقەلەرگە كۆپىنچە ئۆزى قاتناشقان، ئۇنى كۆرگەن ياكى ۋەقەدىن كېيىن شۇ پېرسوناژنى زىيارەت قىلغان، ۋەقە پېرسوناژلىرى بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئاخباراتتىن دەرس ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم.

# يەتتىنچى باب كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشى

## § 1 . كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى

### 1. كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىنىڭ ئەھمىيىتى

مەملىكىتىمىز ئۇزاق تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە دۆلەت. مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا مول ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتقان ۋە قالدۇرغان، مەشھۇر ئالىملارنى، ئاتاقلىق دۆلەت ئەرباپلىرىنى، ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلارنى، ئوت يۈرەك شائىر، يازغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇغۇچىلارغا تىل ـ ئەدەبىياتتىن ئاساسىي بىلىم بېرىش ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا يېڭى ۋەزىيەتكە ئوبدان ماسلىشىپ، ياخشى ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ياخشى دەرس ئۆتۈش لازىم.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى خىلمۇخىل بولۇپ، بەزىلىرىدە ئەجدادلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى

قەيسەر ئىرادىسى، كۆرەشچان روھى ئىپادىلەنگەن؛ بەزىلىرىدە شۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى نارازىلىق، شۇنداقلا جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىشتەك ئىلغار ئىدىيىلەر ئىپادىلەنگەن؛ بەزىلىرىدە بولسا ياخشى ئادەم، يامان ئىش، ناچار ئەخلاققا قارشى كۆرەش قىلىش، ياخشى خۇي، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئەمگەكچانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، پاك ئىنسانىي قەلب مەدھىيىلەنگەن؛ يەنە بەزىلىرىدە بولسا ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش، بىلىم ئىگىلەپ ئەل ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ مەزمۇنلار ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ قەدىمكى زامانىنى، قەدىمكى زامانىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چۈشىنىشىگە، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىرادىسىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىغا خېلى زور دەرىجىدە ياردەم بېرەلەيدۇ.

## 2. كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت ۋە تەلەپ

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن شائىر ـ يازغۇچىلار كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرەت قارىشى، ئەخلاق ـ پەزىلەت قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك قارىشى، ئىنساپ ـ دىيانەت قارىشى، ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك قارىشى، مەردلىك ۋە باتۇرلۇق قارىشى مۇپەسسەل شەرھىيلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كلاسسىك ئەسەرلەردە ھەرقايسى مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى، تارىخىي كەچۈرمىشلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى،

ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، سىياسىي تۈزۈلمىسى، تېررىتورىيىسى ۋە ئۆزئارا باردى - كەلدى مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن.

1) ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇشتا، ئۇلاردا ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، پاك - ئادىل بولۇش، ئەمگەكنى، ئەمگەكچىلەرنى سۆيۈش، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلدۈرۈش، ئىلىم - پەننى سۆيۈش ۋە ئىلىم - پەن خادىملىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئىدىيىسىنى پەيدىنپەي يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغاندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارغا كلاسسىك ئەسەرلەرنى قېزىش ۋە رەتلەش، توپلاش ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئۆرنەك بولىدىغان، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش تەربىيىسى بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

كلاسسىك ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغاندىن باشقا، ئەدەبىي جەھەتتىنمۇ ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزغا ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا تەھلىل قىلالايدىغان، كلاسسىك ئەسەرلەردىكى ئىلغار ئەسەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغان، سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىسىنى ئەستە ساقلىيالايدىغان، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاڭقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق مەشىقلىرىدە توغرا قوللىنالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

2) كلاسسىك ئەسەرلەردىن دەرس ئۆتۈش جەريانىدا جۈڭگو

ۋە چەت ئەللەرنىڭ، جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات تارىخى بىلىملىرىدىن بىرقەدەر مول بىلىم بەرگىلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات بىلىملىرىنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئوقۇغۇچىلاردا كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىكىنى قوللىنىشقا ھەۋەس پەيدا قىلىپ، كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، تەھلىل قىلالايدىغان، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ.

3) كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ئارقىلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى توپ پرىنسىپلارنى ئوقۇغۇچىلارغا كەڭتاشا، ئەمەلىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشتە ئەگرى يوللاردا مېڭىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## 3. كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇشنىڭ پرىنسىپلىرى

كلاسسىك ئەسەرلەردىن دەرس ئۆتكەن چاغدا، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيىنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشقا دائىر توپ پرىنسىپىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇ پرىنسىپ بويىچە كلاسسىك ئەسەرلەرنى بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە تەھلىل قىلىپ، كلاسسىك ئەسەرلەردىكى مېغىز بىلەن شاكالنى ئايرىپ، مېغىزنى قوبۇل قىلىش، شاكالنى چىقىرىۋېتىش، يەنى بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆرنەك قىلىشقا، ئىدىيە جەھەتتە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك جايلارنى قوبۇل قىلىش، تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىك

بىر تەرەپلىمە پىكىرلەرگە، ئىدىيىۋى كۆزقاراشلارغا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. ئەدەبىي مىراسلارنى تەنقىدسىز قوبۇل قىلىشقىمۇ، تەھلىلسىز ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئەدەبىي مىراسلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن پرىنسىپ بەلگىلەشنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمكى يازغۇچى، شائىرلار شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دەۋرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە خاتا كۆز قاراشلارنى ياكى بىر تەرەپلىمە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويغان. بۇنداق تەرەپلەرنى تەھلىل قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلاردا كلاسسىك ئەسەرلەرنى توغرا باھالايدىغان، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ پەرقىنى ئاڭقىرالايدىغان، ئىجابىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالا- لايدىغان، ھەرخىل تېمىدىكى بەدىئىي ئەسەرلەرنى يازالايدىغان قابىلىيەتنى تەدرىجىي يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئەمگەكچى خەلق ئىجاد قىلغان ئەسەرلەر ۋە فېئودال پومېشچىكلارنىڭ زىيالىيلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە خەلقچىللىقى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم كلاسسىك ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن. ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى دېيىلگەندە، ئەدەبىي ئەسەرلەردە جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇلۇقنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خەلقچىللىق ئىلغار يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەردە بولىدىغان بىرخىل ئاساسلىق خۇسۇسىيەت. ئەدەبىيات تارىخىدا ياللانما ئەدىبلەر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، ئىلغار يازغۇچىلار خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى، تەلەپلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى

نامايان قىلىنغان.

بەزى يازغۇچى، شائىرلار گەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلاردىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقنى كۆرەلىگەن، ھېس قىلالىغان بولغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ خىلدىكى يازغۇچى ـ شائىرلارنى خەلقچىللىق ئىدىيىسىگە ئىگە يازغۇچى ـ شائىرلار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىغا بولغان مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېستېتىك جەھەتتىن ھۇزۇرلىنىشىغا مەلۇم جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. بۇمۇ خەلقچىللىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەلقچىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا فېئوداللىق شاكالنى ئايرىيدىغان مۇھىم ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

## 4. كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرى، تەييارلىق باسقۇچى، يەنە بىرى، تەھلىل قىلىش باسقۇچى. بىرىنچى باسقۇچتا ئەسەرنىڭ ئاپتورى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى چۈشەندۈرۈلىدۇ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت سۆزلەر ئىزاھلىنىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا ئەسەرنىڭ باش تېمىسى، پېرسوناژلىرى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى تەھلىل قىلىنىدۇ.

1. تەييارلىق باسقۇچى

1) ئەسەرنىڭ ئاپتورى بىلەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى

چۈشەندۈرۈش

كلاسسىك ئەسەرلەردىن دەرس ئۆتكەندە، ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى تونۇشتۇرۇش مۇھىم ئىزاھات بېرىش نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كلاسسىك ئەسەرلەر قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى ياكى شائىر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدۇر. كلاسسىك يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىگەن. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوبدان چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئەسەر مەيدانغا كەلگەن جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىنى، ئاپتورنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىدىيىۋى خاھىشلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق سۆزلەپ بېرىش لازىم. مەسىلەن، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نېمە ئۈچۈن ئەرەب تىلىدا يازىدۇ؟ بۇنىڭ قانداق دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بار؟ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ مەركىزى باغدادتا بىلىم ئالغان ۋە مۇدەررىس بولغان. ئەينى چاغدا ئەرەب يېزىقى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان قانۇنىي يېزىقى ھېسابلانغاچقا، ئەدەبىياتقا، تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەرنىمۇ ئەرەب تىلىدا يېزىشقا توغرا كەلگەن. ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ مەركەزلىرىدە ئەرەب تىلى ھاكىمىيەت تىلى بولغاندىن باشقا، ئىلىم - پەن تىلى قىلىنغان. شۇڭا، تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن چىققان نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغان.

دېمەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەرنى ياخشى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئاپتورنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىم، چۈشەندۈرگەندىمۇ دەرسنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ يىغىنچاقراق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

دائىرىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن ھالقىپ، ۋاقىتنى كۆپ ئىگىلىۋېلىپ، كالېندار پىلاننىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. بەزى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بىلەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئىلگىرى تونۇشتۇرۇلغان بولسا، تەكرار چۈشەندۈرۈلمەي، قىسقىچە ئىزاھات بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇلسىلا بولىدۇ. كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىدا كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئاپتورنى تونۇشتۇرۇشتىن باشقا، تېكىستنى جۈملىمۇ جۈملە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

2) قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت چۈشەندۈرۈش

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى «ئوغۇزنامە» دە «كۈنلەردىن بىر كۈن ئاي قاغىنىنىڭ كازۇ يارىپ بۇدارى» دېيىلگەن. بۇ جۈملە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە «كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئاي خاقانىنىڭ كۆزى يورىدى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. بۇ جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى «كۈن»، «ئاي»، «بىر» دېگەن سۆزلەردە ئۆزگىرىش يوق. لېكىن، «قاغىنىنىڭ»، «كازۇ»، «يارىپ»، «بۇدارى» دېگەن سۆزلەردە زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئېلىنغان مۇنۇ مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

ئىشتا ئاتا ـ ئاناڭىنىڭ ساۋالارنى قادىرما،

ئەگەر كۆپ بولۇپ قۇۋازلىق قىلىپ يەنە قۇتۇرما.

1 ـ مىسرادىكى «ئىشتا»، «ئاتا ـ ئاناڭىنىڭ» دېگەن سۆزلەر ھازىرغىچە داۋاملىشىپ ئۆزگەرمەي كەلگەن. لېكىن، «ساۋالارنى»، «قادىرما» دېگەن سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا باشقىچە ئۆزگەرگەن. 2 ـ مىسرادىكى «كۆپ بولۇپ ··· قىلىپ ··· يەنە» سۆزلىرى ھازىرقىغا ئوخشاش سۆزلەر بولۇپ،

«قۇتۇرما» (قۇتراپ كەتمە) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغان. شۇڭا بۇ مىسرانى:

ئىشتا ئاتا ـ ئانائىنىڭ سۆزىنى قايتۇرمىغىن،
مۇلكىڭ كۆپ بولسىمۇ مەغرۇرلىنىپ قۇترىمىغىن.

دەپ چۈشەندۇرىمىز.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئەرەب تىلىدىن نۇرغۇن سۆز ـ ئىبارىلەر ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن، پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نۇرغۇن سۆزلەر كىرگەن. شۇنداق قىلىپ، ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا خېلى نىسبەتنى ئىگىلىگەن. بۇلارنىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق چۈشەندۇرۇش كېرەك.

تىل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ قەدىمكى ۋە هازىرقى مەنىلىرىنى ئىزاھلىسا، ئوقۇغۇچىلار تىلدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئوبدان چۈشىنەلەيدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل بايلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» تىن بېرىلگەن پارچىلار توغرىسىدا دەرس ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىڭدىكى تىلنىڭ نەقەدەر ساپلىقىنى ۋە گۈزەللىكىنى، شائىر ئۆزى بايان قىلماقچى بولغان ئىدىيىنى ئەڭ خۇسۇسىيەتلىك ئوبرازلارغا جۇغلاپ، غايەت زور تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇش لازىم. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى:

تىل ئارسلان تۇرۇر كۆر ئىشىكتە ياتۇر،
ئايا ئەۋلىگە ئەر، ساق باشىڭنى يېيۇر.

(تىل يۇگرىكى باشقا،
پۇت يۇگرىكى ئاشقا.)
دېگەن ماقال ـ تەمسىلدە شۇنداق مەزمۇن يىغىنچاق ئىپادىلەنگەن. ئوقۇتقۇچى بۇنداق پارچىلاردىكى گۈزەل تىل ئوبرازلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىشى لازىم. بۇنىڭغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولۇشى، پۇختا دەرس تەييارلىشى كېرەك.

2. تەھلىل قىلىش باسقۇچى

1) كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسىنى، پېرسوناژلىرىنى تەھلىل قىلىش

كلاسسىك ئەسەرلەر مەلۇم خەلقچىللىق ئىدىيىسىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن، مېغىز ۋە شاكالدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدىيىنى ئىنكاس قىلغاچقا، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسىنى، پېرسوناژلىرىنى تەھلىل قىلغاندا مېغىز بىلەن شاكالدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش لازىم. مەسىلەن، ئەھمەد يۈكنەكى دىنىي قائىدىلەرنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقتىن، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا «بىلىمسىز ئەر گوياكى ئايالدۇر»، «بىلىملىك ئايال گويا ئەردۇر» دەپ يېزىپ، «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دېگەن خۇراپىيلىقنى تەشۋىق قىلغان. بۇنداق ئىدىيىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراشنى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

لوگۇەنجۇڭنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دېگەن مەشھۇر تارىخىي رومانىدىن ئېلىنغان «جىتىڭنىڭ قولدىن كېتىشى» دېگەن پارچىدا ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن شۇ پادىشاھلىقى

جىتنىڭ دېگەن جايدا قىلغان بىر قېتىملىق جەڭنىڭ جەريانى بايان قىلىنغان. بۇ پارچىدىكى ئاساسىي پېرسوناژ جۇگېلياڭ يىراقنى كۆرىدىغان، چوڭقۇر ئويلايدىغان، دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغان، لەشكىرىي ئىشلاردا مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى چىڭ تۇتىدىغان ۋەزىر. ماسۇ بولسا ئەمەلىيەتكە باقماي، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، پوچىلىق قىلىپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزگىنى سەل چاغلاپ، قوشۇننى زور تالاپەتكە ئۇچراتقانلىقتىن، جۇگېلياڭ تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان سەركەردە. ئاپتور جۇگېلياڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، ماسۇنى ئەيىبلەپ، سەركەردىلەرنى كەمتەر، ئەمەلىيەتچىل بولۇشقا ئۈندىگەن. بۇ تېكىستنى تەھلىل قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارغا فېئودال بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان ئۇرۇشنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئاپتورنىڭ سىنىپىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئۇرۇشقا باغلاپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، فېئودال ئەمەلدارلارنى، فېئوداللىق تۈزۈمنى چوڭقۇر پاش قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

2) كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش

كلاسسىك ئەسەرلەر شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىل، مەزمۇن جەھەتتىن مول بولۇپلا قالماستىن، يۈكسەك بەدىئىي ۋاستىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. كلاسسىك ئەسەرلەردىكى گۈزەل ئوخشىتىشلار، رېئال ئاساسى كۈچلۈك بولغان رومانتىك ئامىللار، سۆزنىڭ ئىخچام ۋە تەسىرلىكلىكى، تىلنىڭ گۈزەل ۋە ئوبرازلىقلىقى، پېرسوناژلارنىڭ مۇكەممەل يارىتىلىشى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ئەندىزە بولالايدۇ. مەسىلەن:

تۈرلۈك چەچەك يازىلدى،
بارچىن يازىم كەرىلدى.

ئۆچماق يەرى كۆرۈلدى،
تۇملۇغ يەنە كەلگۈسىز.
هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى:
تۈرلۈك چېچەك ئېچىلدى،
‹گويا› كىمخاب سېلىنچا سېلىندى.
جەننەت يېرى كۆرۈلدى،
قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بۇ قوشاقتا ياراشتۇرۇپ سۈپەتلەش بىلەن گۈزەل ئوخشىتىش تولىمۇ جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، باھار پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن پۈتۈن تەبىئەتنىڭ خۇددى يېشىل گىلەم يېيىپ قويغاندەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقى تولىمۇ ئىخچام ۋە مۇكەممەل تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور ئاخىرقى ئىككى مىسرادا باھارنىڭ ئۆزى بىر جەننەت، سوغۇق ئەمدى كەلمىسۇن، دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل باھار پەسلىگە بولغان چوڭقۇر سۆيۈنۈشىنى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» تىن بېرىلگەن پارچىلاردىن دەرس ئۆتكەندە، بۇ داستاندا بايان قىلىنغان كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلارغا مۇپەسسەل چۈشەندۈرگەندىن تاشقىرى، داستاننىڭ تىلىنىڭ ساپلىقىنى ۋە ئوبرازلىقلىقىنى، شائىر ئۆزى بايان قىلماقچى بولغان مەقسەتنى خاراكتېرى روشەن بولغان ئوبرازلارغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئومۇمىي تىندىنسىيىنى ئىپادىلەشتە تەسەۋۋۇرنىڭ غايەت زور كۈچىگە تايىنىپ ئوبرازلاشتۇرغانلىقىنى، ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن پەم ـ پاراسەتنى، سەۋر ـ تاقەت بىلەن هايا ـ نومۇسنى «كۈن تۇغدى» ، «ئاي تولدى» ، «ئۆگدۈلمىش» ، «ئودغۇرمىش»

دىگەن جانلىق ئوبرازلارنىڭ دىئالوگ، سۆھبەت، مۇنازىرىلىرى-دىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى تەھلىل قىلغاندا يۇقىرىقىدەك مول تەسەۋۋۇر، روشەن سىمۋول، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلارنى، خاراكتېر يارىتىشتىكى ماسلاشتۇرۇش چېۋەرلىكىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم.

XVI ئەسىردە ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھ سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مۇنداق دەپ يازغان:

گەر لەبىڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى،
گەر بويۇڭنى سەرۋە دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى.

بۇ بېيىتتە شائىر گۈزەل مەھبۇبەسىنىڭ لەۋلىرىنى دەسلەپ غۇنچىغا ئوخشىتىپ سۈپەتلەيدۇ، ئەمما غۇنچىنىڭ سۆزلىيەلمەسلىكىدەك يېتەرسىزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، روشەن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئاشۇرما دەرىجە سۈپىتىدە مەھبۇبەسىنى تەڭداشسىزلاشتۇرىدۇ؛ كېيىنكى مىسرادا بولسا دەسلەپ مەھبۇبەسىنىڭ قامىتىنى سەرۋىگە ئوخشىتىپ سۈپەتلەيدۇ، ئەمما سەرۋىنىڭ ماڭالماسلىقتەك ئاجىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەھبۇبەسىنىڭ گۈزەل قەددى - قامىتىنى تەڭداشسىزلاشتۇرىدۇ. بۇ بېيىتتىكى بەدىئىي كامالەت ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن مۇنەۋۋەر ئۈلگە بولۇپلا قالماستىن، كەلگۈسىدىمۇ ئۆز قىممىتىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارغا ئەلىشىر نەۋائىي، لۇتفى، مەشرەپ، خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى چېۋەرلىكىنى، مەجازى (ئىستىلىستىك) ۋاستىلارنى قوللىنىشتىكى ماھىرلىقىنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك.

## §2 . سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشى

### 1. سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

سەھنە ئەسەرلىرىنى تىل سەنئىتى ۋە سەزگۈ سەنئىتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا تاماشىبىنلار سەھنىدىكى پېرسوناژلارنى بىۋاسىتە كۆرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىدە ھەرىكەت، تىل ۋە قىياپەت ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ سەھنىدىكى ئوبرازى جانلىق يارىتىلىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە خاراكتېرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەھنە ئەسەرلىرىدە زىددىيەت توقۇنۇشى ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئارتىسنىڭ سەھنىدىكى سۆزى، ھەرىكىتى ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىۋاسىتە گەۋدىلىنىدۇ، تاماشىبىنلار پېرسوناژلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ. شۇڭا، ساۋاتسىز ئادەملەرمۇ بۇ سەنئەت شەكلىدىن بىۋاسىتە ھوزۇر ۋە تەربىيە ئالالايدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. پېرسوناژلارنى توقۇنۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى جىددىي توقۇنۇشلاردا ئېچىپ بېرىش سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر.

سەھنە ئەسەرلىرىدە ئاپتورنىڭ خالىغانچە ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەربىر پېرسوناژ ئۆز ھەرىكىتى ۋە تىلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىدۇ. بۇ ئاساسەن دىئالوگ ۋە مونولوگ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

سەھنە ئەسەرلىرى زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، سەھنە ئەسەرلىرى

مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تراگېدىيە، كومېدىيە، تراگېكومېدىيە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دراما، ئوپېرا، بالېت قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) سەھنە ئەسەرلىرىدە شەخس، ۋەقە، ئورۇن ۋە ۋاقىت مەركەزلەشكەن بولىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرى سەھنە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولغانلىقتىن، سەھنە ئەسەرلىرىدە شەخسنى كۆپ گەۋدىلەندۈرۈشكە، كۆرۈنۈشنى چەكسىز قانات يايدۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، رومان، پوۋېستلارنى كىنو سېنارىيىسى، دراما قىلىپ ئىشلەشكە توغرا كەلسە، سەھنە ياكى كىنوچىلىق سەنئىتىگە ماسلاشتۇرۇپ قايتا يېزىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

2) سەھنە ئەسەرلىرىدە زىددىيەت توقۇنۇشى ئىنتايىن كەسكىن ۋە مەركەزلىك بولىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىدە كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشى بولمىسا، سەھنە كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ۋەقەلىك راۋاجىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ.

3) پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىدە سۆز ۋە ھەرىكەتلەر پېرسوناژلارنىڭ پۈتۈن ھېس - تۇيغۇسىدىكى نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى ئىنچىكە سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

## 2. سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت ۋە تەلەپ

1. سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت

بىرىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارغا سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، تۈرلىرى، ئورتاقلىقى، پەرقى توغرىسىدا

بىر قەدەر سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى بىلىم بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارغا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، توغرا ھەق - ناھەق قارىشى، ھەقىقىي ئەخلاق قارىشى يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىش.

2. سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشىدىكى تەلەپ

ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ھەرخىل سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلىۋالالايدىغان، باش تېمىسىنى توغرا باھالىيالايدىغان، پەرقىنى، ئالاھىدىلىكىنى توغرا، ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئادەتتىكى كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى يازالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 3. سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

1) ئىزاھات بېرىش. بۇنىڭدا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار، ئاپتور، ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلىدۇ.

2) بىر پۈتۈن ۋەقەلىكنى چۈشەندۈرۈش. بۇنىڭدا بېرىلگەن پارچىنىلا سۆزلەش بىلەن چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىر پارچە ئەسەردىكى تۈپكى ئىدىيە ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى پۈتكۈل ئەسەرگە سىڭگەن بولىدۇ.

3) تېكىستنى ئوقۇش. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى تېكىستنى ئۆزى ئوقۇپ ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنى پېرسوناژلار بويىچە روللارغا ئايرىپ ئوقۇتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر مەكتەپ ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىگە ئىگە بولغان بولسا، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلاردىن پايدىلانسا، بۇنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە

ياخشى بولىدۇ.

4) تەھلىل قىلىش. بۇنىڭدا ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى، ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى، ئەسەر تىلى قاتارلىقلار ئەسەر مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ تەھلىل قىلىنىدۇ.

5) خۇلاسە چىقىرىش. بۇنىڭدا ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. خۇلاسە چىقىرىلغاندا دەرس ياخشى ئۆتۈلدى ياكى ياخشى بولمىدى، دەپ خۇلاسە چىقىرىلماستىن، شۇ سائەتتە سۆزلەنگەن مەزمۇنلار بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ مەزمۇنلارنى جەزمەن ئەستە ساقلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 4. سەھنە ئەسەرلىرى ئوقۇتۇشىنىڭ پرىنسىپلىرى

1. ئومۇمىي مەزمۇننى چۈشەندۈرۈش

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى سەھنە ئەسەرلىرى كۆپ پەردىلىك سەھنە ئەسەرلىرىدىن تاللىۋېلىنغان پارچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، تېكىستنى تەھلىل قىلىشتىن ئىلگىرى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ پۈتۈن ۋەقەلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن پارچىنى تەھلىل قىلىش، ئوقۇغۇچىلارغا ئومۇمىي مەزمۇننى چۈشەندۈرۈش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يېشىپ بېرىش، ئەسەر تۈزۈلۈشىنى چۈشەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ، ھەتتا تولۇق، توغرا تەھلىل قىلىشقا مۇمكىن بولماي قالىدۇ. مەسىلەن، زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» درامىسىدىن بېرىلگەن پارچىدىن دەرس ئۆتكەندە، بۇ ئەسەر تۆۋەندىكىدەك ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تونۇشتۇرۇلسا بولىدۇ:

سىدىق ئاخۇن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن زورىخان يالغۇز قىزى غۇنچەم بىلەن قالىدۇ ۋە تىرىشىپ - تىرمىشىپ

تىرىكچىلىك قىلىدۇ. لېكىن يەرلىك ھاكىملارنىڭ زۇلمى ۋە ئۈزلۈكسىز كېلىۋاتقان ئالۋان - ياساق بۇ تىنچ ئائىلىنى تالاپەتكە دۇچار قىلىدۇ. ئۆيدە ئەركىشى بولمىغانلىقتىن، ئونبېشى، يۈز بېشى ۋە دورغىلار بۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى سېلىشقا باشلايدۇ. زورىخان ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ۋە كېسەلچانلىقىنى، غۇنچەمنىڭ نۇرۇمغا بولغان مۇھەببىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئىككى ياشنىڭ تويىنى قىلىپ خاتىرجەم بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەل - يۇرت ئالدىدا چوڭ توي قىلىش خىيالىدا بولغاچقا، توي ئىشى ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مانا شۇنداق پەيتتە ئاچ كۆز، ھىيلىگەر ئۆمەر شاڭيۇ بۇ ئائىلىنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا زەھەرلىك قولىنى سوزىدۇ. ئۇ نۇرۇمنى يىللىقچىلىققا ئېلىش يولى بىلەن مەھەللىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، غۇنچەمنى 4 - خوتۇنلۇققا ئېلىپ، زورىخاننىڭ مال - مۈلكى ۋە ئالمىلىق بېغىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. بىراق، شاڭيۇنىڭ چوڭ خوتۇنى شەرۋان كۈندەشلىك تۈپەيلىدىن بۇ ئىشقا يول قويماي، غۇنچەمنى ئوغلى سىيىتقا ئېلىپ بېرىش پىلانىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ كۈنلەردە زورىخان ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شاڭيۇمۇ يالغاندىن زورىخاننىڭ ئۆلۈمىنى 355 سەر كۈمۈش خەجلەپ ئۇزاتتىم دەپ، ئۇنىڭ مال - مۈلكى، باغ - زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، غۇنچەمنى ئۆيىگە ئاپىرىۋالىدۇ. ۋەقە بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن، ئورۇن ئۆمەر شاڭيۇنىڭ ھويلىسىغا يۆتكىلىدۇ. جادۇگەر شەرۋان غۇنچەمنى رەھىمسىزلەرچە قىينايدۇ، خورلايدۇ ۋە لايغەزەل ئوغلى سىيىت ماڭقىغا نىكاھلاپ قويىدۇ. توي كېچىسى يىگىت ھۇجرىغا كىرىشتىن بۇرۇن نۇرۇم سىنىپپى قىرىندىشى پاتەمخاننىڭ ياردىمىدە غۇنچەمنى ئېلىپ قاچىدۇ. نۇرۇمنىڭ بۇ ئىشىغا يىللىقچى تۇرغان بىلەن قازاق يىگىت ئامانتاي ياردەم بېرىدۇ. لېكىن، بۇ بىر جۈپ ياش تۇتۇلۇپ قالىدۇ. نۇرۇم، تۇرغان، ئامانتايلار شەنگەن يامۇلىغا

قاملىدۇ. غۇنچەم يەنە ئەشۇ شاڭيۇنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە قاراڭغۇلۇق بىلەن تولغان ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ قاملىدۇ. دەرد ـ ئەلەم، زۇلۇم ۋە خورلىنىش تۇپەيلىدىن، غۇنچەم سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىيىت غۇنچەمنى قاتتىق ئۇرۇپ، سۆرەپ، نىمجان قىلىپ قويىدۇ. پاتەمخان ۋە ئۇنىڭ بىر مەزگىل قايمۇقۇپ، شاڭيۇنىڭ چاپارمىنى بولغان ئوغلى مەشرەپ بىر تىيىن ھەق ئالالماي بۇ ئائىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. بۇ ياۋۇز بۆرە ئۇۋىسىدا غۇنچەم يالغۇز قالىدۇ. ئاخىرى غۇنچەم يېرىم جان ھالەتتە باغقا سۆرەپ چىقىلىپ تاشلىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ كېسىلى دەرد ـ خورلۇقتىن ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، نۇرۇمغا تارتىشىپ كۆزى يۇمۇلمايدۇ. مانا شۇ پەيتتە نۇرۇم ئۆز سەبداشلىرى بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ كېلىدۇ. غۇنچەم نۇرۇمنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزىدۇ.

نۇرۇم: مېنىڭ قولۇمدا جان ئۈزدى، ئېسىت! ئېچىلماي توزىغان غۇنچەم!

ئامانتاي: يەنچىلگەن غۇنچەم!

تۇرغان: ئىنتىقام ئېلىش كېرەك، ئىنتىقام!!!

ئۈچ يىگىت پىچاقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەزەپ بىلەن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلىنىدۇ.

دېمەك، سەھنە ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن، ئەسەرنىڭ پۈتۈن ۋەقەلىكىنى يۇقىرىقىدەك ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىش لازىم.

2. سەھنە ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش

سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار ئوبرازى بىلەن مەركىزىي ئىدىيە زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى پېرسوناژلار ئوبرازىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ.

1) سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىش

پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىش سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى. چۈنكى، سەھنە ئەسەرلىرىدە مەركىزىي ئىدىيە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، پائالىيىتى ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ. پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلغاندا، پېرسوناژلارنىڭ سەھنىدىكى ھەرىكىتى، تىلى (دىئالوگ ۋە مونولوگ)، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، مەيدانى، كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشى، ئىچكى ئىپادىسى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «غۇنچەم» دىرامىسىنىڭ 2 ـ پەردە 1 ـ كۆرۈنۈشىدە باسىت بىلەن ئۆمەر شاڭيۇ ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك دىئالوگ بار:

. . . . . .

شاڭيۇ: ئارپا ـ بىدە پۇلىدىن خېلى ئوغرىلىغانسەن؟

باسىت: بىز ناھايىتى ئىككى تەڭگىنىلا تۇتۇۋالدۇق. دېھقانلارغا بىر خو ئارپا، يۈز باغ بېدە ئۈچۈن تۆت تەڭگىدىن تارقىتىپ بەردۇق.

شاڭيۇ: باشقا ئەللىكبېشىلار ئۈچ تەڭگىدىن تارقىتىپ، ئۈچ تەڭگىنى ئۆزلىرى ئاپتىغۇ؟!

باسىت: بىزنىڭ قول ئاستىمىزدا بىر كۆكەمە بار. شۇنىڭ چاتاق چىقىرىشى بىلەن بۇ قېتىم شۇنداق بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت بىرخو ئارپا، يۈز باغ بېدە ئۈچۈن 12 تەڭگە بېرىپتۇدەك، قالغىنى كىمنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى، ھەممىسىنى بەرسۇن دەپ تۇرۇۋالدى.

شاڭيۇ: سەن ھۆكۈمەت ئىشىغا نېمە ئارىلىشىسەن دەپ تازا قامچىلاش كېرەك. ئۆزەڭغۇ تازا لاتىدەك بىر نېرۋىكەنسەن.

ئونبېشىلىرىڭغا باغلىنىپ مەيەرگە ھەيدەپ كەلسەڭ بولمامدۇ، قارىياغاچقا ئېسىپ، ئەدىپىنى بېرەتتىم مۇناپىقنىڭ. شۇنداق ئوت قۇيرۇقلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، يۈرىكىنى مۇجۇپ قويمىسا، باشقا مۇتىھەملەر ئەدەپ كېتىدۇ. قارا تېخى، ئۇيالماي كىمنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى دېگىنىنى.

. . . . . . . . .

يۇقىرىقى دىئالوگلاردىن ئۆمەر شاكىيۇنىڭ ناھايىتىمۇ مۇتىھەم، زالىم، خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورايدىغان ئاچ كۆز خاراكتېرىنى، شۇنداقلا يەرلىك بەگ - تۆرىلەرنىڭ ئونبېشى، ئەللىكبېشى قاتارلىق يالاقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقىدەك ئىدىيىنى يەكۈنلىگىلى بولىدۇ.

2) سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلىش

سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا پۈتۈن ۋەقەلىكنى بىرلىك قىلىپ، سەلبىي ۋە ئىجابىي پېرسوناژلار توغرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئاخىرلىشىش جەريانىغا ئاساسەن، مەركىزىي ئىدىيىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا مەركىزىي ئىدىيىنى يەنىلا پېرسوناژلار ئوبرازىغا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش لازىم. چۈنكى، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق تاپشۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، «غۇنچەم» درامىسىنىڭ 1 - پەردىسىدە ئۆمەر شاكىيۇ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ خوتۇنىنىڭ ياخشى ئىككى نەرسىسى بار - دە، بىرى، مۇشۇ ئالمىلىق بېغى، بىرى، قەلەمقاش قىزى، ھەر ئىككىلىسىنى ئەپلەپ قولغا چۈشۈرۈش كېرەك. مەن مۇشۇ چاغقىچە سەپسالماي يۈرۈپتىكەنمەن - دە، تىرناقتا توختىغىدەك بالا بوپتۇ ئەمەسمۇ بەچچىغەرنىڭ قىزى! ھەر كۆنى شۇنداق قىز، قىمىز ھەم سىمىز قوزا بولۇپ

تۇرسا، ئادەم قېرىمايدۇ – دە بۇ دۇنيادا. بۇ خوتۇن قورسىقىدا قىزنى نۇرغا بەرمەكچى ئوخشايدۇ، نۇرنى قارمىقىغا ئېلىۋالغىنىم ياخشى بولدى. ئەمدى ماۋۇ سۆزمەن خوتۇننى كۆزدىن يوقاتساق قىزىمۇ، بېغىمۇ نەگە بارىدۇ؟ ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇيمىز – دە! مۇشۇ گۈللۈك باغدىلا مۇشۇ چىرايلىق قىزچاقىقا ئۆي تۇتۇپ بېرىمىز. يامىنىغا كەلسە جاجىسى ئازراق پۇل، تول خوتۇن، يېتىم ئوغۇل دېگەننىڭ قولى نەگە يېتىدۇ؟!» دەيدۇ. بۇ مونولوگ ئۆمەر شاڭيۇنىڭ ھىيلىگەر، زالىم، قارانىيەت خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، كونا جۇڭگودىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى قانداق بوزەك قىلىپ، خالىغانچە بۇلاڭ – تالاڭ قىلالايدىغانلىقىدەك سىنىپىي ماھىيەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

3) سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى تەھلىل قىلىش

سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا، ئەسەرنىڭ قانچە پەردە، قانچە كۆرۈنۈشكە بۆلۈنگەنلىكى تەھلىل قىلىنىدۇ. بىراق ئەسەرنىڭ قانچە پەردە، قانچە كۆرۈنۈشكە بۆلۈنگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ يەردە ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تۈگۈنى قانچىنچى پەردە، قانچىنچى كۆرۈنۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، راۋاج، كۇلمىناتسىيە، يېشىم قاتارلىقلار قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. مەسىلەن، «غېرىب – سەنەم» ئوپېراسىنىڭ تۈگۈنى ئابباس شاھنىڭ خوتۇنى بىلەن ھەسەن ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بىرلا ۋاقىتتا ھامىلدار بولغانلىقى، ئەگەر تۇغۇلغان بالىنىڭ بىرسى قىز، بىرسى ئوغۇل بولسا، ئابباس شاھ بىلەن ھەسەن ۋەزىرنىڭ قۇدا بولۇشماقچى بولۇپ ئەھدىنامە تۈزۈشكەنلىكىدۇر؛ راۋاجى ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، شاۋاز ۋەزىرنىڭ ئارىغا قېتىلىشى قاتارلىقلاردۇر؛

كولمىناتسىيىسى بولسا «ئەھدىنامە» نىڭ يىرتىپ تاشلىنىشى، غىرىب تاغلىقلار بىلەن بىرلىشىپ ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، شاۋاز ۋەزىرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، شاھنى ۋە دۆلەتنى بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالغانلىقىدۇر.

بۇ ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى تەھلىل قىلغاندا، يۇقىرىقى سۇژىت بۆلەكلىرىنىڭ قانچىنچى پەردە، قانچىنچى كۆرۈنۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا مىسال بىلەن كونكرېت چۈشەندۈرۈش لازىم.

4) سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى تەھلىل قىلىش

تىل بەدىئىي ئەسەرلەردە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، سەھنە ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى سەھنە ئەسەرلىرىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى تەھلىل قىلىشتا، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگىنى تەھلىل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تىلىنىڭ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى، ئىچكى دۇنياسىنى، قىلمىشلىرىنى، خۇي - پەيلىنى ئىپادىلەشتە ئوينىغان رولىنى مىساللار ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن، «غۇنچەم» درامىسىنىڭ 2 - پەردە 1 - كۆرۈنۈشىدە ئۆمەر شاڭيۇ بىلەن باسىت ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ بار:

. . . . . . . . .

شاڭيۇ: مەن شاڭيۇلۇقنى ئالغىچە ئاز چىقىم تارتتىممۇ؟ ئوردىغا يۈگۈرۈپ، شەنگەن يامۇلىغا يۈگۈرۈپ، يۇرتقا چاي قويۇپ قانچە يامبۇ، قانچە مۇنەك پۇللار چىقىپ كەتتى؟

باسىت: دارىن، لوزۇڭ بەگلەرگە تارتۇق قىلىنغان ئاق يامبۇلارچۇ تېخى.

شاڭيۇ: ھە، مېنىڭ شۇنچە كەتكەن چىقىملىرىمنى يۇرت

تۆلىمەي كىم تۆلەيدۇ؟ !
باسىت: شۇنداق بولماي، يۇرتنىڭ گەدىنىدىكى قەرزدە ئۇ.
شاڭيۇ: ئەمىسە ئارپا، بېدىگە چىققان 12 تەڭگىنىڭ ئالتە تەڭگىسىنى ئېلىپ، يۇرتقا چېچىلىدىغان 100 تەڭگە سېلىقنى 150 تەڭگە قىلىپ، بىرسىنىڭ داۋاسىنى پۈتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئېلىپ تۆلىمىسە، دىۋە، پەرىدىن پۈتكۈزۈپ ئالىمەنمۇ بۇ ھەققىمنى؟ !

بۇ دىئالوگدىن شۇ سۆزنى قىلىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكنى (ئۆمەر شاڭيۇنىڭ رەھىمسىزلىكىنى، ھاكاۋۇرلۇقىنى، باسىتنىڭ خۇشامەتچى، دەيدەيچى ئىكەنلىكىنى)، ئىچكى دۇنياسىنى (ئاچ كۆزلۈكىنى، پەسكەشلىكىنى)، قىلمىشلىرىنى (جازانىخورلۇقىنى، پارىخورلۇقىنى)، تەركىبىنى (بىرسى زالىم پومېشچىك، بىرسى غالچا ئىكەنلىكىنى) چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ درامىدا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر دىئالوگ بار:
نۇرۇم: ئاغىنىلەر بىلىپ قويۇڭلار، بىزگە كىم دوست، كىم دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بۇگۈن بۇلار ئاپ ـ ئاشكارا تونۇتتى.
ئامانتاي: شاڭيۇنىڭ قورلىغىنى بىز كۆپ تارتتىققۇي؛ ئانا جىلى قاسقىر تارتقان تۆرت قوي ئۇشۇن ئۆلگىدەك سابادى. . .
غۇنچەم: قان قۇسۇپ ئۆلە ئىلاھىم!

مانا بۇ تىل پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، مىللىتى، جىنسىگە خاس بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەر قانداق شەخسلەر ئىكەنلىكىنى، روھىي ھالىتىنى، مۇناسىۋىتىنى، مەيدانىنى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

5) سەھنە ئەسەرلىرىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنى ۋە مۇھىم ناخشا ـ قوشاقلارنى تەھلىل قىلىش

ھەرقانداق سەھنە ئەسەرلىرىدە ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشى

بولىدۇ. بىز سەھنە ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلغاندا شۇ ئەسەردىكى ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشنىمۇ تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك.

سەھنە ئەسەرلىرىدىكى توقۇنۇشلارنى تەھلىل قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارغا سۇژىت لىنىيىسى بويىچە، ئېكسپوزىتسىيىسىدىن تارتىپ يېشىمىگىچە زىددىيەتلەرنىڭ قانداق راۋاجلانغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم. مەسىلەن، «غۇنچەم» دىرامىسى غۇنچەم بىلەن زورىخاننىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشىدىن باشلىنىدۇ، زورىخاننىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، غۇنچەمنى سىيىت ماڭقىغا نىكاھلاپ قويۇشتىن باشلاپ زىددىيەت مۇرەككەپلىشىدۇ. توي كۈنى كەچتە نۇرۇم غۇنچەمنى ئېلىپ قاچقاندىن كېيىن زىددىيەت بىردىنلا ئۆتكۈرلىشىپ، سەھنە ئۆتكۈر توقۇنۇش باسقۇچىغا كىرىدۇ. دېمەك، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ زىددىيەت توقۇنۇشىنى تەھلىل قىلغاندا يۇقىرىقىدەك تەرەپلەرنى تەھلىل قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سەھنە ئەسەرلىرىدىكى ناخشا تېكىستلىرى، بېيىت، قوشاقلارنىمۇ تەھلىل قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئۇلاردا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىگە ئائىت مەزمۇنلار، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئائىت مەزمۇنلار، ئەسەر تىلىنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، «غۇنچەم» دىرامىسىدىكى قىز كۆچۈرۈش قوشىقىدىن شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي كۆچۈرۈش ئادەتلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. دىرامىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر خور بار:

ئۈزۈلدى رىشتىدىن ئۈنچە،  
ئېچىلماي توزىدى غۇنچە.  
جاھان يوقسۇلغا گۆر بولدى،  
زامانىنىڭ خوۋلىقى شۇنچە.

قىساس بىزگە قارار بولسۇن،

غەزەپلەر زۇلپىقار بولسۇن.
پاچاقلانسۇن زۇلۇم تەختى،
ئادالەت ئەلگە يار بولسۇن.

يۇقىرىقى ئىككى كۇپلېت تېكىستتە فېئوداللىق كونا جۇڭگونىڭ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىپ، يوقسۇللارنىڭ ئادالەتسىز زامانغا بولغان ئۆچمەنلىكى، ئازاد، يورۇق، يېڭى زامانغا بولغان ئىنتىلىشلىرى، تەڭسىز ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئەزگۈچى سىنىپلارغا بولغان ئوتتەك غەزەپ - نەپرىتى ئىنچام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

دېمەك، سەھنە ئەسەرلىرىدىكى ناخشا - قوشاقلارنى تەھلىل قىلىش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى باھالاشقا ۋە مەركىزىي ئىدىيىنى يىغىنچاقلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

# سەككىزىنچى باب ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى، ماقالە ئوقۇتۇشى ۋە دەرستىن سىرتقى ئەدەبىي پائالىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش

## 1 § . ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى

### 1. ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەزمۇنى

تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە تەپەككۇر قورالى. ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق پائالىيىتى تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، تىل ۋە ئۇنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ئىلىم - پەن ئۆگىنىشتىكى بىرىنچى قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي، گۈزەل، پاساھەتلىك تىللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەڭ ئىمكانىيەتلىك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە تىل. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنى مىللەت سۈپىتىدە شەكىللەندۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىشتا ئۈنۈملۈك قورال بولۇپ خىزمەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ بىلگەن ھەر قانداق كىشى بۇ تىلنى قەدىرلىشى، ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىشى، ئۇنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئۇنى بىمالال ئىشلىتىشنى بىلىشى زۆرۈر.

تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، تىلنىڭ ئاساسىي تەركىبى فونېتىكا، لېكسىكا، گراممatikىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالغان تىل بىلىملىرىنى تەكرارلاش، مۇستەھكەملەشتىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق بىلىم بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش تەركىبى، تاۋۇش تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ھەمدە تىل تاۋۇشلىرىنى توغرا ئاڭلاش، توغرا تەلەپپۇز قىلىش، توغرا پەرق ئېتىش ۋە ئوڭاي ئەستە قالدۇرۇش يوللىرىنى، يەنى فونېتىكىنى ئوبدان ئۆگىتىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراممatikىسىنى ئوبدان ئۆگىتىش لازىم. گراممatikا تىلنىڭ قۇرۇلۇشى، تىل تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن باغلىنىشى قاتارلىقلارنى ئېنىقلايدۇ. لېكىن، گراممatikا تىلدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى بەلگىلەشتە مەلۇم سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى، مەلۇم جۈملە توغرىسىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ياكى مەلۇم بىر يەرلىك شېۋىنى ئاساس قىلمايدۇ، بەلكى ئومۇمىي مىللىي تىلغا ئورتاق بولغان سۆز ئۆزگىرىشلىرىنى، پۈتۈن بىر مىللەت تىلى ئۈچۈن ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ ۋە شۇ ئاساستا تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ. گراممatikا مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس بولۇپ ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى، يەنى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش، ياسىلىش ۋە تۈركۈملەرگە ئايرىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەكشۈرىدۇ

ۋە ئۆگىتىدۇ. سىنتاكسىس جۈملىنىڭ تۈزۈلۈش قانۇنىيەتلىرىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات ھەققىدە دەسلەپكى ساۋات بېرىشتىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش، تىلنى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدە ئورۇنداشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش خىزمىتى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى قىلىنىشى كېرەك.

لېكسىكا تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ، تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى تەركىبىدە ئۇزاق تارىختا ئىگە قەدىمكى سۆزلەر، يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر، ئىشلىتىلىشتىن قالغان سۆزلەر، يەرلىك شېۋىلەر ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بار.

ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلارغا تىلنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ تەركىبىي قىسمى توغرىسىدا بىر قەدەر سىستېمىلىق بىلىم بېرىپ، ئوقۇغۇچىلاردا ئانا تىلنى قەدىرلەيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان ھېسسىيات يېتىلدۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل بايلىقىنى بېيىتىش، تىلنى چۈشىنىش، ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش لازىم.

## 2. ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ پرىنسىپلىرى

ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا، ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەندە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش زۆرۈر:

1. گرامماتىكىنى ئاساس قىلىش لازىم

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپلىرىدا تىل

قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىتىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئوقۇتۇشتىكى يېتەكچى ئورۇننى گىراماتىكا ئوقۇتۇشىغا بېرىش ھەم ئەدەبىيات دەرسى بىلەن تىل دەرسىنى ئۆزئارا باغلاشقا ماھىر بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز بايلىقى ۋە تىلنى قوللىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

2. تاپشۇرۇققا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ھەققىدىكى نەزەرىيە بىلىملىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپلەپ مەشىق ئىشلىتىش ۋە تاپشۇرۇق بېرىشكە تايىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنىڭ بارلىق قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆنۈكمىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

3. تىل پاكىتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم

تىل نۇرغۇن دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇر تىلى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ جەرياندا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان، بېيىغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېلېمېنتلارنى ئەڭ قەدىمكى زاماندا باشلانغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارغا تىل پاكىتلىرى توغرىسىدىكى تارىخىي ھادىسىلەرنى تونۇتقاندا، گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسىنىڭ ھازىرقى ئىشلىتىلىۋاتقان شەكىللىرى بىلەن ئىشلىتىلىشتىن قالغان شەكىللىرىنى ئايرىم - ئايرىم تونۇتۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا تىلنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ راۋاجلىنىپ بېيىپ بارىدىغانلىقىنى، يەنى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ بارلىق تىللار قاتارىدا ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى زورۇر بولغان يېڭى سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلار بىلەن تولۇقلاپ، كۈندىن - كۈنگە بېيىپ بارغانلىقىنى

بىلدۈرۈش كېرەك.

ئوقۇغۇچىلار ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى ئاستا - ئاستا يېڭىلىنىپ، تولۇقلىنىپ، بېيىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىش بىلەن بىرگە، تىلنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. تىل پاكىتلىرىنى تارىخىي تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشنى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

4. ئۆتۈلگەن دەرس بىلەن ئۆتۈلىدىغان دەرسنى ئۆزئارا باغلاش كېرەك

باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققان ئوقۇغۇچىلار سۆز تۈركۈمى ۋە جۈملە توغرىسىدا ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، بىر قىسىم ئىملا قائىدىلىرىنى ۋە تىنىش بەلگىلىرى ھەققىدىكى قائىدىلەرنىمۇ ئازراق بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى تولۇقسىز سىنىپلاردا تەكرارلىشى ئورۇنسىز بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلماي، بۇرۇن ئوقۇغانلىرىنى يېڭى مەزمۇن بىلەن باغلىماي ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. يېڭى دەرس ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ دەرس بىلەن باغلىنىشلىق چۈشەنچىلەردىن نېمىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن يېڭى دەرسنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

## 3. ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ ئۇسۇللىرى

1) تولۇقسىز 1 - يىللىقتا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈشنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىمنى بىر قۇر تەكرارلاپ پىششىقلاشتىن باشلاش لازىم. بۇنىڭغا كېتىدىغان ۋاقىت 10 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

2) فونېتىكىدىن دەرس ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلارغا تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنى سىزىپ چۈشەندۈرۈش، سوزۇق تاۋۇش، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ئەھۋالى، چىقىش ئورنى، توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى، بەزىدە چۈشۈپ قېلىشى قاتارلىقلارنى ياخشى چۈشەندۈرۈش لازىم.

3) مورفولوگىيىدىن دەرس ئۆتكەندە، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈپ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە كونكرېت چۈشەندۈرۈشكە، سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن لوگىكىلىق مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

4) 2 - ، 3 - يىللىقلاردا سىنتاكسىستىن دەرس ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلارغا جۈملە، جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش يوللىرى، جۈملە بۆلەكلىرى، جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئەستايىدىل، ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش لازىم.

## 4. گراماتىكىلىق تەھلىلدە ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ

1) ئوقۇتقۇچى گراماتىكىلىق تەھلىل ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى بىر قەدەر ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر پىكىر قىلالايدىغان قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىزچە ۋە يازمىچە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى لازىم.

2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلەرنى ئىملا قائىدىسى بويىچە توغرا يازالىشى ياكى يازالماسلىقى تىلدىن ئالغان ئومۇمىي بىلىمگە باغلىق. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارغا ئىملا قائىدىسىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈش ۋە ئىگىلىتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

3) ئوقۇغۇچىلارغا گراماتىكىلىق بىلىم بېرىشنى

ئەدەبىيات دەرسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، تىلنىڭ تېكىستلەردىكى گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

4) تىنىش بەلگىلىرىدىن دەرس ئۆتكەندە، ئاۋۋال جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئېنىقلىۋېلىش لازىم. بۇنداق بولمىغاندا، ئوقۇغۇچىلار تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قوللىنالمايدۇ.

5) ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىملاسىنى تەكشۈرۈش ۋە توغرىلاش جەھەتتە ياخشى تەييارلىق قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىملاسىدىكى بىر قەدەر ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان خاتالىقلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك.

يۇقىرىقىلارغا ئوبدان ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىلدىن ئوبدان پايدىلىنىشى، ماقالە يازغاندا ياكى سۆزلىگەندە قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياخشى ئاساس يارىتىپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدا مەقسەتكە تولۇق يەتكىلى بولىدۇ.

## § 2 . ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشى

### 1. ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىنىڭ ئەھمىيىتى

يېڭىدىن تۈزۈلگەن «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى ئەدەبىيات بىلىملىرى تەركىبىگە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە، يېزىقچىلىق پرىنسىپى ۋە مەشىقىگە، ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر بىلىملەر، لوگىكا، ئىستىلىستىكا بىلىملىرى تېكىست ئۆرنەكلىرىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەر قايسى يىللىقلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرگە ماسلاشتۇرۇلۇپ بېرىلگەن.

ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى ئەدەبىي بىلىملەر كونكرېت تېكىستلەرگە بىرلەشتۇرۇلۇپ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش پرىنسىپى بويىچە بېرىلگەن بولۇپ، بۇ بىلىملەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن دەسلەپكى نەزەرىيىۋى بىلىم بېرىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەرخىل تېكىستلەرنى تەھلىل قىلىپ دەرس ئۆتۈشتىكى مەقسەت شۇ تېكىستنىڭ مەزمۇنىدىن ئوقۇغۇچىلارنى خەۋەردار قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى شۇ تېكىستلەرگە بىرلەشتۇرۇپ ئەدەبىيات ھەققىدە ئاساسىي بىلىم بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات ھەققىدە دەسلەپكى نەزەرىيىۋى بىلىمنى ياخشى ئىگىلىتىش لازىم. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، ئاڭلاش، سۆزلەش ۋە يېزىش پائالىيەتلىرىنى ئىلمىيلاشتۇرغىلى، ئەدەبىيات ھەققىدىكى نەزەرىيە بىلىمىنى پەيدىنپەي سىستېمىلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات ھەققىدە سىستېمىلىق بىلىم بەرگەندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنۇمسىز يوللارنى تولا مېڭىپ قايمۇقۇپ قېلىشىنىڭ، ژانىرلار ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## 2. ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت ۋە تەلەپ

ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىدىكى مەقسەت — ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات بىلىملىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىگىلىتىپ، ئۈزلۈكسىز مەشىق ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش، ئوقۇش، سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى ئىلمىي نەزەرىيە ئاساسىغا ئىگە قىلىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىدا

تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇنداش كېرەك:

1. ئىخچام بولۇش

ئەدەبىيات بىلىملىرىنىڭ مەزمۇنى مول، تۈرىمۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئەييەن سىستېمىسى بار. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى بىر قەدەر قىسقا، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنرەك، ئۇلاردىن بۇ بىلىملەرنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا پەقەت ھەربىر تۈردىكى ئەڭ مۇناسىۋەتلىك، قېلىپلاشقان مۇھىم بىلىملەرنى، ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق نەرسىلەرنى ئۆگىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىغا بەك يۇقىرى تەلەپ قويۇشقا، تەلەپنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دەرسلىككە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەنلا چەكلىنىش، دەرس مەزمۇنىنى خالىغانچە كېڭەيتىۋەتمەسلىك كېرەك. ئىخچام بولۇش دېگەنلىك، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشىدە مۇرەككەپلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش، زۆرۈر نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىلىش زۆرۈرىيىتى بولغان نۇقتىلارنىلا ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

2. چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش

ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىدە ئىلمىي نەزەرىيەلەر سۆزلىنىدۇ، ئۇنىڭدا جانلىق ئوبرازلار يوق، تىلىمۇ ئابستراكت ۋە ئىخچام بولغاچقا، بۇ بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلار ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلالايدىغان، كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدىغان مىساللارنى كەلتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىلارنى ئىمكانقەدەر كونكرېتلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشى لازىم.

3. ئىشلىتىش

ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشى نەزەرىيە

جەھەتتىكى دەسلەپكى بىلىش ھالىتىدە توختاپ قالسا بولمايدۇ. ئۇلارنى ئىشلىتىشكە، قوللىنىشقا كۆچ سەرپ قىلىش لازىم. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مەشىقنى كۆچەيتىش، يەنى ئوقۇپ تەتبىقلاش مەشقى، تەھلىل قىلىپ تەتبىقلاش مەشقى، يېزىپ تەتبىقلاش مەشقى قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن ئاساسىي بىلىمنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

### 3. ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىنىڭ پرىنسىپلىرى

دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى» (سىناق لايىھە) نىڭ تەلىپى بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ تەركىبىگە لوگىكا، ئىستىلىستىكا، يېزىقچىلىق مەشقى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر بىر قىسىم بىلىملەر كىرگۈزۈلدى. بۇ بىلىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش پەرقى ۋە سىنىپ ئايرىمىسىغا قاراپ ھەمدە ئوقۇتۇشتىكى ئاساندىن قىيىنغا، ئاددىيدىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا ئۆتۈش پرىنسىپى بويىچە «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغا تەگشەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۇرۇش ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ مەشىق قىلدۇرۇشتىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلارغا شۇ ئىشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلىتىشكىمۇ باغلىق. بۇ قانۇنىيەتلەر ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئەدەبىيات، لوگىكا، ئىستىلىستىكا ۋە يېزىقچىلىققا ئائىت بىلىملەرنى مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرۈش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش ئىقتىدارىنى تېز

ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك:

1) بېرىلگەن ئاساسىي بىلىملەر ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان چۈشەندۈرۈلۈپ، پىششىق ئەستە قالدۇرۇلۇشى ھەمدە ئوقۇغۇچىلار ئەستە قالدۇرغان بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئىشلىتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىنىشى لازىم.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئاسانراق بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئىخچام بولۇشى، چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك. ئىخچام بولۇش دېگەندە، ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىي بىلىملەرنىڭ ئەڭ ئىخچام، مۇۋاپىق بولغانلىرىنى بىلدۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈشىنىشلىك بولۇش دېگەنلىك، ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىي بىلىملەرنىڭ ئەڭ ئىخچام، قوللىنىشقا ئەڭ مۇۋاپىق بولغانلىرىنى بىلدۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئوقۇتۇش مەزمۇنى چۈشىنىشلىك بولۇش دېگەنلىك، ئوقۇغۇچىلارغا كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ئاساسىي ئۇقۇملارنى بىلدۈرۈش، ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلىتىش دېگەنلىكتۇر. يەنى كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا، ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈش ئۇسۇلى بويىچە، ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مىسال كەلتۈرۈپ، ئاندىن نەزەرىيىنى ئىخچام سۆزلەش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلار دەرسنى ئاسان چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئەستە قالدۇرالايدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ھەربىر چۈشەنچىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە قىيىن نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش ئەمەلىيىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئومۇمەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاساسىي چۈشەنچىلەرنىڭ مۇرەككەپلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، قىيىنلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا

ئاساندىن قىيىنغا ئۆتۈش ئۇسۇلى بويىچە بىلدۇرۇش لازىم. ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ، نەزەرىيىنىلا سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگەنگەنسېرى قوبۇل قىلالمايدىغان قىلىپ قويماسلىق كېرەك. ئوقۇغۇچىلار نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە باغلىيالايدىغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدىغان بولغاندىلا ئاندىن چۈشەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇقۇم ۋە قائىدىلەرنى ئىشلىتىشنى بىلىۋېلىشىغا، زۆرۈر بىلىملەر، تەبىر ۋە قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىۋېلىش ئاساسىدا ئەستە ساقلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق ئۇقۇملارنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشىغا ئاسان بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تولۇق بىلىۋالغان، كۆپ ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى ئاسان ئەستە قالدۇرالايدۇ. دېمەك، چۈشىنىۋېلىش، ئىشلىتىش بىلەن پۇختا ئەستە قالدۇرۇش زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دىئالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە.

2) ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى دەرسلىكتىكى ئوقۇشلۇق، ئۇلگىلىك تېكىست ۋە ماقالە يازدۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى تېكىست بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شۇنداقلا كونكرېت تىل شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ سۆزلىسە، ئوقۇغۇچىلار ئاسان چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئىشلىتەلەيدىغان بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى دەرس تېكىستلىرىگە تەتبىقلىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىنسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىستنى چۈشىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى ۋە سۈپەتنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ۋە ماقالىلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىمۇ تېكىست بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنداق

قىلىنسا، ئوقۇغۇچىلار ئۆتۈلگەن دەرسنى ئاسان ئەستە تۇتۇۋالالايدۇ ۋە ياخشى چۈشىنىۋالالايدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «تىل ــ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى بىلىملەر ئۆزىگە ماس تېكىستلەر بىلەن گورۇپپىلاشتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، «مۇھاكىمە ۋە كۆنۈكمە» دىكى مەزمۇن ۋە تەلەپلەر ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى بىلەن تېكىست مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرۈشكە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشى ماقالە يازدۇرۇش بىلەنمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم. سۆزلەنگەن ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى، ماقالە يېزىش مەشىقىگە ئائىت بىلىملەرنى تېكىستكە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا يېزىقچىلىق مەشىقىنى يولغا قويغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە يېزىش سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇغۇچىلار يازغان ياخشى ماقالىلەر بىر قەدەر ناچار ماقالىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈلسە، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئەمەلىيەتتە قانداق ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ــ قىسىم «تىل ــ ئەدەبىيات» كىتابىدىكى «بايان قىلىش تەرتىپى» نى سۆزلىگەندە، بىر باسقۇچتىكى بىر قانچە تېكىستنى ۋە بۇرۇن سۆزلەنگەن بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ۋەقەلەرنىڭ قانداق قۇراشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغانلىقىنى، تەرتىپلىك بايان قىلىش، قايتۇرما بايان قىلىش، قىستۇرما بايان قىلىش، پاراللېل بايان قىلىشلارنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىق سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرەر پارچە ۋەكىل خاراكتېرلىك ماقالە يېزىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش زۆرۈر. مۇشۇنداق قىلغاندا،

ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى جانلىق ۋە پۇختا ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

3) مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن گىراماتىكا، لوگىكا، ئىستىلىستىكا قاتارلىق بىلىملەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەش كېرەك. بۇنداق بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەش تىلنى قوللىنىشنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغىمۇ قولايلىق. ماقالە يېزىشتا سۆز تاللاش، جۈملە تۈزۈش، ماقالىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قۇراشتۇرۇش گىراماتىكىغا، ئىستىلىستىكا ۋە لوگىكىغا ئائىت مەسىلىلەرگە تاقىلىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەرقايسى يىللىقلىرىدا گىراماتىكا، ئەدەبىيات، ئىستىلىستىكا، لوگىكا ۋە يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى تېكىستنىڭ تەلىپىگە ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش دەرىجىسىگە ماسلاشتۇرۇپ سۆزلەش لازىم. بۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىغا قويۇش كېرەك.

4) تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش بىلەن تەكرار چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىدا ئاساندىن قىيىنغا، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈشتەك ئوقۇتۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى يىللىقلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرىگە ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى مۇناسىپ تېكىستلەر ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى بىلەن تېكىستلەرنى باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تولىمۇ باب كېلىدۇ. ئۇ

بىلىملەرنى بىرلا جايغا توپلاپ، بىر - بىرىگە خالىغانچە چېتىپ سۆزلەشكە بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش پېداگوگىكا ۋە مېتودىكا قائىدىلىرىگە زىت كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتۇشتا تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەشكە، ئىزچىللىققا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇتۇشىدا كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قېتىم دەرس ئۆتكەندە، ئالدىنقى قېتىم سۆزلەنگەن بىلىمنى تەكرارلاش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرۇش لازىم.

دەرس ئاخىرىدا كۈنۈكمىلەردىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلگەن دەرسنى تەكرار مەشىق قىلدۇرۇش، پىششىقلىتىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. سۆزلەنگەن ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىرەر قېتىم مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ قېتىم مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىتىشكە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

## § 3 . ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشى

### 1. ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنىڭ ئەھمىيىتى

ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشى — ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشى تىل - ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرىنى يېتەكچى قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە جەزمەن بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان بىر يول. ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنىڭ ياخشى - ناچار بولۇشى تىل -

ئەدەبىيات ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالىنىڭ سۈپىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي بىلىم سەۋىيىسىنى ۋە ماقالە يېزىش ئىقتىدارىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ئەمەلىي ماھارەت، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشتە ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولىدۇ.

«پۈتۈن كۈنلۈك 10 يىللىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى» دا: «ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىياتنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى بىلىشتە يازغان ماقالىسىنى مۇھىم ئۆلچەم قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ئىنتايىن ئېتىبار بېرىش لازىم.» دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇنىڭدىن، ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىملىقى بەلگىلىگەن.

ماقالە يېزىش بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك مەشىق ھېسابلىنىدۇ. يەنى ماقالە ئوقۇغۇچىلار ئۆچۈن ئېيتقاندا سۆز ئىشلىتىش، جۈملە تۈزۈش، ماقالىنى قۇراشتۇرۇش، ئىستىلىستىكا، لوگىكا، ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك مەشىق قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزلىرى بايان قىلماقچى بولغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى، ئۆگەنگەن تىل - ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ يېزىق شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنى ياخشى تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلارنى

ماقالىنى ياخشى يازالايدىغان قىلىپ چىقىشتىن مەقسەت، تىل - ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم قورالدىن پايدىلىنالايدىغان يارامىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىشتۇر. شۇڭا، ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنى چىڭ تۇتۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۇرۇش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۇرۇش ئۈچۈن، مۇھىمى ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

1) ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماقالە يېزىش ئىقتىدارىنىڭ يۈكسىلىش جەريانىنى، ماقالە يېزىشنى مەشىق قىلىشنىڭ قانۇنىيىتىنى، يوللىرىنى، قەدەم باسقۇچلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ، ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان ئىگىلەپ، ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشى ھەققىدىكى پىلاننى ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىش لازىم. ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنى ئاخىرىغىچە چىڭ تۇتۇش كېرەك.

3) ئوقۇغۇچىلارنى تۆۋەن يىللىقلاردىن باشلاپلا ماقالە يېزىشنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، ئۇلاردا ياخشى ئەدەبىي ئىستىل يېتىلدۈرۈش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە يازغاندا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، «نىشانلىق ئوق ئېتىش»، پاكىتلىق سۆزلەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىشنى بىلدۈرۈش كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى كۆپ ئوقۇش ۋە كۆپ مەشىق قىلىشتۇر.

4) ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كىتاب - ژۇرناللارنى كۆپ ئوقۇشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەنتىقىلىق پىكىر قىلىش، جۈملىلەرنى توغرا، راۋان، قىسقا تۈزۈش، تىلنى تاللاش ۋە تىلغا

ئىشلەش ئىقتىدارىنى قەدەممۇ قەدەم ئۆستۈرۈش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلەنگەن تېما بويىچە ماقالە يېزىشنى مەشىق قىلدۇرغاندىن تاشقىرى، ئاڭلاپ يېزىش، قىسقارتىپ يېزىش، كېڭەيتىپ يېزىش، ئۆزگەرتىپ يېزىش، بىر قىسمىنى پارچىلاپ يېزىش قاتارلىقلارنىمۇ مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك. ئومۇمەن، ماقالە يېزىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ، ماقالە يېزىشنى مەشىق قىلىش شەكىللىرى خىلمۇخىل بولغانلىقتىن، ماقالە يېزىشنى مەشىق قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك مەشىق قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىدا قوللىنىلغان ئۇسۇلنىڭ جانلىق ۋە كۆپ خىل بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

## 2. ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنىڭ پرىنسىپى

1. ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئاساسىي ماھارەت ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ھاياتى چەكلىك بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار يېزىقچىلىق ماھارىتىنى تولۇق ئىگىلەپ كېتەلمەيدۇ، يېزىقچىلىق دەسلەپكى ئاساسىنىلا تۇرغۇزالايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. ماقالە يېزىش دۇنيا قاراش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ماقالىدە كۆزقاراش ۋە مەيدان روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە يازدۇرۇش دەرسى ئۆتۈشتە، ھەم ئۇلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش تىكلىشىگە ياردەم بېرىش، ھەم ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك.

2. ئىنقىلابىي ئەدەبىي ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش لازىم

ئىنقىلابىي ئەدەبىي ئىستىل ماقالىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدىيىۋى ئىستىلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ماقالىنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي ئىستىل ئېنىق بولۇش، توغرا بولۇش، جانلىق بولۇشتەك ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) توغرا بولۇش. بۇ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىگە، يەنى توغرا مەيدان، توغرا كۆزقاراشنىڭ بولۇشىغا، ماتېرىيالنىڭ ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بولۇشىغا قارىتىلغان.

2) جانلىق بولۇش. بۇ ماقالىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىنىڭ جانلىق، جۇشقۇن، تېتىك بولۇشىغا قارىتىلغان.

3) ئېنىق بولۇش. بۇ مەركىزىي ئىدىيىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇشىغا، نېمىنى سۆيۈپ، نېمىگە نەپرەتلىنىشنىڭ، نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئېنىق بولۇشىغا قارىتىلغان. بۇ ئۈچ تەرەپ بىر- بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئىچىدە توغرا بولۇش ئالدىنقى شەرت. توغرا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىلا، جانلىق ۋە ئېنىق بولۇشنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

3. ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشى ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي بىلىمى يېتەرسىز بولغاچقا، ئۇلار ماقالە يېزىشتا قىيىنىلىپ قالىدۇ، ماتېرىيال تاللاش ۋە ماتېرىيالنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشى بىلەن ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ھەربىر باسقۇچتا ئۆتۈلگەن ئاساسىي بىلىم دەرسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

4. تېما مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

ماقالە يازدۇرۇش ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارغا تېما بەلگىلەپ بېرىشكىمۇ، تېما دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تېما تاللاپ ماقالە يازسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا تېما بەلگىلەپ بېرىپ ماقالە يازدۇرۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئەتراپىدىكى مۇھىت كۆزدە تۇتۇلۇشى لازىم. ئوقۇتۇش ئورنى يېزىدا بولغان بولسا، يېزىلار ھەققىدە، زاۋۇت، كان، كارخانىلار جايلاشقان رايوندا بولغان بولسا زاۋۇت، كان، كارخانىلار ھەققىدە، قىسقىسى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشلۇق بولغان شەيئىلەر ھەققىدە تېما بەلگىلەپ بېرىش كېرەك. تېما ماقالىنىڭ بايرىقى. تېما ياخشى بەلگىلەنسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولسا، ئوقۇغۇچىلارمۇ ماقالىنى ئانچە قىينالماي يېزىپ چىقالايدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا تېما بەلگىلەپ بېرىشتە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) تېما ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا ۋە ئىدىيىۋى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلار چىقىرىلغان تېمىدىن يازغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، چىقىرىلغان تېما بويىچە ماقالە يېزىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشى لازىم.

2) تېمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى مۇۋاپىق بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا ۋە سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. تېما بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، ئوقۇغۇچىلار گاڭگىراپ قېلىپ ماقالىنى ياخشى يازالمايدۇ. تېما ئادەتتە كىچىكرەك، كونكرېت بولغىنى ياخشى. مەسىلەن، «بىزنىڭ مەكتەپ»، «مېنىڭ دادام» دېگەندەك.

3) تېما ئۆتۈلگەن دەرس ياكى دەرستىن سىرتقى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىي يېزىقچىلىقتا ئىشلىتەلەيدۇ ھەمدە ئوقۇش جەريانىدا ئىگىلىگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە مۇستەھكەملىيەلەيدۇ،

راۋاجلاندۇرالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوشۇمچە ماتېرىياللارنى كۆرۈش قىزغىنلىقى ئاشىدۇ.

4) تېما قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق بولۇشى كېرەك. تېما ئوقۇغۇچىلاردا قىزىقىش، ھەۋەس قوزغىيالىسا، ئوقۇغۇچىلار دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ ھەمدە ئۆزى قىزىققان تېمىنى ياخشى يازالايدۇ.

5) تېمىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە يېزىشى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر يېزىشى پەرقلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ماقالە يېزىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ماقالە يېزىشنى مەشىق قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلارغا يازغۇچىلارغا قويغاندەك تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە يازدۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسى بولىدىغان، ئۆزىنى دۇنيا قاراش جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ياردىمى بولىدىغان تېمىلاردا ماقالە يازدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## 3. ماقالىنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش پىكرى يېزىش

ھەرقانداق ماقالىنى بىر قېتىم قەلەم تەۋرىتىش بىلەنلا ياخشى يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ، يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش كېرەك. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار يازغان مەشىق ماقالىلىرىنى تەكشۈرۈشى ۋە تۈزىتىشى، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە جەھەتتىكى تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېيىنكى قەدەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىشىغا پايدىلىق، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق ماقالىلىرىنى تەكشۈرگەندە، ماقالىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار

يازغان مەشىق ماقالىلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەكشۈرۈش بىلەن بەدىئىيلىكىنى باھالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى تەكشۈرگەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم:
1) ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك. يەنى ماقالىدە نېمىگە مەدھىيە ئوقۇلۇپ، نېمىگە قارشى تۇرۇلغانلىقى، ئىجابىي ئامىللار بىلەن سەلبىي ئامىللارغا تۇتۇلغان پوزىتسىيە ۋە شەرھلەش جەريانىدىكى ھېسسىيات قاتارلىقلارغا قاراش لازىم.
2) نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرا بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. يەنى ماقالىدە يېتەكچى نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئىجابىي تەرەپكە مايىل ياكى سەلبىي تەرەپكە مايىل ئىكەنلىكىگە، نۇقتىئىنەزەرنىڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ياكى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك.
3) كۆزقاراش بىلەن ماتېرىيالنىڭ بىرلەشكەن ياكى بىرلەشمىگەنلىكىگە قاراش لازىم. يەنى ماقالىدىكى يېتەكچى كۆزقاراش بىلەن ماقالىگە تاللىۋېلىنغان ماتېرىيالنىڭ باغلىنىشى بار - يوقلۇقىغا قاراش كېرەك.
4) مۇھىم نۇقتىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەن ياكى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەنلىكىگە قاراش لازىم. يەنى ماقالىدە پىكىر تەرتىپى ۋە ئىزچىللىقىنىڭ مۇھىم نۇقتىنى مەركەز قىلغان - قىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.
ماقالىنىڭ بەدىئىيلىكىنى باھالىغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى تۇتقا قىلىشقا بولىدۇ:
1) ماتېرىيال تاللاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولغان ياكى بولمىغانلىقى؛
2) پىكىر تەرتىپىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى؛
3) ئابزاس ۋە بۆلەكلەرنىڭ ئېنىق بولغان - بولمىغانلىقى؛

4) سۆزلەرنىڭ توغرا، جايىدا قوللىنىلغان ياكى قوللىنىلمىغانلىقى؛

5) جۈملىلەرنىڭ راۋان ياكى راۋان ئەمەسلىكى؛

6) ئىملانىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقى، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ جايىدا ئىشلىتىلگەن ياكى جايىدا ئىشلىتىلمىگەنلىكى.

مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن سۈپەتى تۆۋەن بولۇپ قالغان ماقالىلەرنى ئوقۇتقۇچى تەپسىلىي كۆرۈشى، كۆپ ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكى، ئەڭ ياخشىسى شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە تۈزەتكۈزۈشى كېرەك. بىراق، ئوقۇتقۇچىنىڭ تۈزىتىش پىكرى ئېنىق يېزىلىشى لازىم.

ماقالە يېزىلغان دەپتەرگە تۈزىتىش پىكرى يېزىلغاندا، ئوقۇغۇچىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەر يېزىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە ماقالە يېزىش قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ماقالە - ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈشى ۋە تۈزىتىش پىكرى يېزىشى خۇددى يولدىن ئېزىپ قالغان كىشىگە توغرا يول كۆرسىتىپ بەرگەندەك رول ئوينىشى كېرەك.

ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە يازدۇرغاندا نېمە ئاساسىي نۇقتا قىلىنغان بولسا، ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالىلەرنى تەكشۈرگەن ۋە تۈزىتىش پىكرى يازغاندىمۇ شۇ ئاساس قىلىنىشى لازىم.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالىلەرتوغرىسىدىكى تۈزىتىش پىكرى شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى، ئوقۇغۇچىلارنى قايسى نىشانغا قاراپ يېتەكلەۋاتقانلىقىنى، ئىدىيە جەھەتتە ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتى جەھەتتە قانداق تەربىيىلەۋاتقانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ياخشى يېزىلغان تۈزىتىش پىكرى ئوقۇغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ تۈزىتىش پىكرى يېزىلغاندىن كېيىن،

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىش كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىسىنى تەكشۈرگەندە خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى، ئۆلگىلىك ياكى قاملاشمىغان سۆز - جۈملىلەرنى تولۇق خاتىرىلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشى لازىم.

## 4. ماقالىنى باھالاش ۋە خۇلاسە قىلىش

ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقى بېرىلگەن ئىكەن، ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالىلەرنى جەزمەن باھالاش، ياخشى يازغانلار بىلەن ياخشى يازالمىغانلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش لازىم. شۇنداق بولغاندا، ياخشى يازغانلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرگىلى، ياخشى يازالمىغانلارغا ياخشى يېزىش ھەققىدە تەربىيە بەرگىلى بولىدۇ. ماقالە - ئەسەرلەرنى باھالىغاندا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

1) نومۇر قويۇش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە تاپشۇرۇقىنى باھالاشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە تاپشۇرۇقىنى نومۇر قويۇپ باھالىغاندا جەزمەن بەلگىلىك ئۆلچەم ۋە نومۇر تەقسىماتى بولۇشى لازىم. مەسىلەن، ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا مانچە نومۇر، بەدىئىيلىكىگە مانچە نومۇر، ئىملاسىغا مانچە نومۇر ... دېگەندەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بېرىلگەن نومۇر تەكشىسىز بولۇپ قېلىپ، باھالاشتا ئېگىز - پەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

2) باھالاش سۆزى يېزىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل ماقالە تاپشۇرۇقىنى باھالاشتىكى قوشۇمچە ئۇسۇل بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسەن ماقالىنىڭ ياخشى يېزىلغان تەرىپى بىلەن ياخشى يېزىلمىغان تەرىپى كۆزدە تۇتۇلۇپ باھالاش سۆزى يېزىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئالدى بىلەن ماقالىنىڭ ياخشى يېزىلغان تەرەپلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ باھالاش سۆزى يېزىش، ئاندىن

ياخشى يېزىلمىغان تەرىپىنى كونكرېت كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. ماقالىنىڭ نەتىجىسىز تەرەپلىرى توغرىسىدا پىكىر يازغاندا بولمىغۇر گەپلەرنى يېزىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تېگىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئىمكانقەدەر ئۇلارغا ئىلھام بولىدىغان گەپلەرنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ماقالە يېزىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. ماقالە تاپشۇرۇقىنى باھالاپ بولغاندىن كېيىن، دەرسخانىدا خۇلاسىلەپ بېرىش كېرەك. ماقالىنى باھالاپ بولۇپ خۇلاسە قىلمىغاندا، ياخشى يازغانلارغا ئىلھام بەرگىلى، ئارقىدا قالغانلارغا ھەيدەكچىلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ھەتتا ماقالىنى ياخشى يازىدىغانلارمۇ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ماقالە يېزىشقا سەل قارايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ماقالە تاپشۇرۇقىنى دەرسخانىدا خۇلاسە قىلغاندا ئالدى بىلەن ياخشى يازغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارنى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تەقدىرلەش كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ ئىككى خىل رولى بار: بىرى، ياخشى يازغانلارنى داۋاملىق تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرگىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئارقىدا قالغانلاردا بېسىم، رىقابەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئالغا بېسىشقا ئۈندىگىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا ھال يازغانلارنى يېتىشىۋېلىشقا قىزىقتۇرۇش كېرەك. ياخشى يازالمىغانلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىماستىن، ماقالىسىدىكى نۇقسانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. چۈنكى، ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆز ماقالىسىدە نېمىلەرنى يازغانلىقىنى ئۆزى بىلىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆز ماقالىسىنىڭ قايسى تەرىپى قاملاشمىغانلىقىنى بايقىۋالالايدۇ ـ دە، شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ. ئەگەر ياخشى يازالمىغانلارنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ، ئۇلارغا تەنبىھ بېرىلسە، ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ، تېخىمۇ چېكىنىپ كېتىشى ياكى شۇ ئوقۇتقۇچىغا ئۆچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان ئوقۇتقۇچىغا چىن قەلبىدىن ھۆرمەت

قىلمايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ دەرسىنى ياخشى ئۆگەنمەيدۇ. شۇڭا ماقالە تاپشۇرۇقىدىن خۇلاسە قىلغاندا يۇقىرىقى تەرەپلەرگە ئەمەل قىلىش لازىم.

## § 4 . دەرستىن سىرتقى ئەدەبىي پائالىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش

### 1. دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشقىلا تايىنىپ قالماي، دەرستىن سىرتقى ئوقۇتۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشقا زىچ ماسلاشتۇرۇش لازىم.

1. دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى

دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ جەريان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەريانى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ۋاقتىدا ئوقۇش ـ يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ماسلىشىش، تولۇقلىما بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ۋاقتىدا ئۆگەنگەن تىل ـ ئەدەبىيات بىلىمىنى پۇختىلىغىلى، چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، شۇنداقلا ئاغزاكى ۋە يېزىقچە ئىپادىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئوقۇتۇش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر يوللىرىنى ئېچىش،

تەپەككۇرىنى كېڭەيتىش، ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىمىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يۇقىرىقى نۇقتىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ پائالىيەتنى جەزمەن پىلانلىق، ئەتراپلىق، ياخشى تەشكىللەش لازىم.

2. دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ پىلانى

دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ كونكرېت پىلانى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ تۇرۇش — تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛

2) دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەت ۋە تەلەپنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش؛

3) دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش تېكىستلىرىنى ئېنىق بېكىتىش؛

4) دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ سۈرئىتى، جەريانى ۋە ئۇسۇلىنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىش.

دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى خاس پىلان تۈزۈش بىلەنلا تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىش زۆرۈر. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا پايدىلىق ماتېرىياللارنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىشى، ئوقۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا مۇۋاپىق كۆرسەتمە بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، مۇۋاپىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشى لازىم.

3. دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى

دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا كۆندىلىك خاتىرە يېزىش، كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى

يېزىش، كىتاب ئوقۇشتىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى، دېكلاماتسىيە يىغىنى، كىتاب ئوقۇشتىن تەسىرات سۆزلەش يىغىنى، ھېكايە ئېيتىش يىغىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

1) كىتابلاردىن نۇقتىلىق ئوقۇلىدىغان ماۋزۇلارنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. بۇ، دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇشنى مەقسەتلىك ۋە سىستېمىلىق يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى. بىراق، ئوقۇلىدىغان كىتابلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە، توغرا دۇنيا قاراش تىكلىشىگە پايدىلىق بولۇشى لازىم.

2) ئوقۇلىدىغان كىتابلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، بەدىئىيلىكى يۇقىرى كىتابلار بولۇشى كېرەك.

3) دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى ئىمكانقەدەر دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشقا ماسلاشتۇرۇلغان، دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشنى مۇستەھكەملەشكە ياردەم بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

4) ئوقۇلىدىغان كىتابلارنىڭ تېما دائىرىسى ۋە مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولۇشى كېرەك.

5) كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانىلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

6) كىتابلارنى تونۇشتۇرۇش كېرەك. يەنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشقا تېگىشلىك ماتېرىياللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.

7) ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشقا كۆرسەتكەن ماتېرىياللارنى ئۆزى تولۇق ئوقۇپ چىققان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش قارىغۇلارچە بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى ياكى ئۈنىڭدىن ياخشى خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ.

## 2. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش

### 1. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى

دەرستىن سىرتقى ئەدەبىي پائالىيەت دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇشنىلا كۆرسەتمەستىن، ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرت تەشكىللىك ۋە ئىختىيارىي شۇغۇللىنىدىغان ئەدەبىي پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتىمۇ دەرستىن سىرتقى ئەدەبىي پائالىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتى مەزمۇن جەھەتتىن ئوقۇتۇش پىلانىنىڭ ياكى ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشقا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئەۋرىشىملىككە ۋە جانلىقلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ، دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولالايدۇ. بۇ پائالىيەتنى پىلانلىق، كەڭ قانات يايدۇرغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتقىلى، ئەدەبىيات ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى كۈچەيتكىلى، شۇنداقلا ئۇلاردا ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتى دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ.

### 2 . دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى

دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، كونكرېت ئېيتقاندا، ماقالە ـ ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، يېزىقچىلىق بىلىملىرى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىش، مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇش، كىنو ـ تىياتىرلارنى باھالاش يىغىنى ئېچىش، كۆرگەزمە تەسىراتلىرىنى، ساياھەت تەسىراتلىرىنى سۆزلەش يىغىنى ئېچىش، تام گېزىتى چىقىرىش، قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىش، ماقالە يېزىش، ھۆسنخەت يېزىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 3 . دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

1) يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىك رول ئوينىشى لازىم، مەسىلەن، ھەرىكەتلەندۇرۇش، تەشكىللەش، كونسۇلتاتسىيە قىلىش، ئۈلگە تونۇشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، باھالاش، خۇلاسە قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

2) ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئىجادچانلىق روھىغا ئىلھام بېرىشى لازىم. بۇنداق پائالىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارلىقى ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىش لازىم. ئەمما، ئوقۇتقۇچى ھەممىگە چات كېرىۋالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپرەك پىكىر قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

3) جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى بەزى ئىلمىي

تەشكىلاتلار ۋە ئورگانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق، بۇ خىل دەرستىن سىرتقى پائالىيەتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقىلى بولىدۇ.

4) ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىش پوزىتسىيىسىنى توغرىلاش زۆرۈر. دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش بىلەن دەرستىن سىرتقى يېزىقچىلىق پائالىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پائالىيەت كۆپ بولۇپ كەتسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، ئۆگىنىشكە ۋە سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىدۇ.

# مەرھابا، باغۋەن

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ئەخەت تۇردى 1940 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1947 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە قەشقەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1964 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. شۇندىن تارتىپ ئۇزۇن مەزگىل «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئەخەت تۇردى ھېكايىچىلىقتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئېمىلىرى خىلمۇخىل، مەزمۇنى چوڭقۇر، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، تىلى گۈزەل، يېقىملىق ئىجادىي مېۋىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇ «گۈرۈچ»، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەھشەتلىك باھار كەلدى»، «مەرھابا، باغۋەن» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان ۋە بىر قانچە ھېكايە توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يىرىك ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇپ، رومان ۋە بىر قانچە پوۋېستلارنى يېزىپ، كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى. ئەخەت تۇردى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

1) بۇ ھېكايىدە ئىككى ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: بىرى، ھامۇت مۇئەللىمنىڭ مەكتەپتىن قوغلىنىشىنىڭ سەۋەبى؛ يەنە بىرى، ھامۇت مۇئەللىمنىڭ ئاقلىنىپ مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى.

2) هامۇت مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئۆگىنىش باشلىقلىرى يىغىنىدا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن قارشىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەيدىلىشى، شەك - شۈبھىسىزكى خاتا ئىدى. ئەسلىدە ھامۇت مۇئەللىمنىڭ تەشەببۇسى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. ئەپسۇسكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇنىڭغا «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىشنىڭ جارچىسى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، مەكتەپتىن «قوغلاپ چىقىرىش» قارارى جاكارلىنىدۇ.

3) ھامۇت مۇئەللىم ئەڭ ئاخىرقى فىزىكا دەرسىنى ئۆتۈپ بولۇپ ئوقۇغۇچىلارغا: «بىزدە بىلىم ئېلىش، كىتاب ئوقۇشقا كەڭ ئەركىنلىك! ۋاھالەنكى، ئۇلۇغ يازغۇچى ماكسىم گوركىينىڭ بىرەر كىتابنى ئوقۇشى ئاسانغا چۈشمىگەنىدى. بىر قېتىم خوجايىن ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى قارىغاينىڭ يېرىندىسى بىلەن قاتتىق ئۇرغان، دوختۇرلار ئۇنىڭ بەدىنىدىن 42 تال ئوتۇن شىشقىنى سۇغۇرۇۋالغان. بۇنداق ‹خوجايىن› لار دۇنيادىن تېخى تەلتۆكۈس يوقىلىپ كەتكىنى يوق، لېكىن سىلەر گوركىيدەك روھ بىلەن تىرىشىپ ئوقۇڭلار! بىلىم — چاقناپ تۇرغان چىراغ. ئۇنى ھېچكىم ئۆچۈرەلمەيدۇ» دەيدۇ. ئۇ بۇ سۆزىدە ئادەم توسالغۇلارنى يېڭىپ بىلىم ئېلىشى زۆرۈر، بىلىم ئىگىلىگەن كىشىلا ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئىنسانلارغا تونۇتالايدۇ. بىلىملىك ئادەم ھەرقانچە خورلانسىمۇ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ئەسەردىكى ھامۇت مۇئەللىم پۈتۈن ئەقىل - پاراستى ۋە بارلىقىنى ئوقۇتقۇچىلىققا بېغىشلىغان ئۇلۇغ تۆھپىكار. ئۇ دۇنيانى نادانلىقتا قالغان خەلقنىڭ ئەخمىقانە كۆرەشلىرىدە

گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ، كۈرەش، قۇرۇق شوئار كۆپەيسە، ئەمەلىي ئىش ئازلاپ كەتسە، دۇنيا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. دۇنيانى پەقەت ئەقىل - پاراسەت، پەن - مەدەنىيەت ئارقىلىقلا گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئەقىللىق ئوقۇغۇچىلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئۆگەنگەن بىلىمىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشىگە كۆيۈمچانلىق بىلەن ياردەم بېرىدۇ. ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سۇيىقەستىنى زېرەكلىك بىلەن سېزىپ، سولچىل پىكىر ئېقىمىغا قارشى تىز پۈكمەي كۈرەش قىلىدۇ.

بۇ ھېكايە دولقۇنسىمان ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىغا ئىگە، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن ئاددىي بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى چۈشىنىشى بىرقەدەر تەس. شۇڭا، ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىدىكى مۇرەككەپلىكنى ئوقۇغۇچىلارغا ئامال بار ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

# مۆمىنىڭ مومىغا چىقىشى

## 1. ئاپتور ھەققىدە

نۇر روزى 1942 - يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ چارەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1960 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1966 - يىلدىن 1985 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ 1 - ، 3 - دىۋىزىيىلىرىدە، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1985 - يىلدىن 1995 - يىلىغىچە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئىشلىگەن، ھازىر دەم ئېلىشتا.

نۇر روزى 1980 - يىلى «قوشماق ئاداش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇنىڭ «قىساس» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. «مۆمىنىڭ مومىغا چىقىشى» ئاپتورنىڭ 2 - ھېكايىسى بولۇپ، 1982 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## 2. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

1944 - يىلى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۆرەش پارتلىدى. مىللىي ئارمىيە بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىپ، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە يۈرۈش قىلدى. 1946 - يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىككى ۋىلايەتنىمۇ ئازاد قىلىپ، ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ

باردى. جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىلى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلۈپ، ئۇرۇش توختىتىلدى. بىراق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ ئۆزلىرىگە قارشى تۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، خەلقنى دەھشەتلىك باستۇردى، قىرغىن قىلدى ۋە قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدى. ئېزىلگەن ھەر مىللەت خەلقى بۇنداق ۋەھشىيانە تەقىپ ۋە باستۇرۇشلارغا باش ئەگمەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. «مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى» ناملىق ھېكايە ئەنە شۇ ۋەزىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىلغان.

### 3. ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى

بۇ ھېكايىدە ئاپتور مۆمىن ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مەكتەپ ھويلىسىغا قادالغان گومىنداڭ بايرىقىنى غۇلىتىش يولىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرىشىنى تېما قىلىپ، 13 ياشلىق مۆمىنىنىڭ ئويغىنىپ، دادىسى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقىنى مەدھىيىلىگەن، شۇنىڭدەك گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا سارەسىمىگە چۈشۈپ يۈرگۈزگەن ئاق تېررورلۇقىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئويغانغان خەلق ئاممىسىنىڭ قەيسەرانە كۈرەش ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

### 4. ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى

1. مۆمىن ئوبرازى

مۆمىن ئەسلىدە پومېشچىكنىڭ كالىسىنى باقىدىغان ئاق

كۆڭۈل، ساددا ئۆسمۈر ئىدى. ئۇ دادىسى بىلەن بىللە بايغا شۇنچە جاپالىق ئىشلەپ بەرسىمۇ، قورسىقى تويغۇدەك تاماق، ئۇچىسى يېپىلغۇدەك كىيىمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، بايراقنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا تەرتىپ مۇدىرى ۋە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ساختا تىل خېتىگە ئىشىنىپ، دادىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مومىغا چىقىپ، تانىسى غالتەكتىن چىقىپ كەتكەن بايراقنى چىقىرىپ بەرمەكچى بولىدۇ.

ئاپتور مۆمىننىڭ مومىغا چىقىش جەريانىدىكى ھەرىكەت ۋە روھىي كەچۈرمىشلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، جاپاكەش ئائىلىدە ئۆسكەن، ساددا، ئاق كۆڭۈل بالىنىڭ دادىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشتەك پائالىيىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

«ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن ئېگىز! جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن . . . شۇنچە چوڭ جاھان بىزگە نېمانچە تار؟ ھەي! كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكى! بىر چارەك قوناقنى بېرىشنى تەس كۆرۈپ دادامنى ئوغرى تۇتۇپ، سولىتىپ قويىدى تېخى! ياق! بىردەممۇ قاراپ تۇرماسلىق كېرەك . . . » مانا بۇ مۆمىننىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى. بىراق، ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە تەڭسىز تۇرمۇشقا بولغان نارازىلىق كۈچلۈك. سىنىپىي كۈرەش، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرى، دادىسىنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا كەڭرەك چۈشەنچىسى يوق. شۇڭا، ئۇ باشقا نەرسىلەر توغرىسىدا ئويلاپ ئولتۇرمايلا، دادىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ساختا تىل خەتكە ئىشىنىپ، مومىغا چىقىپ بايراقنى چىقىرىدۇ. شۇ چاغدا پۈتلىرىغا كىشەن سېلىنىپ مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن دادىسى ئوغلىنىڭ نېمىشقا مومىغا چىققانلىقىنى سورايدۇ. مۆمىن دادىسىغا يەنە شۇ ئاددىي، باللارچە چۈشەنچىسى بىلەن: «دادا!

سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايراقنى چىقىرىپ بەردىم» دەپ
خاتىرجەم جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن، دادىسىنىڭ ئارقىمۇئارقا
قويغان سوئاللىرى ۋە چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئۇنىڭدا «بايراق»
توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ. يەنى ئۇ ئانىسىنىڭ،
بەشتۈگمەندىكى 19 ئادەمنىڭ جادۇغا بېسىلىپ، ئۈجمىگە
مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، قىرىق ئادەمنىڭ خۇمدانغا تىرىك
كۆمۈلۈشى مۇشۇ بايراقتىكى بەلگىگە ئوخشاش بەلگىسى بار شەپكە
كىيگەنلەر تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىپ، گومىنداڭ
جاللاتلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان بايراقنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ
يېتىدۇ. بايراقنى تىكلەش ئۆلتۈرۈلگەن ئانىسىنىڭ ۋە باشقا
ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىغا ئاسىيلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى،
دادىسى ۋە دادىسىدەك مىڭلىغان ئادەملەر شۇ بايراقنى يىقىتىش
ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.
تېزلىكتە يۇقىرىغا ئۆرلەپ، مومىنىڭ ئۈچىغا قايتا چىقىپ:
«دادا! مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭغا رازى بول! . . .»
دېگەنلىكى مۆمىننىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىدا يۈز بەرگەن
ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ بايراقنى چۈشۈرۈۋەتسە، يەنە
چىقىرىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا مومىنى
سۇندۇرۇۋېتىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆزىنىڭمۇ جاندىن
ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېنىق مۆلچەرلەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ،
مومىنى جان - جەھلى بىلەن سىلكىپ سۇندۇرۇپ، ئۆزىمۇ
باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

دېمەك، ئاپتور ھېكايىدە مۆمىننىڭ كۈرەشنىڭ كەسكىن
پەيتىدە دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن
ئانىسى ۋە باشقا يۇرتداشلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ۋە
گومىنداڭنى ئاغدۇرۇش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن
قەھرىمانلىق ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۈرۈپ
بەرگەن.

### 2. مۇسا بوۋاي ئوبرازى

مۇسا بوۋاي ئەسلىدە سوپاخۇن باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ياللانما كۆنچى ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغىنىپ، بەشتوگمەندىكى پارتىزانلار ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ، گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەكسىيەتچىلەر مۇسا بوۋاينىڭ ھەرىكىتىنى مەخپىي تىڭ تىڭلاپ، ئايالىنى دەھشەتلىك جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. مۇسا بوۋاينى بىر چەملىك كالا تېرىسىنى ئوغرىلىدى، دېگەن تۆھمەت بىلەن تۈرمىگە تاشلايدۇ.

مۇسا بوۋاي ئوغلىنىڭ دۇشمەننىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن بايراقنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەندە ئوغلىغا ھەقىقەتنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، دۇشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىنى ئاشكارىلاپ، ئوغلىنى بايراقنى قايتا يىغىۋېلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا مۇسا بوۋاينىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچراشتىن تاشقىرى، جاندىن ئەزىز ئوغلىنىڭ ساق قالمايدىغانلىقىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر مۇسا بوۋاي بايراقنىڭ چىقىرىلغانلىقىغا سۈكۈت قىلسا، مۆمىننىڭ ساق قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، مۇسا بوۋاي خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بايرىقىنى مومىنغا چىقارماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ دۇشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان كۈرەش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى، شۇڭا ئوغلىدىن بايراقنى يىغىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە جىددى پەيتتە ئوغلىنى ئېتىۋەتمەكچى بولغان مۇدىرغا يولۋاستەك ئېتىلىپ، ئۇنىڭ بويۇن تومۇرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۇ ئوغلىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدۇ - ھە؟! ئۇ ئوغلىنىڭ ھايات قېلىشىنى قانچىلىك خالايدۇ - ھە! لېكىن، ئوغلى دۇشمەن بايرىقى قادالغان مومىنى ئۆرۈپ جان بەرگەندە، قىلچىلىك ھەسرەت چەكمەيدۇ، بەلكى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىپتىخارلىق بىلەن: «داداڭ سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى» دەيدۇ.

ئاپتور ھېكايىدە ئويغىنىپ ئىنقىلاب سېپىگە قوشۇلغان

ياللانىما ئەمگەكچى مۇسانىڭ پىداكارلىقىنى قىسقا، جانلىق ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەپ، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدا بارلىقىنى ئىنقىلابقا تەقدىم قىلغان ئىنقىلابچىلارغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. مۇسانىڭ بۇ جاسارىتى ئەتراپتىكى ئاممىنى ئويغىتىدۇ. ئامما كۈرەشنىڭ قانلىق ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسانىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلاب سېپىگە ئاتلىنىدۇ.

### 3. ئوسمان ئوبرازى

ئوسمان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سادىق غالچىسى. ئۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىن خالىغانچە ئۆكتەملىك قىلىدۇ. گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئەزالىرىنى مەجبۇرىي كۆپەيتىش ئارقىلىق، ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن گومىنداڭ هاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە خىزمەت قىلىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنى بىگۇناھ قاماققا ئېلىشىدىن، دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈشىدىن نومۇسسىزلارچە خۇشال بولىدۇ.

بايراقنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى «پىژژىدە» ئېچىشىپ كەتكەن مۇدىر گومىنداڭ داڭبۇسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، بايراقنى ۋاقتىدا چىقارماقچى ۋە ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ يالغان تىلخەت يېزىپ، نارسىدە مۆمىننى دادىسىغا قوشۇپ نەزىر قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. مۇدىرنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن قىلغان غالچىلىقى شۇنچىلىك شەرمەندە ۋە رەزىللىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇكى، ئۇ بىر تەرەپتىن، بايراقنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز كېرەك دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن، خوجايىنلىرى ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈكۈپ، قورقىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ. خوجايىنلىرىنىڭ ماختىشىغا ۋە ئىنئامىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، مۇسا ئاتا ـ بالا

ئىككىسىنى دوغا تىكىپ، سۇيىقەست پىلانلاپ، ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ.

ئاپتور ھېكايىدە، مۇدىر ئوسماننىڭ رەزىل خاراكتېرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، گومىنداڭ جاللاتلىرىغا مالاي بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئابرۇي ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆز خەلقىنى باستۇرۇپ، ئىككى قولى قانغا بويالغان مىللىي مۇناپىقلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

## 5. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

1) بۇ ھېكايىدە ئۈچ پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، قىلمىشاتقان ئىش - ھەرىكەتلىرى، مىجەز - خۇلقى، ئىدىيە ۋە ھېس - تۇيغۇلىرى بىر - بىرىدىن روشەن پەرق قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىلگەن.

مەسىلەن، مۆمىننىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى، خېيىمخەتەردىن قورقمايدىغانلىقى؛ مۇسانىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ئويغىنىپ، پىداكارلىق بىلەن كۆرەشكە ئاتلانغانلىقى؛ مەكتەپ مۇدىرى ئوسماننىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە يۆلىنىپ باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن خالىغانچە ئۆكتەملىك قىلىدىغان، خوجايىنلىرى ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈكۈپ خۇشامەت قىلىدىغان خاراكتېرى خېلى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2) پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئۆز خاراكتېرىگە ۋە ياش ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. مۇدىرنىڭ تەكەببۇرانە، ئۆكتەملىك بىلەن قىلغان سۆزلىرى، مۇسانىڭ سىنىپىي ئىنتىقامى ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچلۈك، كەسكىن گەپلىرى، مۆمىننىڭ بالىلارغا خاس ساددا گەپ - سۆزلىرى، ئوي - خىياللىرى روشەن پەرقلەندۈرۈلگەن.

3) ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ئاق تۇماقلىق يىگىتنىڭ ئون نەچچە ئەزىمەتنى باشلاپ ماڭغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆزىنى ئىنقىلابقا بېغىشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلانغانلىقىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىدۇر. ئەسەر ئاخىرىدا بېرىلگەن بۇ بايان بىر مۇسا ئۆلگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى ئون مىڭلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ تولدۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىنقىلاب ۋە كۆرەشنى ھەرقانداق تېررورلۇقنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق خەلقنىڭ ئويغىنىشىغا، ئۇيۇشۇشىغا، ئىنقىلابقا ئاتلىنىشىغا تېخىمۇ چوڭ تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 6. كۆنۈكمىلەرنىڭ جاۋابلىرى

1) تېكىستتە قايسى پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئىنچام، قايسى پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى تەپسىلىي يېزىلغان؟

جاۋاب: تېكىستتە ئۇسمانىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى تەپسىلىي، مۇسانىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئىنچام يېزىلغان.

2) بۇ ھېكايە تەرتىپلىك بايان قىلىنغان، تەرتىپلىك بايان جەريانىدا قىستۇرما بايانمۇ قوللىنىلغان، قايسى ۋەقە قىستۇرما بايان قىلىنغان، بۇ قىستۇرما بايان پۈتۈن ئەسەر ئۈچۈن قانداق رولغا ئىگە؟

جاۋاب: مۇسانىڭ مومىنىڭ ئۈچىدىكى ئوغلىغا ئانىسىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى، 19 ئادەمنى ئۈجمىگە مىخلىغان، 40 ئادەمنى تىرىك پېتى خۇمدانغا سالغانلارنىڭ شەپكىسىدە قانداق بەلگە بارلىقىنى ئەسلىتىشى قىستۇرما بايان ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىستۇرما بايان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جېنى ھەلقۇمغا كەلگەندە تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، قوزغالغان ۋە ئويغانغان خەلقنى

رەھىمسىز باستۇرغانلىق جىنايىتىنى ئېچىپ تاشلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

3) ھېكايىدە پېرسوناژ تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى، مەنزىرە تەسۋىرى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان، بۇلارنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

جاۋاب: «ماتادىن تىكىلگەن كۆينەك ـ تامباللىرى يىرتىلىپ، ئالا ـ يېشىل ياماقلار چۈشكەن، ئاق دوپپىسى ئۆڭۈپ قىزغۇچ توپا رەڭگىدە بولۇپ قالغان، كۆزلىرى چوڭقۇر، ئورۇق، ئېگىزغىنە بالا بوسۇغىدا كۆرۈندى».

بۇلار پېرسوناژ تەسۋىرى.

«— ... بالام، ـ دېدى ئۇ ھاسىراپ خىقىرىغان ئاۋاز بىلەن:

— داداڭ سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى. سەنمۇ مەندىن رازى بولغىن... ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلدى».

يۇقىرىقىلار تىل تەسۋىرى.

«ئاتا ـ بالىدىن ئاققان قان بىر پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرنى قىپقىزىل بوياۋەتتى. بۇ قانلار ئەمدى ئولتۇراي دەپ قالغان كۈننىڭ نۇرىدا قىپقىزىل بولۇپ تاۋلىناتتى...».

يۇقىرىقىلار مەنزىرە تەسۋىرى.

«.... ئوق زەربىسىدىن ھالسىزلانغان مۇسا بوۋاي چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، پۈتىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرەپ، ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى...».

بۇ ھەرىكەت تەسۋىرى.

# يەر — ئۇلۇغ ئانا

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ئىقتىدارلىق شائىر رەخىم قاسىم 1936 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1947 - يىلىغىچە ھەرەمباغ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ۋە غۇلجا «ئۈمىد» مەكتىپىدە، 1949 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە ئىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1953 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

شائىر رەخىم قاسىم 1952 - يىلى «ئالغا» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات قوشۇنىغا قەدەم قويغاندىن بۇيان نۇرغۇن شېئىر، باللادا، داستان ۋە ئەدەبىي ئوبزورلارنى يازدى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنغان شېئىر ۋە داستانلار توپلاملىرىدىن «بىزنىڭ ئىرادە»، «چولپان»، «يەر — ئۇلۇغ ئانا» قاتارلىقلار بار بولۇپ، «چولپان» ناملىق داستانى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يەر — ئۇلۇغ ئانا» ناملىق شېئىرى 1985 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

شائىر رەخىم قاسىمنىڭ «يەر — ئۇلۇغ ئانا» دېگەن بۇ شېئىرى مەزمۇن جەھەتتىن چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن.

شېئىرنىڭ 1 ـ قىسىمىدا ئاپتور ئىنساننىڭ تۇغۇلۇپلا يەرگە چۈشىدىغانلىقى، يەردە ئۆمىلەپ، تايىنىپ ئۆسۈپ يېتىلىدىغانلىقى، ئاخىرىدا قېرىغاندىمۇ يەنىلا ھاسا بىلەن يەرنى تايىنىپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا يەنىلا يەرنىڭ باغرىدىن پاناھلىق ئىزدەپ تۇپراق قېتىدا ياتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت جەرياننى ناھايىتى ئوبرازلىق، ئىخچام، كونكرېت ئىپادىلەپ بەرگەن. ئومۇمەن تۇغۇلۇپ ئۆلگىچە، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئىنساننىڭ يەردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ قويۇق لىرىك تۇيغۇسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

شېئىرنىڭ 2 ـ قىسىمىدا يەرنىڭ ئىنسانلار ئاچقاندا ئوزۇقلۇق بىلەن، توڭغاندا كۆمۈر ـ ھارارەت بىلەن، چاڭقىغاندا سۈزۈك سۇ بىلەن، يېلىڭ قالغاندا پاختىدىن توقۇلغان رەخت بىلەن، ياشاش ۋە مەدەنىيەت يارىتىشتا بايلىقلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى، ئىنساندىن ھېچنەرسە تەمە قىلمايدىغانلىقى، قىشنىڭ سوغۇقىدىن، يازنىڭ ئىسسىقىدىن، كۆيدۈرگۈچ بومبا، ئۇرۇش يالقۇنلىرىنىڭ ۋەيران قىلىشىدىن قورقماي ئىنسانلارنى بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر مېھرىبان ئۇلۇغ ئانىغا خاس خاسىيىتى ئەڭ يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەنگەن.

شائىر بۇ شېئىرغا نېمە ئۈچۈن «يەر — ئۇلۇغ ئانا» دەپ ماۋزۇ قويغان؟

ئانا دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ كۆيۈمچان، ئەڭ سەۋرچان، ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ ئۇچۇق قول كىشى. دۇنياغا

كۆز ئاچقان ھەربىر ئىنسان ئانىنىڭ مېھرىسىز، ئۇنىڭ غەمخورلۇقىسىز چوڭ بولغان ئەمەس. ئانا ئۆز پەرزەنتىگە نىسبەتەن قەھرىتان قىشتا ئوت - يالقۇن، تومۇز ئىسسىقتا ئەڭ سالقىن سايۋەن، ئۇنىڭ باغرى مەڭگۈ بىر جەننەت. ئۇ ئۆز پەرزەنتىدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ. ياشلىقىنى، گۈزەللىكىنى، خۇشاللىقىنى، بەخت - سائادىتى... ھەممىنى پەرزەنتىگە ئاتايدۇ. ھەتتا جېنىنىمۇ پەرزەنتىگە بېغىشلايدۇ. شائىر شېئىردا كۈيلەۋاتقان يەر بولسا ئىنسانلارغا بولغان ساخاۋەتتە ئانىدىن قېلىشمايدۇ. ئىنسان بالىسى ھەتتا پۈتۈن جانلىق مەۋجۇدات يەرسىز ياشىيالمايدۇ. دېمەك، يەر ئۇلۇغلۇقتا بىر مېھرىبان ئانا، مانا شۇ نۇقتىدىن شائىر شېئىرغا «يەر — ئۇلۇغ ئانا» دەپ ماۋزۇ قويغان.

تۆت پۈتلاپ ئۆمىلەپ، دومىلاپ يەردە،
تۇرىمىز ئاخىرى ئىككى ئاياغدا.
ئەنە شۇ ئاياغدا كىرىپ بارىمىز،
مۇرەككەپ تىلسىملىق تۇرمۇش - ھاياتقا.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

بىز يەردە ياشايمىز قوللاردا ھاسا،
بولىمىز ئۈچ پۈتلۈق مويسىپىت قېرى.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر ئىنسان تۇغۇلۇپلا يەردە ئۆمىلەيدۇ، يەردە ئايىغى چىقىپ ئىككى پۇتىغا تايىنىپ ماڭىدۇ ۋە شۇندىن تارتىپ يەر ئۈستىدە سىرلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئاخىرىدا يەنە شۇ يەردە قېرىپ ھاسىغا چۆشۈپ ئۈچ پۇتلۇق ھالەتكە كېلىدۇ. مانا شۇ ئۇزۇن جەريانلارنى ئىنسان پەقەت يەرگە تايىنىپلا ئۆتكۈزىدۇ دېگەن پەلسەپىلىك پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا شۇ مېھرىبان يەرنىڭ قوينىغا كۆمۈلۈپ يەر بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىمىز دېگەن پىكىرنى، يەنى خۇلاسە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يەر — ۋەتەن، يەر — تارىخ، يەر — بۈگۈن ئەنە،
ئانىلار ئىچىدە يەر — ئۇلۇغ ئانا.
يەر — قەيسەر، يەر — كەمتەر، يەر —
ئىنسانپەرۋەر،
ئانىلار ئىچىدە يەر — ئۇلۇغ ئانا.
يەر — هايات، يەر — بەخت، يەردە گۈزەللىك،
ئانىلار ئىچىدە يەر — ئۇلۇغ ئانا.

دېگەن مىسرالار شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم ئومۇملاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. چۈنكى يەر ئۆز ئۈستىدە ياشىغۇچىلار ئۈچۈن ۋەتەن، مەڭگۈ يۆتكەلمەس، قېرىماسلىقى، ئۆزگەرمەسلىكى بىلەن؛ ھەممىگە گۇۋاھچى ئىكەنلىكى بىلەن تارىخ. ئۆزىنىڭ ھەرقانداق بالايىئاپەتلەر بولغاندىمۇ پىسەنتىگە ئالماسلىقى بىلەن قەيسەر، ئىنسانلارنىڭ تەلۋىلەرچە چاقچاقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشى بىلەن كەمتەر، ھەرقانداق ئادەمنى ئۆز نېمىتىدىن مەھرۇم قىلماسلىقى بىلەن، ئىنسانلارنى بېقىشى بىلەن ئىنسانپەرۋەر. دېمەك، يۇقىرىقى بۈيۈك خىسلەتلىرى بىلەن يەر ئانىلار ئىچىدىكى ئەڭ سەۋرىچان بىر ئۇلۇغ ئانا. بىز مەيلى هايات ۋاقتىدا بولسۇن، مەيلى ئۆلگەندىن كېيىن بولسۇن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيمىز.

بۇ شېئىر ئانا يەر ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلار ئىچىدىكى ئەڭ نەمۇنىلىك شېئىر بولۇپ، تىل ئىشلىتىش، قۇرۇلما، ئوبراز يارىتىش، سىلىشتۇرۇپ ئەۋزەللىكنى يورۇتۇش، پەلسەپىۋى پىكىرگە قېنىش ۋە پەلسەپە قائىدىسىگە سۇبيېكتىپ تۇيغۇنى تەبىئىي هالدا بىرلەشتۇرۇش جەھەتلەردە ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر پارچە نادىر ئەسەردۇر.

شېئىرنىڭ تىلى ھەم جانلىق، ھەم ئوبرازلىق، ھەم ئېغىز تىلىغا يېقىن بولۇپ، شېئىردىكى مەزمۇن مەنىۋىيىتى بىلەن ناھايىتى زىچ ماسلاشقان.

# مېنىڭ بىر كۈنۈم

## 1. ئاپتور ھەققىدە

يازغۇچى ئەخمەت ئىمىن 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1981 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەخمەت ئىمىن 1981 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان «قەلب سادالىرى» ناملىق تۇنجى نەسرلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا تونۇلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق نەسر، مەسەل، ھېكايىلىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ بىرقانچە ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئەخمەت ئىمىن ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى لۇئىس كالورنىڭ «ئەلىسنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، ھىندىستانلىق مەشھۇر يازغۇچى تاگورنىڭ «ھالاكەت» رومانى، فرانسىيە يازغۇچىسى مۇللېرنىڭ مەشھۇر دىرامىسى «ساختىپەز» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ چەت ئەل ۋە جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ 40 پارچىدىن ئارتۇق نەسرىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ كىتابخانلارغا سۇندى. ئەخمەت

ئىمىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

1. تۆۋەندىكىلەرنى چۈشىنىۋېلىڭلار:

1) ئاپتور ئەسەردە بىر كۈندىكى ۋەقەلەرنى تەپسىلىي تەسۋىرلىمەي، پەقەت يولدىكى، مەكتەپتىكى، ئۆيدىكى ئۈچ ئىشنى تەسۋىرلىگەن.

بۇنداق تەسۋىرلەشتىكى مەقسەت: ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيىتى يول، مەكتەپ، ئۆيىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ.

2) ئەسەردە ئاپتور «مەن» نىڭ چېچىلغان خىياللىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى بولغان ئوقۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشىنىڭ لازىملىقى، بۇ يولدا ھەرقانداق قىيىن مەسىلىدىن قورقماي جاپالىق ئىزدىنىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

2. تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداڭلار:

بۆلەكلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

1) «يولدا» دېگەن بۆلەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

«مەن» نىڭ مەكتەپكە بېرىش يولىدا ھەممە نەرسىگە تويماي قاراپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ، ئۇ يەر يۈزىنىڭ «مەن» نىڭ دەپتىرىدەك ئاپئاق قارلارغا پۈركەنگەنلىكىنى، دەل - دەرەخلەرنىڭ «مەن» نىڭ ئاق ياغلىقىنىڭ تىۋىتىدەك قىراۋلارغا پۈركەنگەنلىكىنى، «مەن» نىڭ يازدا چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان كۆلنىڭ قېلىن بىر قەۋەت مۇز تۇتقانلىقىنى، مۇز ئۈستىدە «مەن» نىڭ بوۋاق ئۇكىسىنىڭ پوسمىسىدەك پوسما كىيىۋالغان

كانكىچىلارنىڭ كانكا تېپىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. «مەن» بىر كانكىچىنىڭ ئۆز ئالدىغا كېلىپ بىر ئايلىنىپ مۇزدا «0» نى ھاسىل قىلغانلىقى، «مەن» بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەنمۇ بۇنداق ئەھۋالغا قالماي دەپ ئويلاپ مەكتەپكە قاراپ يول ئالغانلىقى ھەمدە يولدا يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەرگە پاخالدىن كۇلا كىيدۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ ئۆزىدىن تېگى يوق خىياللارنى يىراققا ھەيدىگەنلىكىدىن ئىبارەت مەزمۇن ئىپادە قىلىنغان.

2) «مەكتەپتە» دېگەن بۆلەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

بۇ بۆلەكتە قوڭغۇراق چېلىنىشى ھامان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپقا كىرىپ ئولتۇرغانلىقى، بارلىق ساۋاقداشلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئوقۇتقۇچىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالىمىنى رازىمەنلىك بىلەن ئىلىك ئالغاندىن كېيىن دەرس باشلاپ تەبىئەتنىڭ ھەرخىل خىسلەتلىرىنى سۆزلەپ، ساۋاقداشلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈشىنى، ئۇنىڭ قويىندىكى كارامەتلەرنى بىلىشىنى، ئېچىلمىغان سىرلارنى ئېچىشىنى تەۋسىيە قىلغانلىقى، «مەن» بۇ دەرسنى ئاڭلاپلا خىيال كەپتىرى بىردىنلا قاناتلىنىپ ئۆزىنى ئېگىز تاغلاردا كېتىۋاتقاندەك، غەۋۋاس بولۇپ تىلسىم كۆللەرنىڭ سىرىنى ئېچىۋاتقاندەك، ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك، ئاگرونوم بولۇپ دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرغان بۇغدايلىقلاردا كېتىۋاتقاندەك چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا غەرق بولغانلىقى ۋە ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىدىن خىيالنى نېرى ھەيدىگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بايان قىلىنغان.

3) «ئۆيدە» دېگەن بۆلەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

بۇ بۆلەكتە «مەن» نىڭ خۇددى قۇشلار ئۇزۇقلىرىنى

چىشلىشىپ ئۇۋۇلىرىغا قايتقاندەك ئۆزىنىڭمۇ ئىلىم - ساۋاق ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكى، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا قولىغا سۇپۇرگە، گۇرجەك ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇ يەرنى تازىلىغانلىقى، ئاندىن كېيىن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇنغانلىقى، ئەدەبىياتنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ بولۇپ، ماتېماتىكىنىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلگەندە ئىنتايىن قىينالغانلىقى، دەل شۇ پەيتتە ئانىسىنىڭ كىنو كۆرۈۋېلىپ ئاندىن دەرس تەييارلاش توغرىسىدىكى پىكرى ئۇنىڭغا مايدەك خۇش ياققانلىقى، لېكىن شۇ چاغدا دادىسىنىڭ سۆزى بىلەن بوشىشىپ ئورنىغا ئولتۇرۇپ قالغانلىقى، ئەنە شۇ پەيتتە دادىسى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ دادىلىق سۇپىتى بىلەن قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى قىلغانلىقى، دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ «مەن» نىڭ كۆڭلىنىڭ ئىنتايىن ئازادە بولۇپ قېلىپ چوقۇم ئىرادىلىك بولۇشقا بەل باغلىغانلىقى يېزىلغان. ئۇ دادىسىنىڭ سۆزىدىن ئىلھاملىنىپ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قايتىدىن كۆرۈپ قىيىن مەسىلىگە ئاخىرى جاۋاب تاپىدۇ. ۋاقىت بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن «مەن» ئۇخلاش ئۈچۈن ياتىدۇ. ئۇنىڭغا دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان ئاي گويا «بۈگۈنكى كۈنۈڭنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟» دەپ سوئال سورىغاندەك بىلىنىدۇ. بۇ خىيال بىلەن تەڭلا ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى ئەسلەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا «مەن» نى ئۇيقۇ بېسىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەگسىز خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى ھەيدەيدۇ.

3. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇپ چىقىڭلار:

| يولدا نېمە بولدى | مەكتەپتە نېمە بولدى | ئۆيدە نېمە بولدى |
| --- | --- | --- |
| «مەن» يولدا ھەممە يەرنىڭ قىروۋ باغلاپ مۇز توْتوْپ كەتكەنلىكى، ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ مۇز تېيىلىپ يۇرگەنلىكى، دەرەخلەرنىڭ ئاپئاق بولوْپ كەتكەنلىكى، يەنە يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەرگە كوْلا پاخالدىن كىيىم كىيدۇرۇلگەنلىكىنى كۆردى ۋە شۇ ھامان ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى ھەيدىدى. | قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەنلا ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى. ساۋاقداشلار ئورنىدىن تۇردى. ئوقۇتقۇچى ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. ئاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى دەرس باشلىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىرىدىن «مەن» بىردىنلا خىيالغا چۆمدى، كېيىن ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ خىيالدىن ئۆزىنى نېرى قىلدى. | «مەن» كەچتە ئىلىم ساۋاق ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە قولىغا سۇپۇرگە، گۈرجەك ئېلىپ قار تازىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كەچلىك تاماقنى يەپ بولوْپلا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇندى. ئەدەبىياتنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ بولوْپ ماتېماتىكا تاپشۇرۇقىغا كەلگەندە ئىنتايىن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى، لېكىن دادىسىنىڭ قىممەتلىك سۆزىدىن ئىلھاملىنىپ تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولوْپ ئورۇنغا كىرىپ ياتتى ۋە خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى. ئاخىرى ئۇنى ئۇيقا باسقاندىن كېيىن خىيالىنى ئۆزىدىن نېرى ھەيدىدى. |

4. تۆۋەندىكىلەرنى تەھلىل قىلىڭلار:

1) يۇقىرىدىكى تەسۋىرنىڭ بىرىنچىسى بىلەن ئىككىنچىسى

ئوتتۇرىسىدا تولۇقلىما مۇناسىۋەت بار. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە ئوتتەك قىزىقىدىغان، يولدا ئۇچراتقان نەرسىلەرنى ئۆزى ئامراق نەرسىلەرگە ئوخشىتىشنى خالايدىغان سەبىي گۆدەك خاراكتېرى ئىپادە قىلىنغان.

2) يۇقىرىقى خىياللار «مەن» دە مۇئەللىم تەبىئەت توغرۇلۇق دەرس سۆزلىگەندىن كېيىن پەيدا بولدى. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دەرس سۆزلەيدۇ: «تەبىئەت بىزنىڭ ئانىمىز. ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا ئۆسكەن مېۋە، زىرائەتلىرى بىلەن بىزگە ئوزۇق بېرىدۇ .... شۇڭا بىز تەبىئەتنى سۆيۈشىمىز، ئۇنىڭ قوينىدىكى كارامەتلەرنى بىلىشىمىز، ئېچىلمىغان سىرلارنى ئېچىشىمىز لازىم...» باشتىكى خىيال بىلەن كېيىنكى خىيالنىڭ زىچ باغلىنىشى بار. يەنى ئىش ـ ھەرىكەت تەسۋىرى بىلەن روھىي ھالەت تەسۋىرى زىچ گىرەلەشتۇرۇلگەن.

كېيىنكى خىيالنىڭ مەزمۇنى: كۆز ئالدىمدا ئورمان، دالا، ئېتىزنىڭ كۆرۈنۈشلىرى گويا كىنودىكىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن ئېگىز تاغلاردا كېتىۋاتىمەن. جاپاغا چىداپ ھەرخىل قىممەتلىك رودىلارنى ئىزدەۋاتىمەن. چەكسىز بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىمەن. جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ پارلاق ئىستىقبال ئۈچۈن يول ئېچىۋاتىمەن. ئاگرانوم بولۇپ دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرغان بۇغدايلىقلاردا كېتىۋاتىمەن.

3) يۇقىرىقىلار «مەن» نىڭ مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن قىلغان پائالىيىتى. بۇ پائالىيەت «مەن» نىڭ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىشچان پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ.

4) يۇقىرىقى سۆزلەر «مەن» قىيىن شارائىتتا تۇرغان مەزگىلدە ئېيتىلغان. ئانىنىڭ سۆزى، «مەن» نىڭ «نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغاندا» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى — «مەن»

نىڭ بارلىق سەبىي زىگۆدەك باللارغا ئوخشاش بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە گاڭگىراپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«بۇ سۆز ماڭا مايدەك خوش ياقتى» دېگەن سۆز «مەن» نىڭ ئىرادىسىز، ھەم قىزىققان، باللارغا خاس ئويۇنخۇمار خاراكتېرىگە ماس كېلىدۇ.

5) «مەن» تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمەي تۇرغاندا ئانىسى ئۇنى كىنو كۆرۈپ بولۇپ ئاندىن تاپشۇرۇق ئىشلىگىن دەيدۇ، لېكىن دادىسى بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ ۋە شۇ چاغدا «مەن» نىڭ يېنىغا كىرىپ شۇ سۆزلەرنى ئېيتىدۇ.

بۇ سۆز بۈگۈن ئوقۇتقۇچى تاپشۇرۇق بەرگەن بىلەن كەلگۈسىدە چوقۇم خەلقىڭ، ۋەتىنىڭ تاپشۇرۇق بېرىدۇ. دۇنيادا ئاسان ئىش يوق. بىلىم ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قىيىنچىلىققا، جاپاغا دۇچ كېلىسەن. ئەنە شۇنداق چاغدا سەللا جاپادىن قورقساڭ ھەرگىز كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيسەن. ئۈمىدسىزلىك كېلىپ گېلىڭدىن بوغىدۇ. بۇنداق چاغدا پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

5. تۆۋەندىكى تەلەپنى ئورۇنداڭلار:

1) يەر يۈزىنى قاپلىغان قار (دەپتەرنىڭ ۋارىقىغا) ئوخشىتىلغان.

2) دەل ـ دەرەخلەردىكى قىراۋ (ئانىنىڭ بېشىدىكى ئاق ياغلىقىنىڭ تىۋىتىغا) ئوخشىتىلغان.

3) مۇز ئۈستىدىكى كانكى تېيىلىۋاتقانلار (قارلىغاچقا) ئوخشىتىلغان.

4) يېڭى تىككەن كۆچەتلەر (كولا پاخالدىن كىيىم كىيدۈرۈلگەن) دەپ جانلاندۇرۇلغان.

6. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرنەچچىنى تۈزۈڭلار:

1) كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىر يىللىق ئۇقۇشىمىز تۈگىدى.

2) مەن ماتېماتىكا تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، گويا يەلكەمدە كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز تاغنى يەلكەمدىن چۆرۈۋەتكەندەك شادلىققا چۆمدۈم.

3) دەرەخ شاخلىرى مەيىن شامالدا نازۇك بەدەن ئۇسسۇلچى قىزلاردەك ئۇياق ـ بۇياققا لىڭشىپ تۇراتتى.

4) ئاسماندىكى تولۇن ئاي ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى.

7. ئەسەرنىڭ باش تېمىسى:

بۇ نەسىردە ئاپتور «مەن» نىڭ يولدىكى، مەكتەپتىكى، ئۆيدىكى پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، «مەن» نىڭ ئىنتايىن تىرىشچان، ئىشچان، ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم «مەن» نىڭ چېچىلغان خىياللىرىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوقۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەنلىكى، شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشىنىڭ لازىملىقىدىن ئىبارەت بىر مەركىزىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

# يالغۇز تۇرنا

## 1. ئاپتور ھەققىدە

تاشمۇھەممەت ئابابەكرى 1952 ـ يىلى غۇلجا ناھىيە بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن تارتىپ 1967 ـ يىلىغىچە غۇلجا ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1971 ـ يىلى قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىدا ئوقۇپ، شۇ يىلى كۈزدە موللىتوختىيۇزى يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1985 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە تۇرپان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىدە بىلىم ئاشۇرۇپ، 1989 ـ يىلى كۈزگىچە جېلىلىيۇزى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1990 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر جېلىلىيۇزى بازارلىق پارتكومدا تەشۋىقات كادىرى، رادىئو ئۇزېلىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

تاشمۇھەممەت ئابابەكرىنىڭ ماقالە ۋە ئەسەرلىرى 1980 ـ يىلدىن باشلاپ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر «ئىلى دەرياسى»، «تۇرپان ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 100 پارچىگە يېقىن ئوچېرك، ماقالە، شېئىر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان. «ئەۋزەل ئىش» ناملىق ئوچېركى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

ئەسەردە ئاپتور كىچىك چېغىدا بېشىدىن ئۆتكەن شىمالىي سازلىقتىكى بىر قېتىملىق ئوۋ ئوۋلاشتىن ئىبارەت بىر قاتار ۋەقەلەرنى چېكىنمە بايان ئۇسۇلى ئارقىلىق بايان قىلغان بولۇپ، «مەن» كىچىك چېغىدا بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەيدۇ: ئاپرېلنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى «مەن» تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ كېتىپ، دادىسىنىڭ ئانىسىغا: «ئانىسى، ئۆگۈنلىككە مەن ئوۋغا چىقماقچى، لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويۇڭلا» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئانىسىغا ئۆزىنىڭمۇ دادىسى بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىش خىيالى بارلىقىنى ئېيتىدۇ، بىراق ئانىسى دادىسىنىڭ ئەزەلدىن بالا ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقمايدىغانلىقىنى دەپ «مەن» نى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ.

«مەن» ئۈمىدسىزلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ، دادىسىغا ئۆزىنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىشنى دەپ يالۋۇرىدۇ، دادىسى بالىسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، «مەن» نى بىللە ئوۋغا ئېلىپ چىقىدۇ. «مەن» ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا دادىسى بىلەن بىللە بۇ كۆڭۈللۈك سەيلىگە ئاتلىنىدۇ، ئۇلار سازلىققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىر قارىياغاچ تۈۋىگە جايلىشىپ، جان - جانىۋارلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندا بىر جۈپ تۇرنا ئۇچۇپ كېلىدۇ. «مەن» نىڭ دادىسى بىر تۇرنىنى ئېتىپ چۈشۈرىدۇ، بىراق ئېتىلگەن تۇرنىنىڭ جۈپتى ھەسرەت بىلەن نالە قىلىپ ئايلىنىشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن ئاتا - بالىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا قايتىپ كېلىدۇ.

«مەن» ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نادىر بوۋايدىن تۇرنىنىڭ ناھايىتى خاسىيەتلىك، ۋاپادار قۇش ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تېخىمۇ غەشلىككە تولىدۇ. بۇ بىر قېتىملىق

ئوۋدىن كېيىن 3 يىل ئۆتكەندە «مەن» نىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. «مەن» يېتىملىك دەردىدە ئازابلىنىدۇ ۋە ئات بېقىش باھانىسى بىلەن سازلىقتا بېرىپ يالغۇز قالغان تۇرنىنى ئەكىلىپ بېقىۋالىدۇ. بۇنى دادىسى سېزىپ قالغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ تۇرنىنى قويۇپ بېرىدۇ. دېمەك، ئاپتور ئەنە شۇنداق بىر قاتار ۋەقەلەرنى، يەنى بىر قېتىملىق ئوۋغا چىقىش جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلارنى يېزىش ئارقىلىق، ھاياتلىقتا ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن.

كۆنۈكمە بويىچە تەھلىل:

1. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى نىمە؟

ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى كىشىلەرگە تەبىئەتنى، تەبىئەت دۇنياسىدا ياشاۋاتقان جان - جانىۋار، ئۇچار - قۇشلارنى ئاسراش، قالايمىقان بۇزماسلىق، قالايمىقان ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ۋە ئىنسانلارنىڭمۇ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

2. مەزكۇر ئەسەر تەرتىپلىك بايان شەكلىدە يېزىلغانمۇ ياكى چېكىنمە بايان، قىستۇرما بايان شەكلىدە يېزىلغانمۇ؟

بۇ ئەسەر چېكىنمە بايان شەكلىدە يېزىلغان، يەنى ھېكايە ۋەقەلىكى «مەن» نىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر قېتىملىق ئوۋغا چىقىش جەريانىنى ئەسلەش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.

3. ئەسەردە ۋەقەلىك نۇقتىلىق يېزىلغانمۇ ياكى ئادەم نۇقتىلىق يېزىلغانمۇ؟ نىمە ئۈچۈن؟

ئەسەردە ۋەقەلىك نۇقتىلىق يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بىر قېتىملىق ئوۋغا چىقىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلارنى جانلىق، تەسىرلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرىش جەھەتتىكى رولىنى سۆزلەپ بېرىڭلار:

1) «بۇ بەئەينى دېرىژورسىز ئورۇندىلىۋاتقان تەبىئىي سىمفونىيە ئىدى. ھاياتلىق ناخشىسى ياڭرىماقتا .....»

2) «ھەتتا مېنىڭ نەزىرىمدە ھاياتلىق ناخشىسىنىڭ نەپسى ئۈزۈلگەندى. ھەممە ياق تىمتاس، پەقەت تۇرنا ھازىسىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغان، پۈتكۈل سازلىق، ياق، پۈتكۈل تەبىئەت!!!»

3) «ئەمدى ئۇ قانچىلىك ئۆمۈر سۈرەر؟ ئاھ خۇدا مېنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! مەن دادامدىن، بىچارە دادامدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەك قورقۇۋاتىمەن .....»

1-، 2-، 3- جۈملىلەرنىڭ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ. يەنى بۇ جۈملىلەردە ئاپتور تەبىئەت دۇنياسىدا پەقەت جانلىقلار بولغاندىلا ئاندىن ھاياتلىق ناخشىسى ياڭراپ تۇرىدۇ. ئەگەر جانلىقلار بولمايدىكەن، پۈتكۈل تەبىئەتتە ھاياتلىقنىڭ نەپسى ئۈزۈلىدۇ، دېگەن پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھاياتقا ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، روشەن ئوتتۇرىغا قويغان.

5. ئاپتور ئەسەردە «مەن» نىڭ كىچىك بالا ياكى بويىغا يەتكەن يىگىت ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق سۆز ئاچمىغان، ئەمما ئەسەرنى ئوقۇش بىلەنلا ئۇنىڭ بىر كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋالالايمىز. بۇنى «مەن» نىڭ قانداق ھەرىكەت-پائالىيەتلىرىدىن ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

«مەن» نىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىشلارنى ئەسلىشىدىن، ئانىسىغا دادىسى بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىش خىيالى بارلىقىنى تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ بايان قىلىشىدىن، دادىسىنى ئەگىشىپ

بوتلاقتەك ئەركىنلىشىدىن، ئۇنىڭ كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىنغۇالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىچىك بالا بولمىغان بولسا، ئانىسىغا كىچىك بالىغا ئوخشاش قىلىقلارنى قىلمىغان، دادىسىغا ئەركىلىمىگەن بولاتتى.

6. تۆۋەندىكى ئىككى تەبىئەت تەسۋىرىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتورنىڭ قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سۆزلەپ بېرىڭلار:

بىرىنچى تەسۋىر:

«ئاپرېلنىڭ مەيىن شامىلى يۇمران قومۇشلارنىڭ مايسىلىرىنى يەڭگىل سىيپاپ ئۆتەتتى. باھار قۇياشى ئۆتكەن يىلقى قومۇشلارنى ئالتۇن رەڭگە كىرگۈزۈپ تاۋلىنىۋەتكەنىدى. بۇ قېرى قومۇشلار ئەۋلادلىرى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك تولكە تۇماقلىق باشلىرىنى ھەسرەتلىك چايقايتتى...»

ئىككىنچى تەسۋىر:

«ئىزغىرىن شامال ئەمدىلىكتە چىپپىدە توختاپ ماتەمدە تۇردى، ئۆتكەن يىلقى قېرى قومۇشلار بۇ يىلقى مايسىلىرىنىڭ يۇمران بېشىنى يۆلىگەن ھالدا سۈكۈت قىلدى.»

1 ـ تەسۋىردە ئاپتور ئۆزىنىڭ ھۇزۇرلىنىش، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە كېيىنكى يوقىتىشقا بولغان ھەسرەتلىنىش، ئازابلىنىش ھېسسىياتىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن. بۇ تەسۋىرلەر ئاپتورنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

2 ـ تەسۋىردە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئازاب، ھەسرەت، پۇشايمانغا تولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭ.

# بۇزغۇنچى

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ئەخەت ھاشىم 1934 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1951 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1952 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ بىيورو كادىرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆلكىلىك پارتكومدا ئىشلىگەن. 1962 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا ئىشلىگەن. ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان.

ئەخەت ھاشىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1953 ـ يىلى باشلانغان. ئۇ ھازىرغا قەدەر «باھار مايسىلىرى»، «ياۋا سادىق»، «يالغانچى بىلەن كۆپپاڭچى» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى ۋە «بۆدۈنە بىلەن سېغىزخان»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ «بۇزغۇنچى» ناملىق ھېكايىسى 1980 ـ يىلى يېزىلغان.

ئاپتور جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## 2. ئەسەرنىڭ تېمىسى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسى

ئاپتور بۇ ئەسەردە تىرىشچان ئۆسمۈر ئەسئەتنىڭ ھەر تۈرلۈك شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىپ ھەرخىل سوئاللارنى سورىغانلىقىنى ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىپ ھەرخىل تېخنىكا ئىگىلىگەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەسئەتنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە بولغان ئوخشاشمىغان پوزىتسىيىسىنى تېما

قىلىش ئارقىلىق، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىكىدىنلا بىلمىگەن نەرسىلەرنى سوراپ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىنى قوللاش — ئۆسمۈرلەردە قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشنىڭ توغرا يولى دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## 3. ئەسەردىكى ئوبرازلار توغرىسىدا

### 1. ئەسئەت ئوبرازى:

ئەسئەت — تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق، بىلمىگەننى سوراپ ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان، قانائەتلەنمەي ئۆگىنىش روھىغا ئىگە ئۆسمۈر.

ئۇ ئەسلىدە يۈزلىرى يۇپيۇمىلاق، كۆزلىرى يوغان زېرەك بالا ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئاتا ـ ئانىسىدىن «ئادەملەر نېمە ئۈچۈن تاماق يەيدۇ؟»، «لامپۇچكا نېمە سەۋەبتىن يانىدۇ؟»، «يۇلتۇزلار نېمىشقا كۈندۈزى كۆرۈنمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى زېرىكمەي سوراپ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. ئەسئەتنىڭ گۆدەك قەلبىدە پەيدا بولغان بۇ خىل قىزىقىش ئانىسىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، دادىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.

ئەسئەتنىڭ بۇخىل ئىزدىنىش روھى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۆتۈلۈۋاتقان پەنلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلمىگەن يەرلىرىنى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تارتىنماي سوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بەشىنچى سىنىپقا چىققاندا مەكتەپ بويىچە ھەممە كىشى ماختايدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يەنە دەرسلىكتىكى تەجرىبىلەرنى ئۆيدە ئىشلەيدىغان، قۇلۇپ، رادىئولارنى چۇۋۇپ ئىچىنى كۆرۈپ باقالايدىغان بولىدۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ ھەرخىل توسقۇنلۇقلىرىغا قارىماستىن دادىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئۆز ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋېلىسىپىتىنى

چۇۋۇپ قايتا قۇراشتۇرۇۋاتقان بالا ئىككى ۋېنتىننى بېكىتىدىغان يەرنى تاپالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانىسىنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە ئۇچراپ «بۇزغۇنچى» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ. بىراق دادىسىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن بۇ ئىشنىمۇ دەرھال بىلىۋالىدۇ. سائەتنى چۇۋۇپ تازىلاش ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدا تەگىشىش پەيدا قىلىدۇ. لېكىن ئەسئەتنىڭ ئۇستەل سائىتىنى توغرا قۇراشتۇرۇپ چىقىشى ئانىنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئاپتور ئەسئەتنىڭ سوئال سوراشتىن نەرسىلەرنى چۇۋۇپ كۆرۈپ بېقىشىغىچە، كۆرۈپ بېقىشتىن قايتا قۇراشتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگىچە بولغان ئۆسۈش جەريانىنى ئانىنىڭ قارشىلىقى، ئاتىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، بىلىم ۋە ئىقتىدارغا توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ ئۇزۇن مۇددەت ئىزچىل جاپالىق ئەجىر قىلىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەسئەت ئانىسى بىلەن يازلىق تەتىلدە تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلار تەرىپىدىن «شاكىچىك مۇتەخەسسىس» دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. بۇ نەتىجە ئۇزۇندىن بۇيان قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەن ئانىنىمۇ قايىل قىلىدۇ.

دەرۋەقە ئەسئەتنىڭ بۇخىل نەتىجىگە ئېرىشىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئىزدىنىشى، ئاندىن دادىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىشى، كۆيۈنۈپ ياردەم بېرىشى بىلەن بولىدۇ. بۇ يەردە ئانىنىڭ توسقۇنلۇقى ئەسئەتنىڭ قەيسەر ئىرادە يېتىلدۈرۈشىگە، ئوڭۇشسىز شارائىتنى يېڭىپ تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئىشلەش قىزغىنلىقىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئاپتور ئەسئەتنىڭ بالىلارغا خاس قىزىقىش ئادىتىنى تەدرىجىي ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش، قورقماي ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاخىر ئۇنى «شاكىچىك مۇتەخەسسىس» قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق

باللار تەربىيىسىدىكى بىر مۇھىم مەسلىنى، يەنى باللارنىڭ قىزىقىشىنى قوللاش، ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىش، قورقماي ئىشلەش ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇرچى دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىدۇ.

2. ئەسەردىكى ئاتا ـ ئانا ئوبرازى:

ئەسەردە ئاپتور ئەسئەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئەسئەتنىڭ قىزىقىش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ھەرىكەتلىرىگە تۇتقان ئوخشاشمىغان پوزىتسىيىلىرى ئارقىلىق مەركەزلىك ھالدا ئېچىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ مىجەزى چۇس ئانىسى بۇسارەم ئوغلىنىڭ «ئاجايىپ مىجەزىنى» ياقتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ھادىسىلەرنىڭ سىرىغا قىزىقىپ سورايدىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيلا قالماستىن، «تولا گەپ قىلدىڭ»، «ئۆينى پاسكىنا قىلدىڭ»، «يېتىم ئاقساقال» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرماقچى بولىدۇ. دادىسى بولسا ئېغىر ـ بېسىق، بالىسىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولغاچقا، بالىسىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا زېرىكمەي ـ تېرىكمەي چۈشىنىشلىك قىلىپ جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ بىلمىگەن يەرلىرىنى ئۆگىتىپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىشىگە، ئۆگىنىشىگە ئىلھام ۋە ياردەم بېرىدۇ.

ئاپتور ئەسئەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاشۇنداق ئوخشاشمىغان پوزىتسىيىسىدىكى توغرىلىق بىلەن خاتالىقنى، ھەق بىلەن ناھەقنى چىنلىق ئاساسىدا تەسۋىرلەپ، ئانىنىڭ بالىسىنىڭ تەربىيىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەنقىد قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئوغلىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئانىغا ئۆز خاتالىقىنى تونۇتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز باللىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

# يېشىل ھايات

## 1. ئاپتور ھەققىدە

قۇربان بارات 1946 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1962 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1970 ـ يىلىدىن باشلاپ كورلىدىكى شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا كوررېكتور بولغان. 1980 ـ يىلى كورلىدىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

قۇربان باراتنىڭ تۇنجى شېئىرى «كاككۇك» 1956 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن تارتىپ داۋاملىق ھالدا كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى كىتابخانلار دىققىتىگە سۇندى. ھازىرغىچە 400 گە يېقىن شېئىر، 10 داستانى ئېلان قىلىندى. 1981 ـ يىلى ئۇنىڭ «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1984 ـ يىلى «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانلار توپلىمى ئېلان قىلىنغان. 1987 ـ يىلى «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىندى، «قىزىلگۈل» ناملىق داستانى 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 30 يىللىق ئەدەبىيات

ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر داستان مۇكاپاتىغا، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق داستانى 1982 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلى بەرپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانى 1986 ـ يىلى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر داستان مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

شېئىردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىيات:

شائىر شېئىردا تېكەس يايلىقىنىڭ ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك، كەچلىك مەنزىرىسى ۋە ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى خۇددى ئۇستا رەسساملاردەك ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

شېئىر مەزمۇن باغلىنىشى نۇقتىسىدىن 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا تېكەس يايلىقىنىڭ يىراقتىن قارىغاندىكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. مەسىلەن:

كۈمۈشتەك يالتىرايدۇ قارلىق تاغلار،
يېشىللىق دۇنياسىدۇر ئېتەكلىرى.
ئېدىرلار نارتۆگىنىڭ ئۆركىشىدەك،
باغرىدا يەلپۈنىدۇ چېچەكلىرى.
قاپتال ۋە جىرالىرى يېشىل جاڭگال،
قارىغايلار ساما بىلەن بوي تالاشقان.
ئېدىرلار ئارىلىقى قويۇق چاتقال،
ياپيېشىل توقايلىقلار قۇچاقلاشقان.

تاغ سۈيى ئېقىپ ئۆتۈپ توقايلىقتىن،
تاشتىن تاشقا ئۇرۇلىدۇ، شارقىرايدۇ.
بىپايان يىراقلىقلار يېشىل يايلاق،
كۆزۈڭنى قاماشتۇرۇپ پارقىرايدۇ.
قاياققا كۆز تاشلىساڭ يېشىل ھايات،
يېشىلدەك كۆرۈنىدۇ بار كائىنات.

دېمەك، يۇقىرىقى مىسرالاردا تېكەس يايلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ھالىتى، كۆرۈنۈشى، مەنزىرىسى ئوبرازلىق ئويناق تىل ياردىمىدە يارقىن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. شېئىرنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا تېكەس يايلىقىنىڭ سەھەردىكى مەنزىرىسى سۈرەتلەپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

شىشىدەك سۈزۈك ئاسمان، تىنىق ئاسمان
ئاۋۇلنىڭ ئۆيلىرىدىن چىقار تۈتۈن.
تام ئۆيلەر، كىگىز ئۆيلەر سان ـ ساناقسىز،
ئارىلاش ئورۇنلاشقان ئۇلار پۈتۈن.
ئاتلىرى چۇشەلگەندۇر ئۆي ئالدىدا،
سىيىرلار ئۇزاپ كەتكەن توقايلارغا.
توخۇلار قاقاقلايدۇ، ئىتلار ھاۋشار،
بالىلار مىنىپ يۈرەر موزايلارغا.
مومايلار ئىشلەپ يۈرەر كۆكتاتلىقتا،
بوۋىسى ياڭيۇلارنى تېرىپ بەرگەن.
كېلىنچەك سۈزۈك ـ سۈزۈك ئۆلەن ئېيتار،
بوۋىقى ئانىسىغا كۈلۈپ بەرگەن.
قاياققا كۆز تاشلىساڭ گۈزەل ھايات،
گۈزەلدەك تۈيۈلىدۇ بار كائىنات.

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى ئاۋۇلنىڭ ئۆيلىرىدىن تۈتۈن

چىقىۋاتقانلىقى، ئاتلارنىڭ ئۆي ئالدىدا چۇشەپ قويۇلغانلىقى، توخۇلارنىڭ قاقاقلاپ، ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى قاتارلىق تەسۋىرلەردىن يايلاقنىڭ ئەتىگەنلىك قايناق هايات باشلىنىشىدا تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

شېئىرنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا يايلاقنىڭ كۈندۈزدىكى پۈتۈن كۆنلۈك قايناق هالىتى تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

ئورمىنىڭ ناخشىسىدىن يايراپ كېتەر،
دانغا باي مۇنبەت تۇپراق، ئېسىل تاغلار.
ئۈيۈرلۈك بىيەلەرنىڭ مەنزىلگاهى،
سۈت – قىمىزى دەريا – دەريا يېشىل تاغلار.
ئۇن يەتمەس ئېگىزلىكتە ئۈچار بۈركۈت،
كەڭ يايلاق ئاسمىنىدا قانات قاققان.
ئاقىرىپ كۆرۈنگىنى قوي پادىسى،
چوپانى ئات ئۈستىدە كۈلۈپ باققان.
ئايغىرلار چاڭ چىقىرىپ چېپىپ ئۆتەر،
ئويلايسەن مەردۇ – مەردان جەڭدە گويا.
ئوتلاقتا ئۈنچە – ئۈنچە چۆپ ياتىدۇ،
ئاراللار تولۇپ كەتكەن يېشىل دۇنيا.
قاياققا كۆز تاشلىساڭ يېشىل هايات،
يېشىلدەك كۆرۈنىدۇ بار كائىنات.

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى ئورما ناخشىسىنىڭ ياڭراپ تۇرۇشى، ئېگىزلىكتە بۈركۈتلەرنىڭ ئۈچۈپ يۈرۈشى، يىراقلاردىن قارىغاندا قوي پادىسىنىڭ بۇلۇت توپىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنۈشى قاتارلىق مەنزىرىلەر يايلاقنىڭ كۈندۈزدىكى پۈتۈن كۈنلۈك مەنزىرىسىنى يىغىنچاقلاپ سۈرەتلەپ بەرگەن.

شېئىرنىڭ تۆتىنچى قىسمىدا يايلاقنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى

جانلىق، ئوبرازلىق تىل، يارقىن، جانلىق كارتىنا ئارقىلىق خۇددى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقاندەك روشەن سۇرەتلەپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

يەر بىلەن خەيرلىشىپ كۇن پاتىدۇ،
ئۇپۇقلار قىزىرىدۇ يالقۇن بولۇپ.
سۆيۇملۇك كىشىلەرگە ئاچار قۇچاق،
ئاۋۇللار، دەريا بويى سالقىن بولۇپ.
تىنچىماس ئانا ئاۋۇل، ئويغاق دەريا،
سىر ئېلىپ قىز - يىگىتلەر كۇلۇشىدىن.
تىنچىماس ئاي پارلىغان گۇزەل دۇنيا،
جىر - جىرلاپ، گارمۇن تارتىپ يۇرۇشىدىن.
كېچىكىپ قالغانمىكىن شوپۇر يىگىت،
نەدىدۇر تىراكتۇرى تاتىلدايدۇ.
كۇلۇبتا قويۇلماقتا يېڭى فىلىم،
ئاپپارات رىتىم بىلەن تاقىلدايدۇ.
تىڭشىساڭ قەدىردان يەر نەپەسىنى،
دىلىڭنى چۇلغۇۋالار خۇشال سېزىم.
مېھماندوست چەكسىز يايلاق - يېشىل يايلاق،
شۇنچە كەڭ، شۇنچە يېشىل، شۇنچە ئەزىم.
قاياققا نەزەر سالساڭ گۇزەل ھايات،
گۇزەلدەك تۇيۇلىدۇ بار كائىنات.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردىكى كۇنىنىڭ ئولتۇرۇشى، قىز - يىگىتلەرنىڭ سىرداشقانلىقى، كۆكتە ئاي پارلىغانلىقى، كۇلۇبتا كىنو قويۇلۇۋاتقانلىقى قاتارلىق تەسۋىري كۆرۇنۇشلەر يايلاقنىڭ كەچلىك قايناق ھايات قاينىمىدا تىنىمسىز تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى سۇرەتلەپ بەرگەن.

دېمەك، شائىر «يېشىل ھايات» ناملىق بۇ شېئىردا تېكەس يايلىقىنىڭ سىرتتىن قارىغاندىكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى، ئەتىگەنلىك، كۈندۈزلۈك، كەچلىك مەنزىرىسىنى جانلىق، ئوبرازلىق تىل ياردىمىدە يىغىنچاقلاپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، تېكەس يايلىقىنىڭ ئازاد زامانىدىكى باياشات، قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇشىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

«يېشىل ھايات» ناملىق بۇ شېئىر مەزمۇن جەھەتتىن لىرىك شېئىرنىڭ تەبىئەت (پېزاژ) لىرىكىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، شېئىردا باشتىن - ئاخىر تېكەس يايلىقىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن، يەنى يايلاقنىڭ تەبىئىي جايلىشىشى تاغ، ئېدىرلار، جىرا، دەريالارنىڭ گىرەلىشىپ جايلىشىش ھالىتى ئاساس قىلىنىپ سۈرەتلەپ بېرىلگەن. شېئىردىكى ھەربىر قىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى «قاياقتا كۆز تاشلىساڭ يېشىل ھايات،» يېشىلدەك كۆرۈندۇ بار كائىنات» دېگەن مىسرا ئەسەر مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاش ۋە مەزمۇن جەھەتتىن شېئىر ماۋزۇسى بىلەن ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

# دولان ياشلىرى

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر 1937 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بايتوقاي يېزىسى بوستان مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئازادلىقتىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن غەربىي — شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ دەسلەپ شۇ مەكتەپتە، كېيىن غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1979 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

يازغۇچىنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە» 1972 - يىلى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر «دولان ياشلىرى»، «ئېھ، توپىلىق يول»، «ئۇنتالمايمەن گۈلسارە»، «قەرزدار»، «قوشنىلار» قاتارلىق ھېكايىلەرنى، «ئارچا ياپرىقى» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئاتا»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق رومانلارنى ئېلان قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىغان. ئۇ 1998 - يىلى 8 - ئايدا ۋاپات بولغان.

## 2. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

«دولان ياشلىرى» ناملىق بۇ ھېكايىدە ئاتالمىش «مەدەنىيەت

زور ئىنقىلابى» ۋە ئەينى ۋاقىتتا بىر مەھەل ئەۋج ئالغان ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەندىن تاشقىرى، مىللىي مەدەنىيەتنىمۇ دەپسەندە قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان مۇقامچى، ئۇسسۇلچى، سەنئەتكارلارغا جىنايى بەتنام چاپلاپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى نابۇت قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا قارشى ھەرخىل يوللار بىلەن قەيسىرانە كۈرەش قىلىپ مىللىي سەنئىتىنى قوغدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە مىللىي سەنئەتنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا سەممىي ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ مۇھىم رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى نۇرلاندۇرغانلىقى بەدىئىي ماھىرلىق ۋە تەسىرلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ ئارقىلىق ياۋۇز «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلەپ، ئۇلارنى سەنئەتنى چۈشەنمەيدىغان، ياۋايى تەبىئەتلىك ھالەتتە قالدۇرغانلىقى پاش قىلىنىپ، ياشلار ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىلغان.

## 3. ھېكايىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى

(1) ھېكايىدىكى باش قەھرىمان كەنجى ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ زەھەرلىشىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقتىن، دولان خەلقى ياخشى كۆرىدىغان مىللىي ناخشا - ئۇسسۇللارنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. ئۇنى «كونا مۇقام»، «سەنئەت ئەمەس»، بەلكى ھاقارەتلىك ئىش دەپ تونۇيدۇ. ئۇنىڭ تەرىپىچە، سەنئەتتىن سىياسەتنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرۇشى لازىم. شۇڭا ئۇ دادىسىغا: «دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى بىلمەيسەن، دولانلىقنىڭ كونا مۇقامىنى يېڭى دەۋرگە تاڭماقچى بولىسەن، بۇ گۈزەل باغقا كاۋا

تېرىغاندەكلا بىر ئىش» دەپ كايىيدۇ. بۇ سۆز ئاڭسىز ھالدا ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەتنى چەتكە قاققان ۋە خورلىغانلىقىدەك ئىدىيىۋى ھالىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كەنجى ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئۈچ كۆرۈپلا قالماي، دولان خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئۇستا راۋابچى مەتيانى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. ئۇنى «فېئودالىزم تەرغىباتچىسى»، «سېرىق ناخشا ـ ئۇسسۇلنى تارقاتقۇچى ئاقىنانچى، لايغەزەل ھۇرۇن، بىرىمۇ ياخشى يېرى يوق ئادەم» دەپ قارايدۇ. دادىسى مەتياغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغاندا دادىسىغا نارازى بولۇپ: «دادام نادانلىقىدىن ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت سۈپۈرۈپ تاشلىغان سۈپۈرەندىنى ئەتىۋارلايدۇ» دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىز ئاسىدەگە ئۇسسۇل ئويناشنى، ناخشا ئېيتىشنى تاشلايسەن دەپ شەرت قويىدۇ. كەنجى ئۆزىنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دولانلىقنى زېرىكتۈرىدۇ. لېكىن كەنجى كۆڭلىدىكى كىشىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ مەقسەتكە يېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندە، ئاندىن ناخشا ـ ئۇسسۇلنى بېشىم بىلەن مېڭىپ بولسىمۇ ئۆگىنەي دېگەن نىيەتكە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دولان قىزلىرى «بۇت» دەپ لەقەم قويغان، «بەدىنىدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق»، «دولان ياشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى بىر پەزىلىتىدىن مەھرۇم بولغان»، «سەنئەتنى خارلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىك» كەنجى مەتيانى ئۇستاز تۇتۇپ، جاپاغا چىداپ ئۇسسۇل ئۆگىنىپ ئۇستا ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ يېتىشىدۇ ۋە بىر قېتىملىق دولان مەشرىپىگە قاتنىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ بۇ مەشرەپتە ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ ئۆزى ئويناۋاتقان دولان ئۇسسۇلىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلايدۇ، ئۇسسۇلنى بۇرۇنراق ئۆگەنمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئۇسسۇلسىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۇن يىللىق

هاياتىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. دولان ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلغان ئەجدادلىرىغا بولغان ھۆرمىتى چەكسىز ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئۆزگىرىش جەريانى سەنئەتنى يامان كۆرۈشتىن سەنئەتنى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا زوقلىنىش ۋە سەنئەتنى سۆيۈش جەريانىدۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئۆزىنىڭ پاك قەلبىنى قاتتىق زەھەرلىگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش جەريانىدۇر.

دىمەك، ئەسەر باش قەھرىمانى كەنجى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زەھەرلىشىگە قاتتىق ئۇچراپ، ئىدىيە جەھەتتە ئالدانغان ئاق كۆڭۈل، ساددا، ئەمگەكچان دولان ياشلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

(2) پالتاخۇن ئوبرازى:

پالتاخۇن دولان مۇقامى ۋە ئۇسسۇلىغا ئىنتايىن چوڭقۇر ئەقىدە باغلاپ، سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىزغا سادىقلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى جان تىكىپ قوغدىغان ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقىتىشتا تۆھپىسىنى ئايىماي قوشقان ئەقىللىق، پىداكار، سەنئەتخۇمار دولان خەلقىنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

پالتاخۇن گەرچە ئۆزى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ناخشا - ئۇسسۇلدىن قالمايدۇ. تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا دولان مۇقامىنى ناھايىتى ھەۋەس بىلەن ئېيتىدۇ. پالتاخۇن مۇقام ئېيتقاندا ئۇنىڭ قەدىناس ھەمراھى ئايسىخان موماي ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ پالتاخۇن بىلەن بولغان توي مەرىكىسىنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ. بىراق ئوغلى كەنجى دادىسىنىڭ بۇنداق مۇقام ئېيتقانلىرىدىن نارازى بولۇپ ئاتا - ئانىسىغا دوق قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا پالتاخۇن قاتتىق خاپا بولۇپ ۋە ئوغلىغا غەزەپلىنىپ، «مۇقام ئېيتمىغانغا خۇش بولىدىغان ئىش بولسا، مەن ئۆلگەندىن كېيىن

خۇش بولۇۋالسۇن» ، «ئۇنىڭ بەدىنىدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق» دەپ تېرىكىدۇ ۋە كەنجىدىن ئىنتايىن نارازى بولىدۇ. مانا بۇ جەريانلار پالتاخۇننىڭ دولان مىللىي مۇقام ۋە مەشرەپلىرىگە بولغان ئىنتايىن يۇكسەك ئەقىدىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پالتاخۇننىڭ «مېنىڭ بايلىقىممۇ، خۇشاللىقىممۇ ئۇسسۇل، ناخشا ـ ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۇنۇم سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازابلىق» دېگەن سۆزلىرى دولان خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ۋە ئۇلارنىڭ سەنئەتتىن ئايرىلمايدىغان مەدەنىي هايات يوللىرىغا سەمىمىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مەنىۋى بايلىقى بولغان دولان مۇقامى ۋە ئۇسسۇللىرىغا بولغان يۇكسەك ئەقىدىسى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ، شۇنداقلا دولان خەلقىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ سەنئەتخۇمار، شوخلۇق ۋە شادلىقنى نامايان قىلغۇچى ئۇسسۇل ـ مەشرەپلىرىنى نەقەدەر قەدىرلەپ سۆيىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

(3) مەتيا ئوبرازى:

مەتيا دولان ئۇسسۇل ـ مەشرەپلىرىگە چوڭقۇر ئەقىدە باغلاپ، ئۇنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئۇنى دولان ياشلىرىغا ئۆگىتىدۇ ۋە بۇ مىللىي مۇقام ـ ئۇسسۇللارنىڭ يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بىراق ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىدە يۇرگۇزۇلگەن ئىنتايىن سول لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكى تۇپەيلىدىن، «فېئودالىزمنىڭ سېرىق مەدەنىيىتى» نى «تەرغىب قىلغۇچى» دېگەن بەتنام بىلەن كۇرەشكە تارتىلىپ قاتتىق خورلىنىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ پۇتى ۋە قوللىرىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي مۇقام ۋە ئۇسسۇلنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇ مەزگىللەردە ئۇ بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئاق نانچى» ، «ئىشنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغان

ھۇرۇن» دېگەن سۆزلەر بىلەن كەمسىتىلىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئىنكار قىلىنغاندىن كېيىن، بۇرۇن «ھۇرۇن» دەپ قارىلىپ كەلگەن مەتىيا تېخىمۇ ئېغىر ئىشلارنى قىلىدۇ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تېخىمۇ جۇشقۇنلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەتىيا يەنىمۇ زور غەيرەتكە كېلىپ مۇقام ۋە ئۇسسۇلنى دولان ياشلىرىغا ئۆگىتىدۇ، ھەتتا ناخشا-ئۇسسۇلنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغان كەنجىگىمۇ زېرىكمەي-تېرىكمەي ئۆگىتىپ ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

دېمەك، مەتىيا دولان خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بولغان دولان مۇقامى ۋە دولان ئۇسسۇلىغا يۈكسەك ئەقىدە باغلاپ، ئۇنى قوغداش يولىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن قايتىدىن قەد كۆتۈرۈپ، ئۆزى سۆيگەن گۈزەل سەنئەتلىك قايناق ھاياتقا ئېرىشكەن سەنئەتخۇمار شىجائەتلىك دولان خەلقىنىڭ ئوبرازى.

مەتىيانىڭ «ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، داپ چېلىپ يۈرگىنىمگە 33 يىل بولۇپ قالدى. يەنە بىلىپ قويغىنكى، مەن مۇشۇ ناخشا-ئۇسسۇلنى دوست تۇتۇپ يەنە 33 يىل ياشايمەن. ئۆلگەندە نامىزىمغا ئون ئۆستەڭلىك يەرنىڭ ئادىمى كېلىدۇ. سەن شۇ چاغدا مەتىيانى تىللىغان ئاغزىڭغا كاچات ئۇرىسەن بالا» دېگەن سۆزلىرى دولان خەلقىنىڭ ئۆز مىللىي مۇقام، ئۇسسۇللىرىغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىنى، ئۇنى قوغداشقا بولغان ئىرادىسىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى دولانلىقلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنىڭ مەشرەپ ۋە ئۇسسۇل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇلار دولان خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيانقى روھىي ھالىتى، قىزىقىشى ۋە قانداق مەدەنىي ھاياتتا ياشىغانلىقىنىڭ ئەڭ جانلىق پاكىتىدۇر.

## 4. ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

(1) ھېكايىنىڭ تىلى ئاممىباب، ئوبرازلىق ۋە جانلىق. ھېكايىدە ئاپتور خەلق تىلى، ماقال ـ تەمسىللەر، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ۋە خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ھېكايە مەزمۇنىنى ئوبرازلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، «تويدىن كېيىن ناغرا، قىتىقتىن كېيىن زاغرا» (ماقال ـ تەمسىل)، «قىزنىڭ زىلۋا تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەللىرى، ئويناق قارا كۆزلىرى، ھىمىرىلگەن ئوماق لەۋلىرى، بۆلەكچىلا ـ بۆلەكچىلا گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى.» (سۈپەتلەش ۋە ئوخشىتىش)، «ئۇ خۇددى ھەرە چېقىۋالغان توپاقتەك تىپىرلىدى»، «يىگىت ئالدىراپ بىرىپ ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قارلىغاچتەك تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئاسىدەنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلدى.» (ئوخشىتىش)

«يار كېلىپ گۈلدەستە تۇتسا،
تار كېلىدۇ دۇنيا ماڭا.
جان ـ دىلىمدىن ئەتىۋاردۇر،
شۇ گۈلى رەنا ماڭا» (خەلق قوشىقى)

«ھېزى بولمايدىكەنسەن يا»، «ساڭا نېمە بولدى ئوغلۇم ھەي!»، «قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كەتتىڭيا» (يەرلىك تىل ئالاھىدىلىكى)

(2) ھېكايە كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۆلەكلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم مەنە ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلانغان ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ كەلگەن.

1 ـ بۆلەكتە پالتاخۇن ئائىلىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە بۇ ئائىلىدىكى پالتاخۇن، كەنجى، ئاسخان قاتارلىقلارنىڭ

خاراكتېرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.
2 ـ بۆلەكتە ئاساسەن كەنجىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.
3 ـ بۆلەكتە مەتيانىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى نەتىجىسىدە، كەنجىنىڭ ئۆزگىرىشكە قاراپ ماڭغانلىقى بايان قىلىنغان.
4 ـ بۆلەكتە كەنجىنىڭ مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى تەسىرىدىن ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە بەل باغلىغانلىقى ۋە مەتيانىڭ ئۇنىڭغا زېرىكمەي ئۇسسۇل ئۆگەتكەنلىكى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.
بۇ ھېكايىدە ئومۇمەن 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقى، ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۈگىگەندىن كېيىن خەلقنىڭ قايتىدىن ئۆز ئۇسسۇل ـ سەنئىتىگە ئېرىشىپ، مەنىۋى ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدىيە ئىپادىلەنگەن.

# چىنىقىش

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. زۇنۇن قادىرى 1912 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1937 ـ يىلىدىن تارتىپ باشلانغان. ئۇ ئەڭ دەسلەپ مەرىپەتچىلىك تەرغىب قىلىنغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق 3 پەردىلىك سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «ئۇچراشقاندا» قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق دراممىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، زۇنۇن قادىرى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئەمما ئىجادىيىتىدە ھېكايە ئاساسىي ئورۇننى تۇتىدۇ. ئۇنىڭ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «كۈچۈككە ھۇجۇم»، «ماغدۇر كەتكەندە» ۋە «چىنىقىش» قاتارلىق نادىر ھېكايىلىرى بار. زۇنۇن قادىرى 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 2. «چىنىقىش» ھېكايىسى ھەققىدە تەھلىل

«چىنىقىش» يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان تۇنجى ھېكايىسى بولۇپ، 1955 ـ يىلى يېزىلغان. ھېكايىدە ئاپتور فېئوداللىق تۈزۈم كاردىن چىقىرىۋەتكەن بىر ئادەمنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈم تەسىرىدە ئۆزگىرىپ جەمئىيەتكە يارامىلىق بىر ئادەمگە ئايلانغانلىقىدەك بىر ۋەقەنى

ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە بولغان قايىللىقى ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. 1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مىليونلىغان جاپاكەش دېھقانلار يەر، سۇ، ئۆي ـ جاي، مال ـ چارۋىلارغا ئىگە بولۇپ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن مەنىۋى ۋە ماددىي مەھرۇملۇققا خاتىمە بېرىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولغان كىشىلەر سۈپىتىدە كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ قايىنىمىغا قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ، يېڭى ۋە زۇلۇمسىز ھاياتقا ئېرىشىش كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ بۇ ھېكايىسى يۇقىرىقى رېئاللىقنى دەۋر قىلغان ھالدا بىر قاتار تۈرمۇش پائالىيەتلىرىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى كىشىلەردىكى كوللېكتىپلىشىش يولىغا ئاكتىپلىق بىلەن مېڭىش روھىنى ئېچىپ بەرگەن.

بىز ئەسەرنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇغىنىمىزدا، پېژغىرىن ئىسسىقتىن زارلىنىپ تەر پۇراپ كەتكەن كۆينىكىنى كۆكاتلارغا ئوراپ بېشىغا قويۇپ، دومبىسىنى نەم يەرگە چاپلاپ ئوڭدىسىغا ياتقان ھورۇن بىر ئادەمنىڭ ئالتە ياز تېرىغان قوناقلىرىنى قويماي يەپ بولغان قاغىلارنى تىللاپ ياتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ بىز ئەسەردە تونۇشماقچى بولغان باش قەھرىمان مەتنىياز ئىدى.

مەتنىياز قولىدا بىر چىرايلىق ھۈنىرى بار، لېكىن، ھورۇنلۇق تۈپەيلى ھېچ ئىشتىن نەپ ئالالمىغان بىر دېھقان

بولۇپ، يەر ئىسلاھاتىدا بىرىنچى دەرىجىلىك يەردىن ئۇنىڭغا خېلى كۆپ تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلىرىدىن ھوسۇل ئالالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇرۇغىنمۇ تۆلىيەلمەيدۇ. ئۇ گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىشنى بىلمەي، ھېلى ئۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانسا، ھېلى بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ - دە، نەتىجىدە ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ 40 ياشقا كىرگىچە خوتۇن ئالالمايدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ھورۇن قىياپىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۆتمۈش قاراڭغۇ جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن مەنىۋى زىيىنىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. ئەسەردىكى مەتنىياز مەنىۋى ئوزۇققا موھتاج، پاك مۇھەببەت، گۈزەل تۇرمۇشقا قىزىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق، ئېزىلەڭگۈلۈك ۋە بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىقتەك ئىرادىسىزلىك ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بەلكى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھېچنېمىسى يوق نامراتقا ۋە كېرەكسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. فېئوداللىق خوراپاتلىق ۋە قالاق تۈزۈم ئۇنى پۈتۈنلەي كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئاپتور يەنە ئۆلكە ئازاد بولۇپ كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتسىيە قۇرۇش ئارقىلىق ئىگىلىك يارىتىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، مەتنىيازغا ئوخشاش ئويغانمىغان دېھقانلارنى بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىش، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ ئۆزىمۇ بەلگىلىك نەپ ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ ئىدىيە مەتنىيازنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان يەرلەرنى تېرىيالماي ئۆز - ئۆزىدىن جىلە بولۇپ، ئاخىرى «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئۇخلاپ ياتقان ۋاقىتلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەردە روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

«ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ يىراقتىكى ئېتىزلارغا قارىغانىدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بولۇق بۇغدايلىرى باشلىرىنى ئېگىشىپ ئاپتاپتا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئېتىزنىڭ بىر چېتىدە بىر قانچە كىشىنىڭ تىنماي قىمىرلاۋاتقانلىقلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى بولۇپ، تۇنۇگۈن كەچقۇرۇن بۇغدايلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن مۇزاكىرە ئۆتكۈزگەن، بۈگۈن تاڭ يورۇشى بىلەن ئۆملۈكتە قىزغىن ئورمىغا چۈشكەنىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىرى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئارىلاپ ئويۇن - چاقچاق، جاراڭلىق ناخشىلىرى ئۇنى بىر جەھەتتىن ھەيران قالدۇرسا، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ خىل زېرىكىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى».

يۇقىرىقى تەسۋىرلەر بىزگە كوپېراتسىيىلىشىشتىن ئىبارەت بىر يېڭى شەيئىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ بىر قاتار كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلىشى ئەينى دەۋردە تېڭىرقاپ تۇرغان دېھقانلارنىڭ قايسى يولغا مېڭىشنى تاللىۋېلىشى ئۈچۈن ياراتقان كونكرېت بىر يولى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەتنىيازغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان دېھقانلارنىڭ قايسى يولغا مېڭىشقا مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس.

چۈنكى، ئەينى دەۋردە ھەمكارلىق گۇرۇپپا يولغا قويۇلغاندا، بىرنەچچە ئائىلىلىك بىرلىشىپ ئات - ئۇلاغ، سايمان، ئادەم كۈچى قاتارلىقلارنى تەڭ چىقىرىپ يەرلەرنى تەڭ تېرىيتتى. ھەركىمنىڭ قوشقان كۈچ - ئەمگىكىگە قاراپ نومۇر خاتىرىلەپ، يىل ئاخىرىدا شۇ نومۇرغا قاراپ ھەق بېرىلەتتى. بۇ كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ، بۇنىڭ

پايدا - زىيىنىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن كىشىلەر ئاسانلىقچە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ كېتەلمەيتتى.

ئاپتور ئەسەردىكى بۇ كىچىككىنە كۆرۈنۈش ئارقىلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكى پىكىر بىرلىكى، ئۆملۈك، ئۇنىڭدىكى خۇشاللىق ھايات قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەپ، ئەينى دەۋر ئۈچۈن رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان جانلىق ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئۆز ھېسسىياتىنى پېرسوناژ خاراكتېرىغا ئەپچىللىك بىلەن سىڭدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ مەتنىيازنىڭ خاراكتېرىدىكى بوشاڭلىق ۋە ئاجىزلىقلارغا نەپرەتلەنسىمۇ، بۇنى ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنىڭ قالدۇق تەسىرى دەپ تونۇپ، مەتنىيازنى كېرەكسىز ئادەم قاتارىغا چىقىرىۋەتمەستىن، بەلكى كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش روھى بويىچە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا چىقىش يولى تېپىپ بېرىدۇ. يازغۇچىنىڭ مەتنىيازغا چىقىش يولى تېپىپ بېرىشى، ئەمەلىيەتتە فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان دېھقانلارغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدۇر. شۇڭا بىز ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا ھورۇن ۋە كاردىن چىققان مەتنىيازنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئۈمىدسىزلەنسەك، ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا بولسا تال - باراڭ ئاستىدا كوللېكتىپلىشىشنىڭ شېرىن مېۋىسىنى ھوزۇرلىنىپ يېيىشىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر قاتارىدا يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك، يېنىك ھېس قىلىپ پىشقان قوغۇننى چاقچاق ئارىلاش ھوزۇرلىنىپ يەۋاتقان مەتنىيازنى كۆرىمىز ۋە خۇشال بولىمىز. دېمەك، ئەسەردە ھەمرا دۇيجاڭنىڭ ئاغزى بىلەن ئېيتقاندا: «... بىز يالغۇزچىلىقتا قىلالمايدىغان ئىشلارنى ھەممىمىز بىرلىكتە بارلىق

كۈچىمىزنى قوشۇپ ئورۇنداپ يەردىن ياخشىراق ئۈنۈم ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەمكارلىشىۋاتىمىز. دېمەك، باشقىلار نېمە بولسا بولسۇن، پەقەت ماڭىلا بولسا بولدى دەپ ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭلا مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان بولساق قېنى ئېيتىڭلار، چوڭ بىرلىشىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ .....» دېگەندىن ئىبارەت.

ئەسەردە ئاپتور سوتسىيالىزمنىڭ تۇنجى قەدىمى بولغان ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى شۇ دەۋردىكى دېھقانلارنىڭ توپ چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، كونا جەمئىيەت كىشىلىرىنى كاردىن چىقىرىپ، ھوسۇللۇق يەرنى ھوسۇلسىز يەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولسا، يېڭى جەمئىيەت ۋە يېڭى جەمئىيەتتىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئارقىلىق كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىش كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ۋە پسىخىكىسىدىن روشەن كۆرەلەيمىز. مەسىلەن:

مەتنىياز كۈچىنىپ ئىشلەپ، ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئىشلەپ خۇشال تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئىزدەيدۇ. بىراق ھۇرۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك ئۇنى ئارزۇسىدىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ھۇرۇنلۇق ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن شۇنچىلىك چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەتكەنكى، ئەگەر ئۆزىنىڭ تىرىكلىك نىشانىسىنى يوقىتىپ قويماي دېمىسە كەچكىچە يېتىپ ئۇخلاشتىن زېرىكمەيدۇ. ئۇ قولىدىن خېلى ئوبدان ئىش كېلىدىغان يامان ئەمەس ئۇستا بولسىمۇ، ۋۇجۇدىدىكى ھۇرۇنلۇق قولىدىكى ھۈنەردىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشىنى قامداشقا يول قويمايدۇ. مەتنىياز بىرەر كىشىنى رەنجىتىشنىمۇ ياكى رەنجىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

قوپالراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەتنىياز جەمئىيەتتە ياكى بار

ياكى يوقلۇقىنى ئانچە بىلگىلى بولمايدىغان تاشلاندۇق ئادەم. ئۇنىڭ مەۋجۇت ئادەملىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئامىل ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك. لېكىن ھۇرۇنلۇق ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق يېتەرسىزلىك بولۇپ، بۇ ئاجىزلىق ئالدىدا ئۇنىڭغا ئاق كۆڭۈللۈك ھېچقانداق بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان تۇرمۇش لەززەتلىرىدىنمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ.

يەنە ئالايلۇق:

مەتنىياز سايدا قاغىنى تىللاپ ھەسرەتلىنىپ ياتقان ۋاقتىدا، يىراقتىن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەرگە تاماق ئېلىپ كېتىۋاتقان ئايالLARغا كۆزى چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ دۇينىڭ دۇيجاڭى، ھەمكارلىق گۇرۇپپا باشلىقى ھەمرانىڭ تۇل سىڭلىسى ئىززەتخانمۇ بار ئىدى. ئۇزۇندىن بېرى يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش نىيىتىدە ئۇ ئايالغا كۆز تاشلاپ يۈرگەن مەتنىياز ئۇنىڭغا تىكىپ بەرمەكچى بولغان تۇپلىيىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ پىشىپ كېتىۋاتقان قىچىنىمۇ تاشلاپ دەرھال تۇپلەيگە تۇتۇش قىلىدۇ - دە، ئۇنى پۈتتۈرۈپ ئىززەتخاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇ ھەمرادىن تەنبىھ ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتە ئەتىگەندە قىچىنى پۈتۈنلەي ئورۇۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ. ئەمما ئەتىسى ئېتىزغا چىقىپ ھۇرۇنلۇق كېسىلى يەنە تۇتۇپ ئىشتىن ۋايساشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ قىچىسى ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى تەرىپىدىن ئورۇپ قويۇلغان بولسىمۇ، مەتنىياز ۋاقتىدا دېنىنى ئايرىۋالماي كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ.

يۇقىرىقى بىر قاتار ۋەقەلىكلەر مەتنىيازنىڭ ھۇرۇن خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئاساسلىق جەريانلار. مەتنىياز ئۆزىدىكى ئويۇن - چاقچاققا ئامراقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن،

كوپېراتىپقا كىرىشنى ئارزۇ قىلىپ ئۇنىڭغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق ئۆستەڭ چېپىشقا بارغاندا مۆكۈۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالغان ۋاقىتتىكى سەمىمىيلىكى بولسا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى باشقا كىشىلەرگە ئانچە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، راستچىل ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتور پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۈرەتلەشتە خاس خاراكتېرنى يورۇتۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. ھېكايىدىكى باش قەھرىمان مەتنىيازنىڭ شەھەردىكى تۇرمۇشىدىن تارتىپ يېزىغا بارغانىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىغىچە، يەر تېرىشتىن تارتىپ ئورما ئورۇشقىچە، كوپېراتىپقا كىرىپ ئۆستەڭگە چىققان ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ تاكى كوللېكتىپ تۇرمۇشنىڭ زوق - شوخ ئىچىدىكى ھالال مېھنىتىنىڭ مېۋىسىنى تېتىۋاتقان ۋاقىتلىرىغىچە بولغان بىر قاتار ۋەقەلىكلەردە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىپ، ئۇنى كىشىنى ئىشەندۈرىدىغان ھەقىقىي چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

ھېكايىدە مەتنىياز ۋە باشقا ئوبرازلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىپىك خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە تىپىك ۋەقەلىكلەر ئوبرازلىق، جانلىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئوبرازلار خاراكتېرىنىڭ گەۋدىلىنىشىگە ماس ھالدا خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، ئاپتور ئەسەردە مەتنىيازنىڭ كونا جەمئىيەت ۋە كونا جەمئىيەت ئائىلىۋى تۇرمۇش تەربىيىسىدە شەكىللەنگەن ھۇرۇن، قاششاق، جۈرئەتسىز خاراكتېرىنىڭ يېڭى جەمئىيەتتە ۋە كوپېراتىپقا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمەي سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى قاتتىق ھەجۋىي قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆستەڭ چېپىش ئەمگىكىدىن قېچىپ چىتلىق ئارىسىغا مۆكۈۋالغانلىق جەريانىنى

سۇرەتلەپ، مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ باشقىچە ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان. ھېكايە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىش، تىل ئىشلىتىش، مۇھىت تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش جەھەتتە ناھايىتى ئۇتۇقلۇق چىققان ئەسەردۇر.

# تۇرمە ناخشىسى
## (داستاندىن پارچە)

### 1. ئاپتور ھەققىدە

تاڭجارىق جولدىبايېپ (1903 — 1947) قازاق خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى، يېقىنقى زامان شىنجاڭ قازاق ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 1920 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شائىرنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ۋە «نازىگۇل»، «سادىق بىلەن سالىقان»، «ئانار - ساۋلە»، «ساناۋار» قاتارلىق داستانلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئۇ باندىت شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ بىر نەچچە يىل تۇرمىدە ياتقان. شائىر ئۆزىنىڭ «تۇرمە ناخشىسى» ناملىق داستانىنى ئەنە شۇ يىللىرى يازغان.

### 2. ئەسەر تەھلىلى

«تۇرمە ناخشىسى» ناملىق داستاندا قازاق خەلقىنىڭ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ جاللات شېڭ شىسەينىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەت، جەبىر - جاپالىرى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئېچىپ بېرىلگەن. شۇنىڭدەك ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمى، بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى تۈپەيلىدىن، قازاق خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتە نادانلىق، قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك ۋە ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق ھالىتىدە قالغانلىقى ئېچىپ تاشلىنىپ،

خەلق ئويغىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ زالىم ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ۋە ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر تەۋرەنمەي بېسىپ كۆرەش قىلىش ئارقىلىق يېڭى بەختىيار زامانغا ئېرىشىپ، گۈزەل، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە دەۋەت قىلىنغان.

«تۇرمە ناخشىسى» ناملىق بۇ داستاننى بىز مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ تەھلىل قىلىمىز.

1 ـ قىسىم:

بۇ قىسىم داستاننىڭ بېشىدىن «ئىككىنچى ئاي ئىككىسى جۇمە كۈنى قامىدى ئۇلار مېنى ھەيدەپ كېلىپ» دېگەن يەرگىچە بولۇپ، بۇ قىسىمدا شائىر، جاللات شېڭ شىسەي باندىتلىرىنىڭ يەرلىك ئىككى يۈزلىمچى ساتقىنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىلغار تەرققىيپەرۋەر زاتلارنى تۇركۈملەپ تۇتقۇن قىلىپ، شىنجاڭدا ئاق تېررورلۇق ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈپ، خەلققە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكى، جۈملىدىن قازاق خەلقىغىمۇ ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالغانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ لىرىك تىل ۋاستىسىنىڭ ياردىمىدە ئوبرازلىق بايان قىلغان؛ شۇنىڭدەك جاللات شېڭ شىسەينىڭ ھىيلىگەرلىكىنى، تەرەپ ـ تەرەپكە ئىشپىيونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ «ۋەكىل چاقىرىش» باھانىسى بىلەن ئىلغار كىشىلەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەنلىك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ مىللەتكە، ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان يۈكسەك مۇھەببىتىنى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، بۇ يولدا چەككەن جاپا ـ كۈلپەتلىرىنى ئىپادىلىگەن؛ شۇنداقلا ئىككى يۈزلىمچى ساتقىنلاردىن ھەر قاچان ھوشيار بولۇشنىڭ لازىملىقىنى، دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتكەن.

2 ـ قىسىم:

بۇ قىسىم «بۇ سۆزۈمنى ئوقۇغانلار ھەر نۆۋەت، ئال ئۆزۈڭ

تاللاپ تېگىشلىك مەسلىھەت» دېگەن يەردىن پارچىنىڭ ئاخىرىغىچە بولۇپ، بۇ قىسىمدا شائىر جاللات شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقىغە، جۈملىدىن قازاق خەلقىغە، ئىلغار ئوقۇمۇشلۇق زاتلارغا سالغان دەھشەتلىك زۇلمى ۋە زىيانكەشلىكىنى ئۆتكۈر تىللار ئارقىلىق رەھىمسىز تۈردە پاش قىلغان؛ جاللات شىڭ شىسەي باندىتلىرىنىڭ ئادەم قېلىپىدىن چىققان قانخورلۇقى، ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بارغان زىيانكەشلىك ھەرىكىتى ۋە ئادەم قىيناشتىكى ۋەھشىيانە ئۇسۇللىرىنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، ياۋۇز دۈشمەنلەرگە ۋە شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن:

يالۋۇرۇپ مىڭ يىغلىساڭ سالماس نەزەر،
قىپقىزىل قانغا پېتىپ ياتساڭ ئەگەر.
ئالسا قىيناققا سېنى تۈنجى قېتىم،
قىلمىشى مۇنداق ئۇلارنىڭ ھەر سەپەر.

سېنى قاققان مىخ كەبى تىك تۇرغۇزۇپ،
ئىككى جاللاتقا بەئەينى سويغۇزۇپ.
قول، ئاياغىڭغا كويزا، ئىشكەل سالدۇ،
بىر يولى جاندىن تامام جاق تويغۇزۇپ.

داستاننىڭ بۇ قىسمىدا يەنە شائىر ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، جاللات شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، چوقۇم ئىنتىقام ئېلىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم كېيىنكى ئەۋلادنى بۇ قانلىق تارىخنى ئەستە تۇتۇپ، كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەنلىكىنى ئېنىق تونۇشقا چاقىرغان. مەسىلەن:

ئەجدادى تارتقان ئازابلارنى كۆرۈپ،
بوۋىسى تارىخىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

زالىملاردىن ئۆچىمىزنى ئالغىلى،
جەڭگە كىرسۇن نەۋرىلەرمۇ چوڭ بولۇپ.

بىزمۇ ئادەم، بىزمۇ ئىنسان بالىسى،
ئاتلىنايلى، بەلنى باغلاپ جەڭسىرى.
ئەۋلادىمغا بۇ مېنىڭدىن ۋەسىيەت،
ئىنتىقام ئالسۇن ئۇلارمۇ ھەربىرى.

مانا بۇ مىسرالاردىن بىز شائىرنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئەۋلادلارغا جاراڭلىق خىتاب قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ داستاندا شائىر يەنە جاللات شىڭ شىسەينىڭ ئادەم قىيناش ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي، كونكرېت، ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەپ، شىڭ شىسەينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايى قىلمىشىنى قاتتىق پاش قىلغان.

### 3. داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

1. بۇ پارچىدا سىمۋول، ئوخشىتىش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان. بۇ ۋاسىتىلەر ئەسەر تىلىنىڭ جانلىق، ئوبرازلىقلىقىنى ئاشۇرغان ۋە ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان، ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن:

«قايغۇنىڭ قولۋىقىغا چىقتىم مانا»، «بىر چىقىپ چۈشتۈم ئەجەل قولۋىقىدىن» دېگەن مىسرالاردىكى «قولۋاق» ئاپتورنىڭ تۈرمىدىكى كۆلپەتلىك كۈنلىرىگە سىمۋول قىلىنغان بولسا، «چىقتى قازاقتىن مەرد ـ قەھرىمان، ھەربىرى بەش يۈزگە تېتار پالۋان» دېگەن مىسرالار، يەنە «ئۈستىگە ئولتۇرغۇزىدۇ يالىڭاچ، ساغرىدىن ئاقار گويا سۇدەك بۇ قان» دېگەن سۆزلەر مۇبالىغە بولۇپ، بۇنىڭدا شىڭ شىسەي جاللاتلىرىنىڭ قانخور ماھىيىتى

تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بېرىلگەن.

ئوخشىتىش بولسا ئەسەرنىڭ ھەربىر كۇپلېت، ھەربىر مىسراسىدىن دېگۇدەك تېپىلىپ تۇرىدۇ. «گويا چايان»، «قاۋان كەبى» قاتارلىقلار.

پارچىنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا، بولۇپمۇ بىرىنچى قىسمىدا شائىرنىڭ ئوي ـ پىكرى، روھىي ھالىتى ۋە ھېسسىياتى ئىزھار قىلىنىغان. مەسىلەن:

ئەلنى كۇيلەپ يىغىسىنى يىغلىدىم،
تارتقىلى بۇ دەردنى جان تىكتىم شۇڭا.
ئەسلىسەم يۇرتۇمنى باغرىم ئېزىلىپ،
سېزىمەن، قەلبىمدە ھەسرەتلىك سادا.

يەنە مەسىلەن:

قىسسە يازماق تەس ئەمەس قول سالسىلا،
قەھرى ـ غەزەپ دىلغا سىغماي تاشسىلا.
يازغۇسى شائىر قىساسكار قەلىمى،
كۆرگەن، ئۇققان ئىشنى ئويلاپ باقسىلا.
كۆرىدۇ كۆز، توختىماي سۆزلەيدۇ تىل،
تاكى تەندە بۇ ئەزىز جان بولسىلا.

روھىي ھالەت تەسۋىرلەنگەن بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ئۆز يۇرتى، خەلقىگە بولغان يېقىنلىقىشى ۋە يۈكسەك مۇھەببىتى، سېغىنىشى، شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەسەردىكى روھىي ھالەت تەسۋىرىدە شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تولىمۇ خورسىنىش ھالىتىدە قالغانلىقى، بىھۇدە ياكى قاماقتا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە بولغان ئېچىنىشى ئىپادىلەنگەن.

# سيىت نوچى

## ( «سيىت نوچى» ناملىق داستاندىن پارچە )

بۇ داستاندا تارىخىي شەخس سيىت نوچىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، داستاندا تەسۋىرلىنىشچە، سيىت نوچى XIX – ئەسىرنىڭ ئاخىرى قەشقەرنىڭ كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدە ئەمگەكچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىشچان، باتۇر، مەرد - مەردانە بولۇپ يېتىلىدۇ ۋە يېشى چوڭايغانسېرى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سيىت نوچى گېلاۋخۇي تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. بىراق دەۋر شارائىتى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولىدۇ. قوزغىلاڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن نۇرغۇن كىشى تۇتقۇن قىلىنىپ قىرىپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سيىت نوچى قەشقەردە تۇرالماي، باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ قارا شەھەر، ئىلى، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. ئۈچتۇرپاننىڭ ئامبىلى ماشاۋۇۋ ئەسلىدە قەشقەرنىڭ دوتىيى بولۇپ، گېلاۋخۇيچىلارنى يوقىتىشتا داڭق چىقارغان چوڭ جاللات ئىدى. ئۇ سيىت نوچىنى ئۆز ۋاقتىدا قەشقەردە قولغا چۈشۈرەلمەي ئارماندا قالغانىدى. مانا ئەمدى تۇيۇقسىز ئۇنى ئۈچتۇرپاندا ئۇچرىتىپ قالغانلىقىغا ناھايىتى خۇش بولىدۇ. ئەمما خەلق ئارىسىدا زور ئابرۇيغا ئىگە سيىت نوچىغا بىۋاسىتە قول سېلىشتىن قورقۇپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشتە ھىيلە ئىشلىتىشكە باشلايدۇ.

دېمەك، «سىيىت نوچى» دېگەن داستاندا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غوللۇق سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان سىيىت نوچىنىڭ ئىش ـ پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن.

داستاندا زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان خەلقنىڭ قورقماس، باتۇر، قەيسىرانە روھى سىيىت ئوبرازىغا مۇجەسسەملىنىپ ئىپادىلەنگەن. بىز بۇنىڭدىن خەلقنىڭ ئازادلىقى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن قان ـ تەر ئاققۇزغانلارنىڭ ھامان ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يادلىنىپ، ناخشا، قوشاق، داستانلار ئارقىلىق مەدھىيىلىنىپ، خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالالايمىز. سىيىت نوچىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىدىن بولسا، نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىقنىڭ، دوست ـ دۈشمەننى ئېنىق ئايرىيالماسلىقنىڭ ھەرقانداق كىشىگە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىدەك يۈكسەك ھەقىقەتنى كۆرەلەيمىز. سىيىت نوچى ئۆزىنىڭ نادان، ساۋاتسىزلىقى تۈپەيلىدىن دۈشمەن قولىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ تەقدىرىدىن يەكۈنلەنگەن ساۋاق شۇكى، نوچىلىققا ئەقىل ـ پاراسەت قوشۇلسا ئاندىن يېڭىلمەس كۈچكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

# ئاخىرقى دەرس

## 1. ئاپتور ھەققىدە

دائۇدىت فرانسىيىنىڭ XIX ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق يازغۇچىسى، ئۇ بىر زاۋۇت خوجايىنى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 15 ياشقا كىرگەندە ئائىلىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ، ئوقۇشنى تاشلاپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كېيىن ئۇ پارىژدا تۇرۇۋاتقان ئاكىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ كۆرگەن، بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىدىن خاتىرە يېزىشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن، بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ چىقىشىغا ئاساس بولۇپ قالىدۇ. 1865 - يىلى «تۈگمەس خاتىرىلەر» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. 1870 - يىلى فرانسىيە بىلەن پرۇسسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن دائۇدىت ھەربىي خىزمەتكە قاتنىشىپ، فرانسىيىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇرغۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1873 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئۇرۇشنى تېما قىلغان «دۈشەنبە ھېكايىلەر توپلىمى» نى نەشر قىلدۇرىدۇ. «ئاخىرقى دەرس» مۇشۇ ھېكايىلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان.

دائۇدىت پۈتۈن ئۆمرىدە 13 رومان، تۆت ھېكايىلەر توپلىمى ئېلان قىلغان.

## 2. ئەسەر يېزىلغان تارىخىي شارائىت توغرىسىدا

1871 - يىلى فرانسىيە - پرۇسسىيە ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ فرانسىيە تەسلىم بولىدۇ. شۇ يىلى 28 - يانۋار كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، فرانسىيە ئېلزاس ئۆلكىسى بىلەن لوررىن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى پرۇسسىيىگە بۆلۈپ بېرىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى قاتمۇقات زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىدىن غەزەپلىنىپ كەلگەن پارىژ پرولېتارىياتى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تارىختىكى مەشھۇر «پارىژ كوممۇنىسى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن قوش زەربىگە ئۇچرىغان بۇرژۇئا ھۆكۈمىتى ۋېرسالغا قېچىپ بېرىپ، پرۇسسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچى بىلەن پارىژ كوممۇنىسىنى باستۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئېلزاس ئۆلكىسى ۋە لوررىننىڭ شەرقىدىكى فرانسۇز خەلقى دۈشمەن تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىپ، مۇنقەرزلىك ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. نېمىس باسقۇنچىلىرى بۇ ئورۇنلاردا فرانسۇز تىلى ئوقۇتۇشىنى مەنئىي قىلىپ، خەلقنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىمۇ دەپسەندە قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ ھېكايىسى ئاشۇنداق تارىخىي شارائىتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 3. ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى

ھېكايىدە ئاپتور دۈشمەن قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن مەلۇم يېزىدىكى شوخ، بەخۇاش بالا فرانس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساپ، ئانا تىلىنى ئۆگىنىشكە بولغان ئارزۇسى بىردىنلا كۈچىيىپ، مۇنقەرزلىكنىڭ ئازابىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، نېمىس

باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى، زوراۋانلىقىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ، فرانسۇز خەلقىنىڭ ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىككە بولغان سېغىنىشىنى، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۇرگەن.

## 4. ئەسەردىكى ئوبرازلار توغرىسىدا

فرانس ئوبرازى:

فرانس ئەسلىدە شوخ، بەڭۋاش، دەرس ۋە ئۆگىنىشكە ئېتىبار بەرمەيدىغان ئۆسمۈر ئىدى. ئۇ مەكتەپكە كېچىكىپ بېرىپ دەرسنى ياخشى ئۆگەنمىگەنلىكتىن، دائىم ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. لېكىن ئۇ ئاخىرقى دەرسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمدى فرانسۇز تىلىدا ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ۋەتىنىگە، ئانا تىلىغا بولغان مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، تاجاۋۇزچىلارغا بولغان غەزىپى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

دېمەك، شاكىچىك فرانس ئۆز ئانا تىلى، ئانا ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىغان فرانسۇز ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

خەنمەير ئەپەندى:

خەنمەير ئەپەندى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، ئانا تىلىنى (فرانسۇز تىلىنى) ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان بىر زىيالىي.

ئۇ ئاخىرقى بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسىنى ناھايىتى ھاياجان، پەخىرلىنىش ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ.

بۇ سائەتلىك دەرستە ئۇ فرانسىقىمۇ كايىمايدۇ ۋە دەرسنىڭ ئاخىرىدا دوسكىغا «ياشىسۇن فرانسىيە» دېگەن خەتنى يازىدۇ. دەرسكە ئەڭ يېڭى، بايراملىق كىيىمىنى كىيىپ كىرىدۇ.

دېمەك، ئۇ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، فرانسىيە ئويغانغان زىيالىيلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

# چۈنكى مەن — ئادەم

## 1. ئاپتور ھەققىدە

تاھىر تالىپ 1946 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملاپ، 1957 - يىلىدىن 1963 - يىلىغا قەدەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1963 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ياندۇرما يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ۋە ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1978 - يىلىدىن بۇيان «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

تاھىر تالىپنىڭ تۇنجى شېئىرى 1961 - يىلى 1 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن شېئىر، داستان، ھېكايە، ئوچېركلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «خەير ياشلىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

بۇ ئەسەردە ئاپتور ئادەمنىڭ جىسمانىي ھاياتى بىلەن مەنىۋى ھاياتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئادەمدىكى مەنىۋى خىسلەتلەرنىڭ ۋە پەزىلەتلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. مەسىلەن: «مۇھەببەت پايخان بولسا ماڭا ماتەم»، «غۇرۇرۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم»، «ئەقىدەم پايخان بولسا ماڭا ماتەم»، «ھوقۇقۇم پايخان بولسا ماڭا

ماتەم» دەپ كۆچەيتىپ تەكرارلاپ، ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر ئادەمنى پەقەت جىسمانىي جەھەتتىنلا چۈشىنىپ، ماشىنا ئادەمنىمۇ «ئادەم» دەپ ھېسابلايدىغانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، كىشىلەرنى ئادىمىيلىك قەدرى بىلەن ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاشقا چاقىرىدۇ. مەسىلەن:

رەقىبىنىڭ مۈشتى ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس،
ھەتتاكى قىلىچقا تىك بارالايمەن.
چېقىلسا قىلچە ئىززەت - ھۆرمىتىمگە،
ھەتتاكى ئەۋلىياغا يانالايمەن.

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئاپتور ئادىمىيلىك ھوقۇق، ئىززەت - غۇرۇر، نومۇسنى ھەممىدىن يۈكسەك ھېسابلايدىغانلىقىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت، كۈچلۈك لىرىك تۇيغۇ، ئىخچام تىل ئارقىلىق ناھايىتى تېرەن پىكىر چوڭقۇرلۇقىدا ئىپادىلىگەن.

شېئىر سەككىز كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر كۇپلېتتا ئايرىم مۇستەقىل پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم بۇ پىكىرلەر ھېسسىيات جەھەتتىن زىچ باغلىنىشقا ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن، 1 - كۇپلېتتا ئانا يۇرت، 2 - كۇپلېتتا گۈزەللىك، 3 - كۇپلېتتا مۇھەببەت، 4 - كۇپلېتتا غۇرۇر، 5 - كۇپلېتتا كىشىلىك ھوقۇق، 6 - كۇپلېتتا ئەقىدە، 7 - كۇپلېتتا خىسلەت قاتارلىق ئايرىم - ئايرىم مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم بۇ پىكىرلەر ئاپتورنىڭ ھايات كۆزقارىشىدا ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، مەنىۋى باغلىنىش ھاسىل قىلغان.

شېئىر لىرىك شېئىرنىڭ ئىنتىم لىرىكا تۈرىگە كىرىدۇ.

# توزان قەسىدىسى

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ئوسمانجان ساۋۇت 1945 ـ يىلى ماناس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1961 ـ يىلى ساۋەن ناھىيىسىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1966 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قۇمۇل، ساۋەن قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ دەسلەپ «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولغان. ھازىر «تارىم» ژۇرنىلى شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئوسمانجان ساۋۇت جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ 1961 ـ يىلى تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر 300 پارچىدىن ئارتۇق نادىر شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «توزان قەسىدىسى»، «ياڭرا ئەجەم» ھەمدە «ئالەمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «يۈرىكىم سېنىڭ قېپىڭ»، «دالىلارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا»، «كەچۈرگىن مېنى سەن ئالا بوينىقىم»، «قورۇق تام»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «سۆيگۈ ـ كۈي» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقارا جامائەتچىلىكنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ

ئەسەرلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇ 1992 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلــى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىتابخانلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئۈچ شائىرنىڭ بىرى بولۇپ تاللانغان.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى قىلغان لىرىك شائىــــر ئوسمانجان ساۋۇت «تورزان قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىدا بىر مۇھاجىرنىڭ چەت ئەلگە چىققان ئىلىم ـ پەن خادىمىغا ئىزھار قىلغان قەلب سادالىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىـــــــــــــــــــى قايناق ھېسسىياتى بىلەن كۈيلىگەن.

1. شېئىردىكى تورزان سۆيۈملۈك ئانا تۇپراققا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھاجىرنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىدىن كەلگەن تورزاننى تۇتىيا بىلىپ ئەتىۋارلىغانلىقىنى قايناق ھېسسىيات، كۆچلۈك لىرىك تۇيغۇ ئارقىلىق ئىپادىلەپ، مۇھاجىرنىڭ ئانا يۇرتىنى چەكسىز سېغىنغانلىقىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

2. شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدىن ئالتىنچى كۇپلېتىغىچە بولغان ھەرقايسى كۇپلېتلاردا ئاپتور ئۆز يۇرتىـــدىن كەلگەن تورزانلارنى كۆزگە سۈرتۈش، سېغىنىپ ـ سېغىنىپ پۇراش، ئۇ تورزانلاردىن يۇرتىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى، باغ ـ دالالىرىنى، ناخشا ـ كۈيلىرىنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش قاتارلىق بىر قاتار ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، «مەن» نىڭ ئانا يۇرتىنى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى، يۇرتىنى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ ھەقىقەتەن كۆچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن:

قاقماي تۇرغىن قىرىندىشىم ئۈستۈڭنى،
تورزىمىسۇن يۇرتتىن كەلگەن تورزانلار.

ئۇنى سۇرەي كۆزلىرىمگە، سۆيەي مەن،
مەن تېنىگەن، يول ئاداشقان قوزاڭلار.

قاقماي تۇرغىن قىرىندىشىم ئۇستۇڭنى،
قونسۇن ئۇلار ئۇستۇمگە، ياق قەلبىمگە،
ئانا يەرنىڭ زەررىسىدۇر ئۇ توزان،
نۇر بولغۇچى مەن ئايرىلغان بەختىمگە.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز «مەن» نىڭ ئۆز ئانا يۇرتىنى، ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان سۆيۇملۇك ۋەتىنىنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىنى، يۇرتىنى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ نەقەدەر كۇچلۇك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

3. شېئىرنىڭ يەتتىنچى كۇپلېتىدىن 10 ـ كۇپلېتىغىچە بولغان جايلىرىدا «مەن» نىڭ ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت، نادامەت چېكىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «مەن» نىڭ يەنە ئۆز نادانلىقىغا بولغان ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. مەسلەن:

ئىنسان پەقەت ئۇچ نانغىلا توياركەن،
توياركەنۇ نان غېمىنى قوياركەن.
غاپىللىقتىن ئۆچسە ئەقىل شاملىرى،
ئۆز كۆزىنى ئۆزى جەزمەن ئوياركەن.

«بۇلبۇل دەركەن تىكەنلەرنى ۋەتىنىم،
ئالتۇن قەپەس ھەيۋىتىنى ئاچسىمۇ،
شۇ بىر قۇشچە بولالمىدىم ۋاي ئېست،

ئازغۇ مېنى تاغلار كېلىپ باسسىمۇ! »

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

دېمەك، بىز يۇقىرىقى مىسرالاردىن «مەن» نىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قاتتىق پۇشايمان يېگەنلىكىنى، نادان، ئەقىلسىزلىكى ئۈچۈن تاغلارغا باستۇرىسىمۇ رازى بولۇشتەك كېچىكىپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

4. ئاپتور شېئىردا تۇزاننى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكەن. چۈنكى، شائىر بۇ شېئىردا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى باشقىچە پىكىر يولى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش نىيىتىدە بىر پۈتۈن ۋەتەن تۇپرىقىنى ئەمەس، بەلكى ئانا تۇپراقتىن تۇزۇپ چىققان تۇزانلارنى تولۇپ تاشقان مۇھەببەت بىلەن كۈيلەپ، ئانا تۇپراقنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى چەكسىز ھۆرمەت، يۈكسەك مۇھەببەت بىلەن سۆيۈشتەك ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

# ۋالاقتەگكۈروپنىڭ ئۆلۈمى

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور ئابرۇيغا ئىگە بولغان ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە جامائەت ئەربابى تېيىپجان ئېلىيېۋ 1930 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قورغاس ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1938 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە قورغاس ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1948 - يىلى 8 - ئايدىن 1950 - يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا گېزىتى» دە مۇھەررىر بولغان. 1950 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈم باشلىقى، 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتكەن. 1979 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ۋە 1985 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ

4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولغان. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

ئۇ 1961 ـ يىلىدىن بۇيان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى ئىدى. 1989 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 59 يېشىدا ۋاپات بولدى.

شائىر 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، باللادا، داستان ۋە رۇبائىيلارنى يازغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى «شەرق ناخشىسى» (ئالمۇتا «يېڭى هايات» نەشرىياتى، 1959 ـ يىل)، «تىنچلىق ناخشىسى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1953 ـ يىل)، «تۇگىمەس ناخشا» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1957 ـ يىل). «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1963 ـ يىل)، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باهار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل)، «باهار ئىلهامى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل)، «تاللانغان شېئىرلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل)، «تۆھمەت قۇربانى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل)، «يانتاق» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل) قاتارلىق توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

## 2. ئەسەر تەهلىلى

بۇ ئەسەر ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ

1955 ـ يىلى يازغان ئەسىرى بولۇپ، بۇ ساتىرىك شېئىردا سىياسەتنى جانلىق ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان، ئۆز ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان قۇرۇق سىياسەتۋاز تۆرىلەر قاتتىق قامچىلانغان.

«ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» ساتىرىك شېئىر بولۇپ، شېئىردا ساتىرىك شېئىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئامىللار ئۆز ئورنىنى تاپقان. ساتىرىك شېئىرلاردا ئاساسەن جەمئىيەتتىكى بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە بولغان ناچار ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنىدۇ. رەھىمسىزلەرچە ھەجۋىيلەشتۈرۈش، ئاچچىق مەسخىرە، زەھەرلىك كۈلكە ھەجۋىي شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسىدۇر. «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق شېئىرنىڭ ماۋزۇسىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، شېئىر باشلىنىش نۇقتىسىدىلا ئادەمنى تەبىئىي كۈلدۈرىدۇ، كۈچلۈك ھەجۋىي پۇراق دىماغلىرىمىزغا گۈپۈلدەپ تېگىدۇ. مەسىلەن:

رەھمەتلىك ئاغىنەم ۋالاقتەگكۇروپ
ئاغزىدىن جان بەرگەن
(مۇنداقلار جىققۇ).
«ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش گۇناھ»
مەيلىلا،
«خۇدا رەھمىتى كۆپقۇ.»

دېمەك، شېئىر ماۋزۇسىدىن تارتىپ بىرىنچى مىسراسىدىمۇ كۈچلۈك ھەجىۋى، ئاچچىق مەسخىرە تولۇپ تېشىپ تۇرىدۇ. شېئىر ھەجىۋى شېئىرلارنىڭ لاياقەتلىك ئۈلگىسى بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇناسىپ.

شائىر بۇ شېئىردا رېئال تۇرمۇشتىكى ناچار ئىللەتلەرگە رەھىمسىزلىك بىلەن قامچا ئۇرۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلماي قۇرۇق گەپ سېتىپ خەلققە زىيان سالغۇچى تۆرىلەرنى، تەلۋىلەرچە پو ئاتىدىغان چاكىنا سىياسەتۋازلارنى، ئۆزىدىن باشقىنى

ئويلىمايدىغان مەنمەنچى قۇرۇق سۆلەت مەمەدانلارنى رەھىمسىزلەرچە تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى بۇخىل زىيانداشلاردىن ھوشيار بولۇشقا ۋە ئۇلارغا ھەرگىز سەل قارىماسلىققا چاقىرغان.

ئەسەرنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا ئېيتىلغاندەك «ھەممە گەپ تىرىكلەر ئۈستىدە قالدى». ۋالاقتەگكۇروپتەك كىشىلەر ھېلى ھەم ھەرجايدا مەۋجۇت، ئۇلار نومۇسسىزلارچە ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، بارلىق ئامالالار بىلەن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق كىشىلەردە رەھبەرلىك لاياقەت يوق. شۇنىڭ بىلەن سىياسەتكە ئۆلۈك ھالدا يېپىشىۋېلىپ ئۆز ئورنىنىلا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، دۆلەت، كوللېكتىپ، خەلق مەنپەئىتىنى قىلچە ئويلاپ قويمايدۇ، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى، مېھنىتىنى ئەرزىمەس ئىشلارغا قۇربان قىلىپ، جان - جەھلى بىلەن ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى قوغدايدۇ. «ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق بۇ ئەسەر بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقنى توغرا تونۇشىمىز، خاتالىق ئۆتكۈزۈۋېرىشتىن ساقلىنىشىمىزدىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

شېئىردا ۋالاقتەگكۇروپنىڭ ئەمەلىي ئىش قىلماي قۇرۇق گەپ سېتىپ باشلىقلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلە - نەيرەڭلىرى ناھايىتى كونكرېت جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

دەپتۇ ئاغىنەم شۇنداق ھەممىگە،
سىلەردە تەشكىلىي تەرتىپ يوق پەقەت.
بىر ئىشتىن ئاۋۋال شۇ ئىشنىڭ،
چۆكۈش كېرەك تېگى - تەكتىگە.
شۇ ئوتنى چۇشەنمەي ئۆچۈرگەن بىلەن،

بولمايدۇ ئىش تولۇق ئۇتۇقتا ئىگە.
هەي كاتىپ!
ماخەقنى يىغقىنا چاپسان،
سۆزۈمنى ئاڭلىسۇن تىزلىپ رەتكە.
مۇشۇنداق پەيتتە نەزەرىيىنى،
باغلاش بەكمۇ لايىق ئەمەلىيەتكە.
. . . . . . . . . . . . . . . .

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئوت كېتىۋاتسا ئاممىنى ئوت ئۆچۈرۈشكە بارغىلى قويماي، ئەكسىچە يىغىن ئېچىشنىڭ ياخشى ۋە ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان... پۈرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ۋالاقتەگكۇرۇپنىڭ تولىمۇ كالۋا، ئابرۇيپەرەس، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق يارىماس ئىللەتى جانلىق سۈرەتلەنگەن.

ئوت كېتىۋاتسا ئوتنى ئۆچۈرمەي، ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە يىغىن ئېچىش نىمىدېگەن يارىماس ئىللەت. ئۇنچىلىك ئىشنى كىم بىلمەيدۇ؟! ئوت يىغىن تۈگىگىچە كۈتۈپ توختاپ تۇرامدۇ؟! ۋالاقتەگكۇروپ ئۆزىنىڭ شۇ خىل يارىماسلىقى بىلەن خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشتى. ئاخىرى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە «ئۆلدى» گە چىقىرىۋېتىلدى. ساختىپەزلىك، مەمەدانلىق، قۇرۇق سىياسەتۋازلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھامان شۇنداق بولىدۇ.

# خامپلپئون

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ئانتون پاۋلېۋىچ چېخوف 1860 - يىلى رۇسىيىنىڭ تاگانروگ شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كىرپوستنوي ئىدى، دادىسى دۇكان خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. چېخوف تاگانروگ شەھىرىدە گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1876 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن دوختۇرلۇق قىلغان. ئۇ دوختۇرلۇق قىلىۋاتقاندا ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئاغرىق - سىلاقلىرىغا چوڭقۇر خەيرىخاھلىق قىلغان، بولۇپمۇ خەلقنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىشلەۋاتقان نامرات ئوقۇتقۇچىلارغا يېقىندىن ھېسداشلىق قىلغان ۋە ياردەم بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە «ئەگەر پۇلۇم جىق بولسا مانا شۇ جايدا يېزىلاردىكى ئاغرىق ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ساناتورىيە سالغان بولاتتىم» دەپ يازغانىدى.

چېخوف 1880 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ۋاقىت رۇسىيە تارىخىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچىل دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

چېخوف دەسلەپتە مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئەھۋال ئاستىدىكى رۇسىيە تۇزۇمىنىڭ چىرىكلىكىنى، يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ رەزىللىكىنى، تۆۋەن قاتلام ھۆكۈمرانلارنىڭ خۇشامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىكلىرىنى كۆچلۈك پاش قىلىدىغان ساتىرىك ھېكايىلەرنى يازغان. مەسىلەن، «چىنوۋىكنىڭ ئۆلۈمى»، «سېمىز ۋە ئورۇق»،

«خامپلېئون» بۇنىڭ دەلىلى. 1880 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ئۇ تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ھەسرەت»، «ۋانكا»، «قايغۇ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. چېخوف 1904 ـ يىلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆپكە كېسىلىدىن ساقىيالماي ۋاپات بولىدۇ.

## 2 . ئەسەر يېزىلغان تارىخىي شارائىت توغرىسىدا

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى رۇسىيە فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، رۇس ئەمگەكچىلىرى دەھشەتلىك سىنىپىي زۇلۇم دەستىدىن بارغانسېرى ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا كىرپوستنويلۇق تۈزۈم ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ھاكىممۇتلەقلىق، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت يۇقىرى قاتلام فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى يۆلەپ، ئۇلارنىڭ خالىغانچە زورلۇق قىلىشىغا ئارقا تىرەك بولۇپ تۇراتتى. چېخوف ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا رۇسىيە پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئەنە شۇ خىل چىرىكلىكىنى، يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بارغانسېرى رەزىللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۈچلۈك پاش قىلىدىغان ساتىرىك ھېكايىلەرنى يازغاندى. «خامپلېئون» ھېكايىسى ئەنە شۇنداق تارىخىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

## 3 . ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى

ھېكايىدە ئاپتور، ساقچى باشلىقى ئاچمولوفنىڭ زەرگەر خىريۇكىننى ئىت چىشلىۋېلىش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۆزگىرىشچان پوزىتسىيىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، چارروسىيە ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەننى باسىدىغان پەسكەش ماھىيىتىنى

قاتتىق تەنقىد قىلغان.
ساقچى باشلىقى ئاچمولوفنىڭ خىريۇكىن بىلەن ئىت ئوتتۇرىسىدىكى ئالتە قېتىملىق ئۆزگىرىشى بۇ نۇقتىنى يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

## 4. ئاچمولوف ئوبرازى

ئاپتور يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەكسىيەتچى پادىشاھلىق تۈزۈم شارائىتىدىكى رۇسىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، كۈچلۈكلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىكتىن ئىبارەت ساختا، رەزىل ماھىيىتىنى ئاچمولوف ئوبرازىغا مەركەزلەشتۈرگەن.
ئاچمولوف شامالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىش تۇتىدىغان بىر غالچا. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقچى باشلىقلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىغا خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىدۇ. مەسىلەن، زەرگەر خىريۇكىننى ئىت چىشلىۋالغاندا ئاچمولوف دەسلەپتە خىريۇكىن تەرەپتە تۇرۇپ ئىتنى جازالايدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالىدۇ. ئارقىدىنلا بىرسى بۇ ئىت گېنېرال ژىگالوفنىڭ ئىتى دەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچمولوف دەرھال پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ ئىت شۇنداق ئېسىل ئىتكەن، دەپ ئىتنى ماختايدۇ ۋە خىريۇكىننى ئەيىبلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئالتە قېتىم ئۆزگىرىدۇ.
دېمەك، ئاچمولوف چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ھەدېگەندە يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەننى باسىدىغان چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ تىپىك ئوبرازى.

# مېنىڭ تاغام ژيۇل

## 1. ئاپتور ھەققىدە

موپاسسان 1850 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سۇنغان ئاق سۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئانىسى ۋە تاغىسى ئەدەبىيات - سەنئەتكە ھېرىسمەن كىشىلەر بولغاچقا ئۇلارنىڭ تەسىرى، تەربىيىسى بىلەن موپاسسان كىچىك ۋاقتىدىلا ئەدەبىياتقا قىزىقىپ كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇغان. ئۇ 12 يېشىدىن تارتىپ يېزىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان.

1870 — 1871 - يىللىرى يۈز بەرگەن فرانسىيە - پرۇسسىيە ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇ ھەربىي سەپكە قاتنىشىدۇ. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئۇ دېڭىز ئارمىيە شتابىدا، كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدۇ. 1880 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىدۇ. ئارقىدىنلا فرانسىيە - پرۇسسىيە ئۇرۇشى تېما قىلىنغان «مايلىق توپ» ناملىق پوۋېستنى يېزىپ پۈتۈن فرانسىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم باسىدۇ.

ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئىخچام، چۈشىنىشلىك خەلق تىلى بىلەن تويۇنغاچقا، خەلق ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ.

ئۇ 1893 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا 43 ياشتا ئىدى. «مېنىڭ تاغام ژيۇل» ھېكايىسى 1883 - يىلى يېزىلغان.

## 2. ئەر ـ ئايال فىلىپلار ئوبرازى

ئەر ـ ئايال فىلىپلار ئەسەردىكى باش قەھرىمان بولۇپ، بۇ ئەر ـ خوتۇنلار پۈتۈن ئەسەر ئىبدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ھېكايىدە ئەر ـ خوتۇن فىلىپلارنىڭ ئىنىسى ژىيولغا تۇتقان ھەرخىل شارائىتتىكى ئۈچ خىل پوزىتسىيىسى مەركەزلىك تەسۋىرلىنىدۇ. فىلىپلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مەلۇم قىممەتتىكى مۈلكى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىنىسى ژىيول ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان ئۆزىگە تەۋە مۈلۈكنى بەتخەجلىك بىلەن تۈگىتىپ بولۇپ ئاندىن ئاكىسى فىلىپقا قالغان مۈلۈكنىمۇ خەجلەپ تۈگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن فىلىپلار ئائىلىسى ئازغىنە مائاشقا تايىنىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ژىيول ئۇلارغا زىيان سالغانلىقى ئۈچۈن ئەر ـ خوتۇن فىلىپلار ژىيولغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا «مەن» تاغىسى توغرۇلۇق ئەسلىگەندە «ئۇ بۇرۇن ئائىلىمىز ئۈچۈن ۋەھىمە ئىدى» دەپ بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى «يامان ئەبلەخ، لۈكچەك، مۇتىھەم» دەپ قارايدۇ. بىراق ژىيول ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن سودا ـ سېتىق ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، ئاكىسىغا ئۆزى سالغان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەت يازغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى بىردىنلا يوقىلىپ، «ئۇ پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئۈمىدى» گە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئائىلە ئۈمىدىنى ژىيولغا باغلايدۇ. ھەر يەكشەنبە كۈنى پرىستانغا بېرىپ يولغا قارايدۇ. بىرەر پاراخوت كۆرۈنۈشى بىلەن كېلىپ «ھەي ئەگەر ژىيول مۇشۇ پاراخوتتا بولۇپ قالسا نېمىدېگەن كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بولاتتى ـ ھە» دېگەن گەپنى دائىم تەكرارلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاخىرى ژىيولنى بېيىپ كەتكەن سالاپەت ئىچىدە ئەمەس ناھايىتى نامرات ھالەتتە كۆرۈپ پۈتۈن ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ ۋە «بۇ ئوغرىنىڭ

ئادەم بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم» دەپ تىللايدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئەر ـ ئايال فىلىپپىلارنىڭ ئەسەردىكى ئورنى ئەسەر مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتا ئىگە.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھېكايىدە كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قىپيالىڭاچ پۇل، مال مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكى ئېچىپ بېرىلگەن. ئەر ـ خوتۇن فىلىپپىلارنىڭ ئىنىسى ژىيولغا تۇتقان پوزىتسىيىسى (يەنى ئۇنىڭ نامرات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، باي بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەتنى يېزىپ ئۇلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىششى) قاتارلىق بىر قاتار جەريان بۇرژۇئا جەمئىيىتىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مال ـ دۇنيا ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەر ـ خوتۇن فىلىپپىلارنىڭ ژىيولغا تۇتقان ئۆزگىرىشچان پوزىتسىيىسى ئۇلارنىڭ ھەدېگەندە مال ـ دۇنيا قوغلىشىدىغان، قۇرۇق نام ـ ئابرۇي ئۈچۈن ھەرقانداق نومۇسسىزلىقلارنى ۋە پەسكەشلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

مانا بۇ ئىچ ـ ئىچىدىن چىرىپ كەتكەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى.

# ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى

## 1. ئاپتور ھەققىدە

لۇشۈن (ئەسلى ئىسمى جۇشۇرېن) 1881 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىدە ۋەيران بولغان پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزمنىڭ باشلامچىسى.

1902 ـ يىلى لۇشۈن ئوقۇش ئۈچۈن ياپونىيىگە بارغان. 1909 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. لۇشۈن بۇ ئىنقىلابنى قىزغىن قوللىدى. لېكىن شىنخەي ئىنقىلابى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەي مەغلۇپ بولدى. بۇ ئىنقىلاب ھاكىمىيەت بايرىقىنى ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە قىلچە ئۆزگىرىش ياسىيالمىدى.

1912 ـ يىلى لۇشۈن نەنجىڭگە كېلىپ خىزمەت قىلدى. كېيىن بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەلدى. 1926 ـ يىلى لۇشۈن شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلدى. 1927 ـ يىلى گۇاڭجۇغا كېلىپ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1927 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ شاڭخەيگە كېلىپ شانلىق جەڭگىۋار ھاياتىنى باشلىدى. 1930 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ «جۇڭگو سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» غا رەھبەرلىك قىلدى.

لۇشۈن ئۆمرىدە «چۇقان»، «تېڭىرقاش» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلىمىنى ۋە «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ناملىق

پوۋېستىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى ئۇچۇن ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئۇ 1936 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۇنى 56 يېشىدا شاڭخەيدە ۋاپات بولدى.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

دەرسلىك كىتابقا تاللىۋېلىنغان بۇ پارچە لۇشۇننىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىنىڭ 7 -، 8 - قىسىملىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئاساسەن ئاQ نىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بورىنىنى ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ ئىنقىلابقا قاتناشماقچى بولغانلىقى، بىراق ئۇ نادان بولغاچقا ئىنقىلابنى چۇشىنىپ يېتەلمەي، ئىنقىلابقا قاتنىشالمىغانلىقى، فېئودال ئەكسىيەتچىلەر پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئۆزلىرىنى «ئىنقىلابچى» قىلىپ پەردازلاپ، ئىنقىلابتىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ئەمەل تۇتۇپ هۆكۇمرانلىق يۈرگۇزۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن. بىز تۆۋەندە يۇقىرىقى ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان هالدا ئاQ ئوبرازىنى بىر نەچچە نۇقتىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

1) ئاQ نېمە ئۇچۇن ئىنقىلابقا قاتناشماقچى بولىدۇ؟ ئاQ ئەسلىدە ئىش - ئوقىتىنىڭ تايىنى يوق، نامرات ياللانما ئەمگەكچى. ئۇ ۋېيجۇاڭدىكى جاۋ بېگىم، ئەجنەبىي شەيتان قاتارلىقلارنىڭ ئورمىسىنى ئورۇپ، شىلىنى ئاقلاپ، قولۋاقلىرىنى هەيدەپ، كىچە - كۇندۇز جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ئۇلاردىن ئالغان تۆۋەن ئىش هەققىگە تايىنىپ ئاران - ئاران قورسىقىنى باقىدۇ، تۇرار جايىمۇ يوق بولۇپ، بۇتخانىدا يېتىپ - قوپىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ئاQنى ئىت - ئېشەكنىڭ ئورنىدا پەس كۆرۈپ دۇمبالايدۇ. دېمەك، ئۇ فېئودال كۇچلەرنىڭ دەھشەتلىك بوزەك قىلىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، يۇقىرى تەبقە كىشىلىرىگە ئىنتايىن ئۆچ.

شۇڭلاشقا ئۇ ئىنقىلاب بورىنى ۋېيجۇاڭغا يېتىپ كېلىپ شەھەر ـ بازارلاردىكى چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ غوجاملار مال ـ مۈلۈكلىرىنى يۆتكەپ قېچىشقا ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇلاردىن ئەنتىنى ئالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئىنقىلاب يېتىپ كېلىشى بىلەن جاۋ بېگىملەرنىڭ ئاQ غا بولغان مۇئامىلىسىمۇ ئۆزگىرىپ، ئۇنى «ھۆرمەتلىك ئا Q» ، «بۇرادەر ئاQ» دېگەن ھۆرمەت ناملىرى بىلەن ئاتايدۇ. بۇ ھالدىن ئاQ ئىنقىلابنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن پايدىلىق پۇرسەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي ئىنقىلابقا زوقلىنىپ، «ئىنقىلاب بولسا بولسۇن» ، «بۇ ئاناڭنى . . . لارنىڭ جېنىنى ئالسۇن، مەن ئۆزۈممۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ كېتەيچۇ . . . » دەپ ئويلايدۇ. مانا بۇ ئاQ نىڭ ئىنقىلاب قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسى. بىراق ئاQ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئەجنەبىي شەيتان، جاۋ بېگىم قاتارلىقلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ساندۇقلاردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە نىڭبۇدا ياسالغان كارىۋاتنى قولغا كەلتۈرسەملا بولدى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىنقىلابنىڭ جەمئىيەتتە ۋە ئۆز تۇرمۇشىدا قانچىلىك ئۆزگىرىش قىلىشى لازىملىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. يازغۇچى مەسىلىنى مۇشۇنداق قويۇش ئارقىلىق، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگودا ئەڭ كۆپ ساننى ئىگىلىگەن ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلىمىگەن، ئويغاتمىغان، قوزغىمىغان تۈپ خاتالىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، جۇڭگو ئىنقىلابى ئەڭ كۆپ ساندىكى ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەپ، ئويغىتىپ، سەپكە تۇرغۇزغاندىلا غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئاQ نىڭ ئىنقىلابنى چۈشىنەلمىگەنلىكىدەك بۇ ئاساسىي ئاجىزلىقى ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاQ دەك جۇڭگو ئەمگەكچىلىرى ئويغىتىلسا، ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئىنقىلاب مەنپەئىتى بىلەن ئۆز

مەنپەئەتىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتسە، ئۇلار قوزغىلىپ ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچىگە ئايلىنىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى، بىراق شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇرژۇئا ئىنقىلابى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاQ ئىنقىلابقا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان «ئەجنەبىي شەيتان» دىن سوراپ باردۇ. «ئەجنەبىي شەيتان» رۇخسەت قىلمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىنقىلابتىن كۈتكەن پۈتكۈل ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى تۇتۇندەك توزۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىشتىن ھېچ نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، «ئەجنەبىي شەيتان» نى ئەپسانە تىللار بىلەن ئۆز ئىچىدە تىللىۋېلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ ۋە تەسەللىي تاپىدۇ.

2) ئاQ قانداق ئوبراز، لۇشۈن بۇ ئوبرازنى نېمە ئۈچۈن يارىتقان؟

بۇ مەسىلە «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۈزلۈكسىز مۇھاكىمە قىلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلە. بولۇپمۇ ئاQ دىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىش جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى.

ئاQ مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە سەرگەردان كۈنلۈكچىلەر-نىڭ ئوبرازى. بۇنداق ئوبرازنى يارىتىشتىن مەقسەت، لۇشۈننىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «مۇشۇنداق سۈكۈت قىلىدىغان مىللىي روھنى سۈرەتلەش»، «مىللىي زەئىپلىكنى ئاشكارىلاش» تىن ئىبارەت. ئاQ بىر تەرەپتىن، ياللانما ئەمگەكچى، جەمئىيەتتە خورلانغان، دەپسەندە قىلىنغان مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىشقا ئىنتىلىشى، ئۆزىنىڭ خورلانغان ھاياتى ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدەشتىن بولغان. ئاپتور ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى

ئەڭ تۆۋەن ئىجتىمائىي ئورنى ۋە نادان ئىدىيىۋى ئېڭى بىلەن كىچىككىنە بولسىمۇ يورۇقلۇقنى ئىزدەش روھىغا خەيرىخاھلىق بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتور ئاQ نى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ قالاق ئاڭ سېزىمىگە ئىگە، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەيدىغان، خەقنىڭ بوزەك قىلىپ تۇرۇشىنى ئار كۆرمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز مەغلۇبىيىتىنى تېز ئۇنتۇيدىغان روھىي غالىبىيەتچىلىك كېسىلىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان ئادەم. ئاQ نىڭ بۇ خىل خاراكتېرى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى - تاشقى ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى ئىدى. جۇڭگولۇقلاردىكى بۇخىل زەئىپلىكنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ جۇڭگودا بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن بۇخىل ئەھۋالدىن ئىنتايىن ھەسرەتلىنىپ، بۇ زەئىپلىكنى كىتابخانلارنى يىرگەندۈرگىدەك دەرىجىدە چوڭقۇر ئاشكارىلاپ بېرىش ئۈچۈن ئاQ دىن ئىبارەت مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە مۇشۇنداق ئوبرازنى ياراتقان.

ئاQ نىڭ بىر تەرەپتىن، ئىنقىلابقا ۋە ئىنقىلابچىلارغا «زوقلىنىشى»، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلابقا قاتنىشىشتا «ئەجنەبىي شەيتان» دىن رۇخسەت سورىشى، ئۇ رۇخسەت قىلمىغاندا ئىنقىلابقا قاتنىشالمىغانلىقى، ئاخىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئىنقىلابنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشى دەل فېئوداللىق زەھەرلەر بىلەن زەھەرلەنگەن، قالاق، نادان روھىي غالىبىيەتچىلىك تەرىپىدىن زەھەرلەنگەن، جاراھەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئورتاق تەقدىرى، شۇنداقلا «جەمئىيەتنى يېڭىلايمىز» دەپ ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ مىللىي زەئىپلىكىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاQ دىكى

يۇقىرىقىدەك زەئىپلىكنى پاش قىلىش ئەمەلىيەتتە پۈتۈن مىللەتتە ئوبيېكتىپ هالدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان زەئىپلىكنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

ئاQ دىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي تىپتا مۇشۇنداق زەئىپلىك مەۋجۇت ئىكەن، شۇنداقلا ئۇ ئىنقىلابقا زوقلىنىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى تەربىيىلەپ، ئىنقىلابنىڭ جەڭگىۋار كۈچىگە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر. بۇنىڭسىز ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟ ئاپتورنىڭ ئاQ دەك مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازنى يارىتىپ كىتابخانلار ئالدىغا قويغان خائىشى ئەنە شۇ.

لۇشۈن پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرىنى ئالغان مۇشۇنداق چوڭ ۋە ئومۇمىي بولغان ئىجتىمائىي زىددىيەتنى هەل قىلىشقا چارە ئىزدىگەن. بۇ مەسىلىگە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئويغىتىش، ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەهبەرلىكىدىكى ئىنقىلابلا ئەڭ توغرا، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل چارە بولدى.

### 3. لۇشۈننىڭ ئاQ نىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى ماهارىتى

1) ئاپتور ئاQ نىڭ خاراكتېرىنى ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىگە قويۇپ ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن، ئاQ بىلەن جاۋ بېگىم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئاQ نىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇهىم رول ئوينىغان. جاۋ بېگىم ئىش بولغاندا ئاQ نى ئىشلىتىدۇ، ئىش بولمىغاندا ئۇنى كېرەكمۇ قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا قاتتىق جازالايدۇ، هەتتا ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا هېچكىمگە يارىغۇچىلىكى بولمىغان ئەسكى چاپىنىنىمۇ كېيىن توغۇلىدىغان ئوغلىغا يۆگەك قىلىش ئۈچۈن تارتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دورغىنى ئەۋەتىپ «بەش شەرت»

بويىچە تۆلەم تۆلىتىدۇ. بۇ ئىشلار تۇپەيلىدىن، بىر تەرەپتىن، ئاQ قاتتىق جەبرى - زۇلۇم چېكىپ خورلانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ زەربىلەرنى «ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان قىممەتلىك مىراس» دەپ قاراپ تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئاپتور ئاQ نى تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ ئىككى خىل پائالىيىتىنى چىڭ تۇتىدۇ. بىرىنچى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى، ئىككىنچى، ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى. ئاپتور ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، ئاQ نىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى بولغان جاۋ بېگىم، «ئەجنەبىي شەيتان» قاتارلىق كۈچلۈكلەر ئالدىدىكى قۇللارچە تىز پۈكۈشى بىلەن ئاجىزلار ئالدىدىكى ئۆكتەملىكىنىمۇ ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، شاۋ (شاۋدى) ۋە كىچىك پۇۋى، ساقاللىق ۋاڭ قاتارلىقلارغا مۇئامىلە قىلغاندا ئاQ باشقىلار ئۆزىگە قىلغان ئۆكتەملىكنى ئىشلىتىپ باشقىلاردىن ئالالمىغان ئەتتىنى ئۇلاردىن ئېلىش ئارقىلىق كۆڭلىگە تەسەللىي تاپىدۇ.

ئاپتور ئاQ نىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، نۇقتىلىق ھالدا ئۇنىڭ ئىنقىلاب ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ، مەسىلەن، «مانا قىزىقچىلىق! . . . ۋېيجۇاڭنىڭ ھەممە ئەر - ئاياللىرى تىز پۈكۈپ، ‹ئاQ، رەھىم قىل!›، دەپ ۋارقىرايدۇ. لېكىن كىم ئۇنى تىڭشىسۇن! ئەڭ ئالدى بىلەن شاۋدى بىلەن جاۋ بېگىم ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شيۇسەي ۋە ‹ئەجنەبىي شەيتان› . . . بەلكى بىرەرنى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەكتۇر؟ ساقاللىق ۋاڭنى قالدۇرسىمۇ بولىدىغۇ دەيمەن. لېكىن ئۇنىمۇ ئاياشنىڭ ھاجىتى يوق . . . نەرسىلەرنى قانداق قولغا چۈشۈرۈش كېرەك؟ توغرا، بېرىپ ساندۇقلارنى ئېچىش كېرەك! . . . يامبۇ، تەڭگە، شايى كۆڭلەك . . . . ئالدى بىلەن

شيۈسەينىڭ ئايالىنىڭ نىڭبۇدا ياسالغان ناھايىتى ياخشى كارىۋىتىنى ئىبادەتخانىغا ئەكىلىۋېلىش كېرەك . . . ھەممىسىنى شاۋدى ئۆزى توشىسۇن. توشۇغاندا تېتىكرەك ماڭسۇن، ئەگەر دېگەندەك ماڭمىسا ۋە ئىشلىمەيدىغان بولسا كاچىتىغا بىرنى سېلىش كېرەك . . . جاۋ سىچېننىڭ سىڭلىسى ناھايىتى سەت! . . . زوچى ئايىمىنىڭ قىزى . . . چوڭ بولسۇن، شۇ چاغدا گەپلىشەرمىز، ‹ئەجنەبىي شەيتان› نىڭ ئايالى چاچسىز ئەرلەر بىلەن ئوينايدۇ . . . . تۇفى، ئىپلاس! شيۈسەينىڭ ئايالىنىڭ كۆزىدە ئېقى بار . . . ئۇمۇ ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ نەگە يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى بەلگىسىز، لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يوغانلىقى يامان.»

ئاپتور بۇ بىرقاتار ئىچكى كەچۈرمىشلەر ئارقىلىق ئاQ نىڭ ئىنقىلابقا بولغان چۈشەنچىسىنى، ئىنقىلاب ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆزگەرتىشتىكى شېرىن ئارزۇلىرىنى مانا شۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئاجىزلىقىنى — خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغانمىغانلىقىنى چوڭقۇر كىنايە ئاستىغا ئالىدۇ، شۇنداقلا ئاQ نىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاQ سىنىپىي ئورنى جەھەتتىن ياللانما ئەمگەكچى، نېمە ئىش توغرا كەلسە شۇنى ئىشلەيدىغان، ياتار ئورنىمۇ يوق سەرگەردان. ئۇ باشقىلارنىڭ ئېغىر ھاقارىتى، رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇ ئىجتىمائىي ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يېڭى «ھۆكۈمران» بولۇشنى، باي، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ فېئوداليزمنىڭ ئۇنىڭدىكى زەھىرى. لۇشۈن ئاQ نى مانا شۇنداق زىددىيەتلىك ھەرىكەت ۋە ئىدىيىۋى ھالەت ئىچىدە تەسۋىرلەپ، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ياللانما ئەمگەكچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن

فېئوداللىق جەمئىيەت تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن خاراكتېرىنى يەنى كۈچلۈكلەر ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈكۈش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، مەغلۇبىيەتنى هار ئالماسلىق، روهىي غالىبىيەتچىلىك، ئاتا ـ بوۋىسىنى شېپى كەلتۈرۈپ كۆڭلىگە تەسەللىي تېپىش، ئۆزىدە بولمىغان هەم بولمايدىغان نەرسىلەر هەققىدە خام خىيال قىلىپ ئۆزىنى بەزلەش، دوست ـ دۈشمەننى ئايرىۋالالماسلىق، ئۆزى بىلەن بىر قاتاردىكىلەرگە هەسەت قىلىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى قىسقىسى، پۈتۈن فېئوداللىق جەمئىيەت سىڭدۈرگەن يارىماسلىقلارنىڭ هەممىسىنى يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇددى گوركىي ئېيتقاندەك، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر قېلىپتا يۇغۇرۇپ تىپ يارىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاQ ئوبرازىنىڭ بۇخىل مۇرەككەپ خاراكتېرى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ مەهسۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىدچى گاۋ يىخەن مۇنداق دەپ باهالىغانىدى: «‹ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىهالى› دېگەن پوۋېست گېزىتنىڭ ئۇ سانىدىن بۇ سانىغا ئۈزۈلدۈرمەي بېسىلىشقا باشلىغاندا كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ ئەسەرنىڭ يېڭى قىسمى چىقمىسىدى دەپ قورقۇشاتتى ۋە تەشۋىشلىنەتتى. ئۇلار ... بىرگىمۇ نۆۋەت كېلىپ مەسخىرە نىشانى بولۇپ قالمىساق بولاتتى دەپ ئەنسىرەيتتى ... شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە شۈبهى زەهىرى قوندى. ئۇلارنىڭ هەربىرى ئاQ ئوبرازىدا ئۆزلىرىنىڭ قىياپىتىنى، ئۆز هارامىلىقلىرىنىڭ ئەكسىنى كۆردى.».

2) ئەسەرگە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن تەپسىلات، سۈرۈن، كۆرۈنۈشلەر ئىنتايىن چىن، يارقىن، هەجۋىي، كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، مىجەز ـ خۇلقى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى ئىنتايىن جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

بولۇپمۇ ئاساسلىق ئوبراز ئاQ نىڭ خاراكتېرىنى تولىمۇ ئۆتكۈر ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن، ئاQ «ئىسىيان كۆتۈرىمەن! ئىسىيان! . . . . دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ۋېيجۇاڭلىقلار قورققان، چۆچۈگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارايتتى، مۇنداق بىچارە كۆزلەرنى ئاQ ھېچقاچان كۆرگەن ئەمەس، ئەمدى شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتىكى، گوياكى ئاينىڭ تومۇزىدا بۇلاق سۈيى ئىچكەندەك بولدى. ئۇ ناھايىتى ياخشى كەيپىيات بىلەن كوچىدا كېتىپ بېرىپ:

— ياخشى! نېمىنى خالىسام شۇ بولىدۇ، كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالسام شۇ مېنىڭ بولىدۇ! — دەپ ۋارقىراپ يۈردى» .

مانا بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىكى بىر كۆرۈنۈشتىن ئاQ نىڭ ئۆتكۈر ھەجۋىي قەلەم ئارقىلىق يارىتىلغان روھىي غالىبىيەتچىلىك خاراكتېرىنى تولۇق كۆرۈۋالالايمىز.

3) ئەسەرنىڭ تىلى ئىنتايىن ئۆتكۈر ھەجۋىيلىككە ۋە كىنايىلىككە ئىگە بولغان، شۇنداقلا پېرسوناژلارنىڭ پورترېتى، پىسخىك ھالەت، ئىش - ھەرىكەت تەسۋىرلىرى ۋە دىئالوگلىرى ھەربىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ماسلاشتۇرۇلغان، مەسىلەن، «جاۋ بېگىم ئاQ دىن مۇسادىرە قىلىۋالغان كۆينىكىنى كىچىك خېنىمىنىڭ 8 - ئايدا تۇغۇلىدىغان ئوغلى ئۈچۈن زاكا قىلىپ، قالغان - قاتقىنىنى بېشىغا دەرد كەلگەن ئۇ ماخەيگە چەم قىلىۋالدى» دېگەن تەسۋىرنىڭ تىلى ناھايىتى ئۆتكۈر ھەجۋىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئاچ كۆز پومېشچىك جاۋنىڭ باشقىلارنى بۇلاپ - تالاشتا قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەن. يەنە ئالايلۇق، «خۇسۇسەن ئۇنىڭ بېشىدا قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا پەيدا بولۇپ قالغان تەمرەتكىلەرنىڭ تارتۇقى بار ئىدى. ئاQ نىڭ ئويىچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ ‹تاز› لىق ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىگە ياراشمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن،

ئۇ ئۆزىنى ‹تاز› ياكى شۇنىڭغا يېقىن سۆزلەردىن خۇدۇك ئالاتتى، ئاQ بارغانسېرى ‹پاينەك›، ‹ئايدىڭ›، ‹چىراغ› ۋە ‹شام› دېگەن سۆزلەردىن خۇدۇك ئالىدىغان بولدى» . . . مانا بۇ پورترېت تەسۋىرى ئاQ نىڭ خاراكتېرىگە ناھايىتىمۇ زىچ ماسلاشتۇرۇلغان.

# يىللارغا جاۋاب

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موللا كىشى بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ياخشى خەۋەردار ئىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىدىن لۇتفى، نەۋائى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق بىلەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇشۇنداق بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ 1933 - يىلى غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان، كېيىن رۇس گىمنازىيىسىگە يۆتكەلگەن. ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا پۇشكىن، لېرمونتوف، نىكراسوف، گوركىي، ماياكوۋسكىي، ئابدۇللا توقاي، ھادى تاقتاش، ئۆمەر مۇھەممىدى، خەمىت ئالىمجان قاتارلىق يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1936 - يىلىنىڭ بېشىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1937 - يىلىدىن تارتىپ «ئىلى گېزىتى» دە ئەركىلەتمە ئىسمى — «لۇتۇن» نامى بىلەن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن يىللىرى ياپون باسقۇنچىلىرى جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان، جۇڭگو خەلقى ئېغىر كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان پەيتكە توغرا كەلدى. شىنجاڭمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

كۈرەشنىڭ بۇنداق كەسكىن پەيتىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ياپونغا قارشى كۈرەشنىڭ كەڭ ئارقا سېپىدە «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇردى. بۇ مەزگىلدە ئۇ «خەلقىمگە»، «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى»، «كۈرەش»، «جانان ئەيلەر»، «جۇڭگو»، «كۈرەش دولقۇنلىرى»، «چوڭ كۈرەش قويىندا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە «قاينام ئۆركىشى» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلدۇرغان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1942 - يىلى 6 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ گېزىتتە «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىنى تەسىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق مەشھۇر ئىلمىي ئەسىرىنى ئېلان قىلغان.

1943 - يىلى يازدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى. جاللات شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قىياپىتىنى تۈپتىن ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئاتتى ۋە شىنجاڭدا گومىنداڭ ئۆلكىلىك «پىرقە» بۆلۈمىنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر كۈندىن - كۈنگە غالجىرلاشتى. كومپارتىيىگە ئەگەشكۈچىلەر بىلەن گومىنداڭغا ئەگەشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. شېڭ شىسەي لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىدىن چۆچۈپ، ئۇنى كۆزگە قادالغان «مىخ» دەپ قاراپ، «خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇش» باھانىسى بىلەن 1943 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى ھەمدە «جەنۇب

شامالللىرى» دېگەن ئەدەبىي بەتنى تەسىس قىلىپ، نىمشېھىت، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزى قاتارلىق شائىر - يازغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1945 - يىلى 6 - ئايدا «خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، ئازاد رايونلار ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىن ئىبارەت «يورۇق بورجەكلەر» دىن خەلققە بېشارەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ خەلق ئازادلىقى يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا چىققانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مونىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزى قاتارلىق ئىلغار ياشلار بىلەن بىرلىشىپ، گومىنداڭغا قارشى «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرغان. بۇ تەشكىلات ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ دېھقانلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۈيۈشتۇرغان. بىراق خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئاشكارىلىنىپ قېلىپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار سەپداشلىرى گومىنداڭ فاشىستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. 1945 - يىلى 9 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا ھۇجۇم باشلىغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھالاكەتلىك تەقدىرى ئالدىدا جان تالىشىپ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شائىر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن. ئوت يۈرەك يالقۇنلۇق شائىر 23 يېشىدا بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

## 2. شېئىر يېزىلغان تارىخىي شارائىت

جەڭگىۋار شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ مەشھۇر شېئىرى 1944 - يىلى ئاقسۇدا يېزىلغان. 1933 - يىلىدىن تارتىپ 1942 - يىلىغىچە بولغان جەرياندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

بۇ يىللار ئەينى چاغدىكى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا گۈللىنىش، يۈكسىلىش يىللىرى بولغانىدى. 1942 - يىلىدىن باشلاپ مىلىتارىست شېڭ شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى ئاشكارا قوللىنىشقا باشلىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارغا ۋە ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغا كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلدى. 1943 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭ داڭبۇ (پىرقە) لىرىنى قۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلارنى يۈرگۈزدى، تەرەپ - تەرەپكە ئىشپىيونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قولغا ئېلىش، ئۆلتۈرۈش بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى، ئاق تېررورلۇق ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى.

كۈرەشنىڭ مانا مۇشۇنداق كەسكىن پەيتىدە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلار ئىچىدە «يىللارغا جاۋاب» ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىر بولۇپ، بۇ شېئىر ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋىلىكى ۋە گۈزەل بەدىئىيلىكى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ يۈكسەك ئالقىشىغا ئىگە بولدى.

## 3. ئەسەر تەھلىلى

بۇ شېئىردا شائىر گەرچە يىللارغا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شائىر ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي ئىرادىسى بىلەن خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە مەرىپەتنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىگە كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ھەمدە خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، بىر نىيەت - بىر

مەقسەتتە كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان. بۇ شېئىردا شائىر بىر تەرەپتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ خىزمىتىدە رەھبەرلىك ئورۇندا تۇرغان يىللارنى سېغىنىپ يادىغا ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سىمۋول ئۇسۇلىنى قوللىنىپ گومىنداڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان يىللارنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ.

شېئىرنى مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

1 ـ قىسىم باشتىن «تۇنۇگۈن ئۆمىلەپ. . . . ھە بۈگۈن مېڭىپ يۈرۈيدۇ» دېگەن يەرگىچە بولۇپ، بۇ قىسىمدا «ئاتقان تاڭلار، ئاققان سۇلار قارىلانمايدۇ» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ خىزمىتىدە رەھبەرلىك ئورۇندا تۇرغان يىللارنى سېغىنىپ يادىغا ئېلىپ، شۇ يىللاردا قىلغان ئىشلارنى قارىلىغىلى، يوققا چىقارغىلى، ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايدۇ دېگەن ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، «ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ، يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى»، «ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى، تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق»، «يىللار سېخىي قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكېلىپ بېرىدۇ قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال» دېگەن مىسرالارنى يېزىش ئارقىلىق، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ياشلىق باھارىنى خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەرپ قىلىش ئارقىلىق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

2 ـ قىسىم «كۈرەشچان باللار، قوغلىشىپ يىللار» دېگەن يەردىن ئاخىرغىچە بولۇپ، بۇ قىسىمدا شائىر سىمۋول ئۇسۇلىنى قوللىنىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان يىللارنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شېئىرنىڭ 7 ـ كۇپلېتىدا گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسى ئاستىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قۇربان بولغان جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىغا ۋە باشقا ئىنقىلابچىلارغا تەزىيە بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بوۋىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ نەۋرىلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدىغان كۈرەشچان روھىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنكى كۇپلېتلاردا شائىر قەلەم ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە كۈرەش بىلەن دۈشمەننى يېڭىشتەك ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتتا شائىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكىنى مەسخىرە قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرەشنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىنتايىن جەسۇرلۇق بىلەن جاكارلاپ، دۈشمەنگە يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

شائىر شېئىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «ئىجاد، يىللارنى قېرىتىمىز دەپ بېرىمىز جاۋاب» دېگەن جەڭگىۋار مىسرالىرى ئارقىلىق زوراۋان يىللارغا نىسبەتەن جاراڭلىق جاۋاب قايتۇرۇپ، پۈتۈن شېئىرىنىڭ تېمىسىنى ناھايىتى ياخشى ئېچىپ بېرىدۇ. گومىنداڭ ۋەھشىيلەرچە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە دۈشمەنگە يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ شۇنداق جەڭگىۋار خىتابنامە ئېلان قىلىش لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ باتۇر ئىنقىلابچىلارغا خاس روھىنى ئىپادىلەيدۇ.

«يىللارغا جاۋاب» تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بېرىلگەن جاۋاب. بۇ شېئىرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئەينى زاماندا ئىنتايىن زور ۋەقە بولغانىدى. گومىنداڭ مۇستەبىتچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن، خەلقنى تۈگىمەس زۇلۇم - كۈلپەتلەر باسقان، ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار پىكىرلەر قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان قاراڭغۇ كۈنلەردە

لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەيسەرلىك بىلەن مەيدانغا چىقىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى، خەلق ئاممىسى بىر نىيەتتە تۇرۇپ كۈرەش قىلسىلا بۇ ھاكىم مۇتلەقلىقنىڭ چوقۇم يوقىلىدىغانلىقى، ئازاد بەختىيار كۈنلەرگە ئېرىشىشكە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

بۇ شېئىر ھەرگىزمۇ «يىللار» نىڭ، يەنى ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئاددىي شېئىر بولماستىن، بەلكى مۇدھىش گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئوقۇلغان لەنەت ۋە خەلقنى ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىرغان جەڭنامە.

12 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان چوڭقۇر سىياسىي مەزمۇنغا ئىگە بۇ شېئىرنى ئوقۇغىنىمىزدا، شائىرنىڭ ئازادلىق يولىدا نەقەدەر مۇستەھكەم ئۈمىدۋار ۋە نەقەدەر قەيسەر جەڭچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

## 4. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

1) بۇ شېئىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئۆتكۈر پاش قىلغان بىر سىياسىي لىرىكا بولۇپ، ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش ئىجادىيەت مېتودى بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭدا ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكى پاش قىلىنغان ھەمدە كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ چوقۇم ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2) بۇ شېئىرنىڭ تىلى ئىنتايىن پىششىقلانغان. شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى پىكىر ئاددىي، چۈشىنىشلىك، چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەدىئىي تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇنىڭدەك شېئىر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە، ھەربىر مىسرا، ھەربىر كۇپلېتتىن قايناپ تۇرغان جەڭگىۋار ھېسسىيات، قايناپ تۇرغان ئىنقىلابىي ئىرادە چاقناپ

تۇردۇ.

3) بۇ شېئىردا سىمۋول، جانلاندۇرۇش، رىتورىك خىتاب قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرغان ۋە بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. مەسىلەن:

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قىرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

دېگەن كۇپلېتتىكى «يىللار» گومىنداڭغا سىمۋول قىلىنغان؛ «قاقاقلاپ كۈلمە» دېيىش ئارقىلىق يىللارنى جانلاندۇرغان ھەمدە «كۈلمە» دەپ يىللارغا خىتاب قىلغان.

# قوشنىلار

زوردۇن سابىرنىڭ «قوشنىلار» ناملىق بۇ ھېكايىسى 1981 - يىلى يېزىلغان. يازغۇچى ھېكايىدە ئۇزۇن يىللار بىر - بىرى بىلەن تام قوشنا بولۇپ ئۆتكەن ئىككى دېھقان ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كەسكىن ھەم مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى سادىر بولغان ناتوغرا كەيپىيات، ناچار ئىستىللارنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئورتاق بولغان ھەقىقىي ساغلام ۋاپادارلىق، گۈزەل، ئېسىل ئىستىلغا مەدھىيە ئوقۇغان. يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچى بۇ ھېكايىدە قىزىقارلىق ۋە ماھىيەتلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكىگە سىڭدۈرۈلگەن زىددىيەتنى ئىلمىي يوسۇندا توغرا تەھلىل قىلىشنىڭ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئۆز مەنتىقىسى بويىچە روشەن، جانلىق ئېچىپ بېرىشنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى ياراتقان.

بۇ ھېكايە كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى دەۋر قىلىپ يېزىلغان.

يازغۇچى ھېكايە ۋەقەلىكىنى ئۈچ بۆلەككە يىغىنچاقلاپ تەسىرلىك بايان قىلىدۇ. ھېكايىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ۋەقەنىڭ تۈگۈنىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، زىددىيەتنىڭ باشلىنىشى، يەنى ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ ئاساس يارىتىدۇ. يازغۇچى ھېكايىنىڭ بېشىدىلا سالى بىلەن جامىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى دېھقان ئوتتۇرىسىدىكى يەر تالىشىش ماجراسىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەت - توقۇنۇشنى بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ

قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كىتابخانلارغا ئېنىق مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىتابخانلار قەلبىدە جامىغا نىسبەتەن كۈچلۈك نەپرەت ئوقۇش، غەزەپلىنىش ۋە بىرخىل ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولسا، سالىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن، ئىنسانىي پەزىلىتىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇش، چىن دىلىدىن سۆيۈنۈشنى قوزغايدۇ. ئاندىن ھېكايە سۇژىتى ئۆز رىتىمى بىلەن تەدرىجىي راۋاجلىنىدۇ.

ھېكايىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ۋەقە تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. زىددىيەت - توقۇنۇش تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى ئاستا - ئاستا يېشىلىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. يوشۇرۇن سىر ئاشكارىلىنىشقا باشلاپ، جامىنىڭ پۈتۈن ئەپت - بەشىرىسى جامائەتچىلىك ئالدىدا پاش بولىدۇ. جامى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ سالىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىش ئۈچۈن پىلانلىق، مەقسەتلىك تەربىيىلىگەن ئالتە ياشلىق نەۋرىسى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىدۇ. بۇ جەرياندا جامىنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ يىغقان مال - مۈلۈكلىرى ئۆزلۈكىدىن پاش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ سالىغا چاپلىغان تۆھمەتلىرىمۇ ھېلىقى نەۋرىسى تەرىپىدىن پاش قىلىنىدۇ. مانا بۇلار يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ چېۋەرلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ھېكايە سۇژىتى ۋە راۋاجىنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈش نۇقتىسىدۇر.

ھېكايىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەل قىلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ بۆلىكىدە ئاچ كۆزلۈك، ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، قاقتى - سوقتى قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا بولغان جامىنىڭ چالمىسى سۇغا چىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سالىنىڭ ئەمگەك گۇرۇپپىسىغا كىرىپ دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتنىشىدۇ. قىزى بولسا سالىنىڭ ئوغلى

بىلەن توي قىلىدۇ. مانا بۇ يانداپ بېرىلگەن دېتاللار مۇرەككەپ زىددىيەتنىڭ ئوخۇشلۇق ھەل قىلىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە دەز كەتكەن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت يېڭى مەزمۇن ئېلىپ قۇدا - باجىلىق - تۇغقانلىق مۇناسىۋەتكە ئۆزگىرىدۇ.

بىز تېكىست ۋەقەلىكى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇش ۋە ئۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىش داۋامىدا، ھېكايىدە ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن جامى بىلەن سالى ئوبرازى قانداق تىپ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس خاراكتېرىدە قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار؟ دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز.

جامى بىر قەدەر گەۋدىلەندۇرۇپ تەسۋىرلەنگەن ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بارلىققا كەلگەن تىپىك شەخس، يەنى خېلىلا تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن پېرسوناژ ئوبرازىدۇر.

جامى دىلى بۇزۇق، ئىچى تار، شەخسىيەتچى، ئاچ كۆز، ھەسەتخور، تۆھمەتچى، ئوغرىلىق بىلەن ئۆزىنى سەمرىتكەن تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىدۇر. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ئېلىمىز يېزىلىرىدىكى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان، ھالال تەرى بەدىلىگە تاپىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايدىغان نەپسانىيەتچى، تەرسا، ئوغرىلىق قىلىشنى، كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان بىر قىسىم قالاق دېھقانلارنىڭ تىپىدۇر.

جامىنىڭ خاراكتېرىگە سىڭگەن بېخىللىق، زوراۋانلىق قىلىش، باشقىلارنى بوزەك قىلىش، كىشىلەرنىڭ پېيىنى قىرقىش كويىدا بولۇش، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتەك ناچار ئادەتلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تىپىك ئىندىۋىدۇئاللىق خاراكتېرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ سالىغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى، جاپالىق قان-تەرى ئارقىلىق ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن راۋاج تاپقان، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، تولىمۇ ۋاپادار، مېھرىبان، يېڭىلىقپەرۋەر شەخس بولۇپ، 80-يىللارنىڭ ئاجايىپ زور غەلىبە ئۆركىشىدە باياشات تۇرمۇش قۇچىقىدا ياشاۋاتقان مىڭلىغان، مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

ئۇ قوشنىسى جامى قانچىلىك غالجىرلىشىپ، چىش-تىرنىقىغىچە ھۇجۇم قىلسىمۇ، ئۇنىڭدىن قىلچىلىك ھودۇقۇپ كەتمەيدۇ ھەم قارشىلىشىش نىيىتىدىمۇ بولمايدۇ، ھەتتا جامىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندە كىشىلەرنى باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قويىدۇ. تېمىنى سېلىپ بېرىدۇ. ئۇنى خۇددى ئۆز ئاكىسىدەك ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. جامى قانچىلىك ئەسكىلىكلەرنى قىلسىمۇ قىلچە كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمايدۇ.

سالىنىڭ بۇخىل ئىستىلى باشقىلارنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرمەي تۇرالمايدۇ، يۇقىرىقىلار ئۇنىڭ خاراكتېرىنى روشەن يورۇتۇپ بېرىدىغان ئالاھىدىلىكلەردۇر.

دېمەك، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەشتە، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش مەسىلىسى ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. روشەنكى، يازغۇچى زوردۇن سابىر «قوشنىلار» ناملىق ھېكايىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى-تاشقى دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە بىردەك ئەھمىيەت بەرگەن، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان، پېرسوناژلارنى ئۆزلىرىنىڭ مىجەز-خۇلقى بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرغان، سۆزلەتكەن، ئويلاتقان.

بىز تۆۋەندە يازغۇچىنىڭ ھېكايىدە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ تەسۋىرىنى قانداق بەرگەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

— ھە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ — دەپ ھومايدى پاكار، دومىلاق ئادەم قويۇق بۇدرە ساقاللىرىنى تىتىرىتىپ تۇرۇپ، — يولۇڭغا كېتىۋەرمەمسەن. ئەنە ساڭا ئەسقاتىدىغان ئېتىز چىللىغىلى نىكەم.

— ئىنساپ قىل جامى — دېدى ئېگىز بوي، سېرىق بۇرۇتلۇق ئادەم، شالاڭ سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ، — قارىغىنا، بۇرۇنقى تېمىڭ نەدە تۇرىدۇ. سەن نەدىن سوقىۋاتىسەن! — ئۇ كالاچ سېپىۋالغان ئاياغلىرىنى كېرىپ كونا تام ئىزى بىلەن يېڭى تام ئارىلىقىنى ماڭداپ چىقتى - دە، — قارا، ئۈچ - تۆت مېتىر يەرنى قوشۇۋاپسەن، بىزگىمۇ تىرىكچىلىك لازىم - دە، جامىكا! — دەپ قويدى. پېرسوناژلارنىڭ بوي - تۇرقى، چىراي شەكلى، مىجەز - خۇلقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلگەن يۇقىرىقى دىئالوگ تەسۋىرىدىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، خۇي - پەيلى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئالايلۇق، جامىنىڭ ئۆكتەملىك قىلىپ يەرنى قوشۇۋالغان تۇرۇقلۇق سالىنىڭ ئالدىدا ئۆزرە ئېيتىشىنىڭ ئورنىغا پەيلىنى بۇزۇپ ھومىيىشى ئۇنىڭ مۇتەھەملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمدى قوشنىسىنىڭ شۇنچىلىك يولسىزلىق قىلىۋاتقىنىغا سەۋرچانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بېرىشى سالىنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىز بۇ تېكىستنى ئوقۇپ پېرسوناژلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بەزى ئوقۇغۇچىلار «سالى نېمە ئۈچۈن مۇتەئەسسىپ قوشنىسى جامىنىڭ ئۆزىگە چاپلىغان تۆھمەتلىرىنى، قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى ھەم ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئوغرىلىق ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ تەشكىلگە ئىنكاس قىلمايدۇ، ئەدىپىنى بەرمەيدۇ. يازغۇچىنىڭ مۇشۇنداق

ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇددىئاسى نېمە؟» دېگەن ئويغا كېلىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە يازغۇچى پېرسوناژ خاراكتېرىگە خىلاپلىق قىلماسلىق ئاساسىدا ئىش تۇتقان. چۈنكى سالىنىڭ ۋۇجۇدىغا جامىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئەمەس، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك دېگەن ئىدىيە سىڭگەن. مۇبادا سالىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتى جامىنىڭ يامان غەرەز بىلەن قىلغان - ئەتكەنلىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلۇپ تەسۋىرلەنسە، ئۇ چاغدا پېرسوناژلار خاراكتېرى ئېچىلىش ئەمەس، ئەكسىچە بۇزۇلۇش ئېھتىمالى كېلىپ چىقىدۇ، زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ ئاخىرقى يېشىمىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ. ئەمدى يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىگە بېقىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرىنى قانداق بەرگەنلىكى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەيلى.

«دۈمبىگە ئارتىپمۇ، قۇچاقلاپمۇ، قولتۇقلاپمۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇچۇملاپ، چىمدىپمۇ توشۇدى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى، قايسى كۈنى توشۇمىدى، ئالمىدى؟ يەنە نېمىشقا تويمايدۇ؟ يەنە نېمىشقا ئېتىلىپ كەتمەيدۇ؟ ھەركۈنى سەھەر تۇرىمەن، مەن دۈي ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن تىپىرلايدۇ. مەن تەر تۆكۈپ تىككەن كۆچەتلەر دەرەخ بولۇپ يېتىلگەندە ئۇنىڭ كېسىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بېغىمدىن ياغاچ كېسىپ ياساپ قويغان كۆۋرۈكلەرنى تاڭ سەھەردە بۇزۇپ ياغىچىنى ئېلىپ كەتكىنىنى نەچچە قېتىم كۆردۈم. كۆپچىلىكنىڭكىنى ئالغىنىنى ئاز دەپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە سالغان زىيانلىرىچۇ؟...» سالىنىڭ خىيالى ئارقىلىق ۋاستىلىك بېرىلگەن بۇ تەسۋىرنى ئوقۇغان ۋاقتىلىرىمىزدا خاراكتېرى، تۇرمۇش يولى ئوخشاش بولمىغان ئىككى پېرسوناژنىڭ تارىخى، ھەرىكىتى، ئىچكى دۇنياسى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. بولۇپمۇ سالىنىڭ ئومۇمىلىقىنى كۆزدە تۇتۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش روھى بىزنى چوڭقۇر

تەسىرلەندۈرىدۇ. جامىنىڭ قەلبىدىكى پاسكىنىچىلىقنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يىرگىنىمىز.

«جامى ئۆستەڭ بويىدىكى بوستاندا ئوت قاپلانغان تېكىمەت ئۈستىدە ماموق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ يېتىپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چاچ – ساقاللىرى تيانشاننىڭ چوققىلىرىدىكى قاردەك ئاقارغان. چىرايى ئاۋازسىز تۆكۈلۈۋاتقان سۆگەت يوپۇرماقلىرىدەك سارغايغان، بەدىنى بولسا قۇرۇپ قالغان ئاۋۇ يالغۇز تېرەكتەك، بىر تېرە، بىر ئۇستىخانلا بولۇپ ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېلىقى چاغدا ئۇخلىسىغا ئۇچۇپ كەتكەندىن بېرى ئون ئاي بولدى ياتماقتا. «ھايات، ھايات» دەپ تېپىپ تۇرغان يۈرىكى ئۇنىڭ تويماس گەۋدىسىدە يەنىلا جان بار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈكتىن ھېچ قانداق پەرقى يوق ئىدى.

پۈتۈن ھاياتىدا ئۆيگە ئاللىنېمىلەرنى توشۇغان ئىشچان قوللىرى ئاغزىغا قونغان چىۋىننىمۇ قورۇشقا ئامالسىز ئىدى. ھەممىلا نەرسىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالاقزادە بولىدىغان كۆزلىرى ئەڭ سۆيۈملۈك نەۋرىسى كېلىپ شالاڭ ساقاللىرىنى تاراپ ئوينىغاندىمۇ تەستە ئېچىلاتتى، بىرلا كېسەل ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاچ كۆزلۈك، دۇنياخورلۇق ۋەسۋەسىلىرىنىمۇ قۇرۇتۇپ تاشلىغاندەك، ئۇ ئەمدى ئەڭ سېخىي، ئەڭ كۆزى توق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك، ھەممىلا نېمىگە قاراپ جىمجىت ياتاتتى. . . »

يازغۇچى بىۋاستە بەرگەن بۇ تەسۋىر شەخسىيەتچى، دۇنياخور دېھقان جامىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ئۈستىدە توغرا خۇلاسە چىقارغان، شۇنىڭدەك مۇشۇنداق يولدا ماڭغانلارغا بەربىر تارىخ رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

بىز بۇ تېكىستنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا ئوقۇغۇچىلارغا

ئەسەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى، بەدىئىي قىممىتىنى، ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىنى، ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيىنى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تولۇق ئىگىلىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

# كۆن چىقىش شامىلى

## 1. ئاپتور ھەققىدە

ئەنۋەر ناسىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ژۇرنالىست، مائارىپچى.

ئەنۋەر مەغپىر ئوغلى ناسىرى 1914 - يىلى تۇمۇرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ تولۇقسىز 7 - سىنىپنى تۈگەتكەن. 15 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇ ئاشخانىلاردا ئوچاققا ئوت قالاپ جان باقىدۇ، يېزىلاردا كىشىلەرگە ياللىنىپ ئىشلەپ غۇربەتچىلىكتە ھايات كەچۈرىدۇ.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن 1934 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۈندىلىك گېزىت بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا چىقاتتى، ئەنۋەر ناسىرى 1934 - يىلىدىن باشلاپ «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە كىرىپ، دەسلەپ نابۇرچىك (ھەرپ تىزغۇچى)، 1936 - يىلىدىن باشلاپ كوررېكتور ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1934 - يىلى ئىلىدا ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلىدۇ. ئەنۋەر ناسىرى بىرىنچى بولۇپ بۇ

ئۆيۈشمىغا قاتنىشىدۇ ۋە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. 1937 ـ يىلىدىن كېيىن غۇلجا قارا دۆڭ مەھەللىسىدىكى «ياردەم مەكتەپ» (هازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) تە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئەنۋەر ناسىرى 1938 ـ يىلى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ئۇنىڭ كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ كېسەل ئازابىنى يېڭىپ خىزمەتلەرنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. هاياتى خەۋپ ئاستىدا قالسىمۇ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىدۇ. هەمىشە ۋەتەن تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. شېئىرلارنى يېزىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپتىكى قەھرىمان جەڭچىلەرگە مەدەت بېرىدۇ. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا يەنە گومىنداڭ هۆكۈمرانلىرىنىڭ جىنايەتلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ. ئۆلۈشكە رازى بولسىمۇ ئىنقىلاب ئۈچۈن تىكلىگەن مۇستەھكەم ئىرادىسىدىن قىلچە تەۋرەنمەيدۇ.

شائىر كىشىلەرنى دۈشمەنگە نىسبەتەن كەسكىن ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدىغان مۇشۇ خىل كەيپىياتنى ئۆزىنىڭ قايناپ ـ تاشقان هېسسىياتى، ئوتلۇق ئىلهامى ئارقىلىق مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان.
تىتىلغان تەن، تۇرۇلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش،
پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.

ئەنۋەر ناسىرى 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مىللىي هۆكۈمەت ساقچى ئىدارىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئەمما كۈندىن ـ كۈنگە كېسىلى ئېغىرلىشىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي،

ئاخىرى 1946 ـ يىلى ـ 11 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە 33 يېشىدا ۋاپات بولغان.

«كۈن چىقىش شامىلى» ، «قىشقا بېغىشلاپ» قاتارلىقلار ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

شائىر بۇ شېئىردا، كۈن چىقىش شامىلىغا خىتاب قىلىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ۋەھشىيانە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەققانىي يۈرەك ساداسىنى ياڭرىتىپ، ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ. جۈملىدىن، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مەردانە كۈرەش قىلىۋاتقان ئارمىيە ھەم خەلقنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، تاجاۋۇزچىلار يوقىلىپ، پارلاق ئىستىقبال يۈز ئاچىدىغان دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تەنتەنىلىك جاكارلايدۇ.

بۇ شېئىر 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يېزىلغان. بۇ مەزگىلدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسى ئۈستىگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئېلىمىز خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، تاجاۋۇزچىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتاتتى. شائىر ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ يىللاردا يېزىلغان بۇ جەڭگىۋار شېئىرىدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت پارلاق ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئومۇمەن، شېئىردا ئېچىپ بېرىلگەن يۇقىرىقى توپ ئىدىيىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتا بويىچە چۈشىنىش مۇمكىن:

1 ـ بۆلەكتە شائىر ئالدى بىلەن «كۈن چىقىش شامىلى»غا خىتاب قىلىپ:

هەي.
كۈن چىقىشنىڭ شوخ شامىلى!
سېنىڭ نازۇك ئۈنۈڭنى ئاڭلاپ،
كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

دەپ يازىدۇ. شائىرنىڭ بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن كۆڭلى بۇزۇلىدۇ؟ چۈنكى، شائىر «كۈن چىقىش شامىلى» نىڭ نازۇك ئۈنىدىن ۋەتەن ھەم مىللەت خەۋپ ئاستىدا قالغان ئېچىنىشلىق ھالەتنى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنى ئېنىق بىلگەنىدى. شۇڭا، يۇقىرىقى مىسرالاردىن كېيىنلا، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە ئېچىنغان ھالدا «كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشى» دىكى سەۋەبلەرنى مۇنداق ئوبرازلىق بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ:

چۈنكى،
يۇز مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ
ناھەقتىن تۆكۈلۈپ،
شارقىراپ ئاققان قانلىرى،
تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرىدىن،
خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ ياشلىرىدىن.
تاجاۋۇزغا نەپرەت ئېيتقان،
مىليونلارنىڭ زارلىنىشىدىن.
ياش گۆدەكلەرنىڭ تەمتىرىشىدىن،
خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ سەن.
ياپونلارنىڭ بومبا، توپىدىن،
ھېسابسىز خەلقنىڭ كۆمۈلگىنىدىن،
چىرايلىق بىنالارنىڭ،
بىتچىت بولۇپ ئۆرتەنگىنىدىن،
خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ سەن.

شائىر بۇ مىسرالاردا «كۆڭۈلنىڭ بۇزۇلۇشى» دېگەن سەۋەبلەرنىڭ شەخسىي قايغۇ – ھەسرەت سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى، ئانا ۋەتەن دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكىنى جانلىق ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ۋەتەن ھەم خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆيۈنىدىغان بىر لىرىك قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ساداقىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى لىرىك تۈردە ئىپادە قىلىدۇ.

چۈنكى، «شائىر كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشى» ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بىگۇناھ قىرىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ كۆمۈلۈشىگە، بومباردىمان قىلىنىشىغا، مىليونلىغان گۆدەكلەرنىڭ ئاتا – ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ تەمتىرىشىگە، ئەمگەكچان جۇڭخۇا مىللەتلىرى ياراتقان مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ، چوڭ – چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئۆرتىنىشىگە بولغان قايغۇلۇق ئېچىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ئېچىنىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شائىرنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە بولغان ھەققانىي غەزەپ – نەپرىتىنى، شىكايىتىنى يوللۇق يوسۇندا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

2 – بۆلەكتە شائىر ئۆز پىكرىنى بىردىنلا راۋاجلاندۇرۇپ، «ئېچىنىشلىق ھالەت» نى كۆرۈشتىن بۇ ھالەتكە قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارنى كۆرۈشكە كۆچىدۇ. ئەزىز ۋەتەننى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ كۆرەش قىلىۋاتقان قەھرىمان ئوغلانلارغا بولغان مەدھىيىسىنى، سالىمىنى، مۇھەببىتىنى يەنە «كۈن چىقىش شامىلى» غا خىتاب قىلىش ۋاستىسى بىلەن ئىپادە قىلىدۇ:

ئۆتۈپ بارغان خەۋەرچى شامال،
توختىغىنا!
توختا دەيمەن!
يا بولمىسا قايتىپ كېلەمسەن؟

ساڭا گېپىم جىق ئىدى مېنىڭ.
سۆزلەيتتىم مەن،
تىڭشىساڭ سەن.
سەن ئەمدى قايتقاندا بىزدىن سالام دە،
مىللىي ئازادلىق فرونتىغا.
قەھرىمان ئەسكەرلەرگە،
پارتىزانلارغا،
(زادى ئۇنتۇما!).
بىز قۇرۇق سالام دەيمىز،
بىزدىن سالام.
ئىشتا بىرلىك، سەپتە بىرلىك،
تۆمۈر ئىنتىزام، ئۇلۇغ ھىممەت بىلەن.
بىزدە ھىممەت كۆپ،
بىرلىكمۇ تولا، مەھكەم.
ئىنسانىي ئىشتا،
بىرلىكتە ھەمدەم ......

شائىر بۇ مىسرالاردا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز سالىمىنىڭ «قۇرۇق سالام» ئەمەسلىكىنى، بەلكى، بۇ سالامنى «ئىشتا بىرلىك، سەپتە بىرلىك، پولات ئىنتىزام، ئۇلۇغ ھىممەت» بىلەن سۇغۇرۇپ، ئۇلۇغ كۆڭ، بۈيۈك بىرلىك، بۇزۇلماس ئىنتىزام ئىچىدە سۇغۇرۇپ يازىدۇ. يەنى شائىر ئۆز سالىمىنىڭ مەزمۇنىنى ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئاساسىي تۈپ كۈچىگە مەركەزلەشتۈرگەن. چۈنكى، ئىنقىلابنىڭ مەقسەت بىرلىكى بىلەن ئىنقىلاب سېپىنىڭ پاكلىقى ۋە ئۇنىڭ پولاتتەك مەھكەم ئىنتىزام ئاساسىغا قۇرۇلغان بىرلىكى بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئىنقىلابنى باشلاش، ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش شەرتلىرى ئورۇندالمىغان بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق شەرتلەر تولۇق پىشىپ يېتىلمەيدىكەن، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى

تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

شائىرنىڭ «ئىشتا بىرلىك» دېگىنى، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشتىكى مەقسىتىنى، «سەپتە بىرلىك، پولات ئىنتىزام» دېگىنى ئاشۇ مەقسىتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى شەرتنى چۈشەندۈرىدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئارقا سېپىدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش نىشانىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. جۈملىدىن، مۇشۇ چۈشەنچە ئاساسىدا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابقا بولغان تەييارلىقىنى ۋە غەلىبىگە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، شائىر تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارغا ئاتەشتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن يوللاۋاتقان بۇ سالام ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپ قەھرىمانلىرىنىڭ كۈرىشىگە بولغان جۇشقۇن تىلەكلىرىدىن تۇغۇلغاندۇر. شۇڭلاشقا، شائىر بۇخىل جەڭگىۋار سالامنى تاجاۋۇزچىلارنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ.

سالام، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە،
كۆكرەك كېرىپ ماڭغان ئالدىغا،
ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ سادىق ئوغلىغا!
قانلىق تۇغنى تۇتۇپ قولىدا،
ھەر قەدەمدە ئۈستۈنلۈك ئالغان.
قەھرىمان سەپداش جەڭچى دوستۇمغا!
دۈشمەن ئوقىغا ئۈچۈپ يىقىلغان،
قىزىل قېنىنى ھەر يانغا چاچقان.
مۇدۇرۇلۇپ قوپۇپ،
ئالغا ئاتلىغان.

شەپكىسى قولىدا «ئۇررا! . . .» توۋلىغان،
باتۇرلارغا بىزدىن سالام دە!

دېمەك، شائىرنىڭ بۇ سالىمى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ قەھرىمانلىرىغا بولغان قايناق مۇھەببىتىدىن تۇغۇلغان، ماددىي ۋە مەنىۋى جاسارىتىنىڭ بىرلىكىنى ئۆزىگە توپلىغان ئەڭ ماھىيەتلىك ئىنقىلابىي سالامدۇر.

3 - بۆلەك شېئىرنىڭ «ئېيتقىن دوستۇمغا» دېگەن قىسمىدىن تۇگىگىچە بولغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شائىر بۇ بۆلەكتە، ئۆزىنىڭ ھېس - تەپەككۇرىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارىتى بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەقدىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت تەقدىرىگە چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى، ئۇنى ھېچقانداق كۈچنىڭ يىمىرەلمەيدىغانلىقىنى مەردانە جاكارلايدۇ، جۈملىدىن ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپ ئورتاق چوڭ نىشانغا ئىگە، بىز چوقۇم ئالدىنقى سەپ پالۋانلىرىغا ئوخشاش باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا، ۋەتەن ھۆرلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلايمىز، دېگەن تۈپكى ئىدىيىنى مۇكەممەل شېئىرىي پىكىرلەر ئارقىلىق روشەن ئېچىپ بېرىدۇ.

ئېيتقىن دوستۇمغا،
بىز بارىمىز سەپەرۋەرلىكتە.
ئالدىغا چۈشۈپ،
جەڭدە باتۇرلۇق قىلىپ.
تۆكۈلگەن قانلاردىن توپ، بومبا ياساپ،
دۈشمەن سېپىنى تارمار قىلىشقا.
ئۆزۈن غارلارنى،
چوڭقۇر سايلارنى.
چاڭجياڭ دەرياسىنى،

دۈشمەن قېنىدا بوياشقا!
قۇتۇلدۇرىمىز،
دۈشمەن بېسىپ ياتقان يەرلەرنى،
چوڭ شەھەرلەرنى.
تۆمۈر يوللارنى ......
بېرىپ ئېيتقىن ئالدىنقى سەپكە،
بىزنى جەڭگە تەييار هامان - دە.
سەن ئۇلارغا ئالدىن سالام - دە!

شائىر قەلبىدىكى ئۇلۇغۋار ئىرادىنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى ماهىيەتتە شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. چۈنكى، شائىر شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى تەقدىرىنىڭ تامامەن بىردەكلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ هەقىقەتنى هەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يەتكەنلىكتىن، ئەنە شۇنداق ساغلام، تەرەققىيپەرۋەر مەزمۇننى روشەن يورۇتۇپ بېرەلىدى. ئالدىنقى سەپكە ئارقا سەپتە تۇرۇپ ياردەم قىلىش ۋە مەدەت بېرىشتىن ئۆتۈپ، ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ كۈرەش قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى مەردانە جاكارلىدى.

شائىرنىڭ ئىنقىلابىي پوزىتسىيىسى بىلەن يورۇتۇلغان بۇ جاكار ماهىيەتتە، شىنجاڭ هەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ كۈرەش قىلىشقا، تاجاۋۇزچىلارنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا قانچىلىك دەرىجىدە تەشنا ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگۈچى مۇهىم پاكىتتۇر.

ئومۇملاشتۇرغاندا، يۇقىرىقى تەهلىللەر ئارقىلىق كۆرستىلگەن ئۈچ نۇقتا ئەسەرنىڭ تۈپكى ئىدىيىسى بولغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش تېمىسىنى روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ.

## 3. شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

شېئىرنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ تىل جەھەتتىن ئىخچام، ئوبرازلىق، ھېسسىياتچان ئىپادىلىنىشىدە كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر مۇھىم تۈرى بولغان شېئىرىيەت ژانىرى ئىجتىمائىي ھاياتنى مەركەزلىك، ئىخچام ۋە ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىتابخانلارغا ھەيۋەتلىك شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇلارنى ئۇرغۇپ تۇرغان لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق ھاياجانلاندۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۆز مەقسىتىنى كىتابخانلارغا ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىشكە بەل باغلىغان شائىر چوقۇم تىل ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ تەلەپ ئورۇندالمايدىكەن، شائىر ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

شائىر ئەنۋەر ناسىرىنىڭ «كۈن چىقىش شامىلى» ناملىق شېئىرى، ئىپادە قىلماقچى بولغان ۋەقەلىكنىڭ ئوبرازلىقلىقى، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى سەنئەتلىك قىلىش كۈچى بىلەن دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، شېئىرنىڭ 1 - بۆلىكىدىكى «شارقىراپ ئاققان قانلار» دېگەن مىسرا تاجاۋۇزچىلارنىڭ قانلىق قولىدا قۇربان بولغان بىگۇناھ خەلقلەرنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، «تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار» دېگەن مىسرا پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئاھۇ - زارنى ئىخچام ئىپادىلىگەن. «ياش گۆدەكلەرنىڭ تەمتىرىشىدىن» دېگەن مىسرا ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلغان مەسۇم يېتىملەرنىڭ سەرسانلىق تۇرمۇشىنى يىغىنچاق شەرھلىگەن بولسا، «مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ ئۆرتەنگىنىدىن» دېگەن مىسرا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېلىمىزگە بېسىپ كىرىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋەھشىيانە كۆيدۈرۈپ، نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنى

ئىپادىلىگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ بۆلەكتىكى «شارقىراپ»، «تەمتىرەش»، «ئۆرتىنىش» سۆزلىرى شېئىرىي پىكىرنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق، ئىخچام ئىپادىلىنىشىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن. مۇبادا بۇ بۆلەكتىكى مىسرالار تەركىبىدىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى چىقىرىۋەتسەك ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا سۆزلەرنى قويۇپ كۆرسەك، شېئىردا ئىپادىلەنگەن جانلىق ئوبرازلىق كۆرۈنۈش جەزمەن ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، شېئىرنىڭ 2 ـ بۆلىكىدىكى:

دۈشمەن ئوقىغا ئۇچۇپ يىقىلغان،
قىزىل قېنىنى ھەريانغا چاچقان.
مۇدۈرۈلۈپ قوپۇپ،
ئالغا ئاتىلغان . . .

دېگەن مىسرالاردىكى «ئۇچۇپ يىقىلغان»، «مۇدۈرۈلۈپ» سۆزلىرى بولسا، ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ قانداق ھالەتتە كۈرەش قىلىپ، قانداق قىياپەتتە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىق ھالىتىنى كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ تەسىرلىك نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

مانا بۇ تالانتلىق شائىر ئەنۋەر ناسىرىنىڭ تىل ئىشلىتىشتە ئالاھىدە يۇكسەك ماھارەت يېتىلدۈرگەنلىكىنى، ئاددىي، ئاممىباب، مېغىزلىق خەلق تىلى ئارقىلىق چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى روشەن يالتىرىتىۋەتكەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ئىپادىلەيدۇ.

# چۇغلۇق باللادىسى

## 1. ئاپتور ھەققىدە

تالانتلىق شائىر بوغدا ئابدۇللا 1941 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لەنجۇدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1960 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1965 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. 1954 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇنىڭ «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ 1960 — 1970 ـ يىللار ئىچىدە «چۇغلۇق باللادىسى» ، «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى» ، «ئەيىب ئەتمەڭلار» ، «تاغلارنى قۇچاقلاپ» شېئىرلىرى ۋە «گۈلدەستىخان» ناملىق داستانى ئېلان قىلىنىپ خېلى زور تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭ «باھار غۇنچىلىرى» ، «يەلكەن» ، «چۈش كۆرىدۇ بىر جۈپ ئانار گۈلى» قاتارلىق شېئىر، داستانلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

بوغدا ئابدۇللا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## 2. ئەسەر تەھلىلى

شائىر بوغدا ئابدۇللا ئۆزىنىڭ بۇ باللادىسىدا، چۇغلۇقنىڭ تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىش

ئارقىلىق، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت ۋە شۇ جەمئىيەتتە ھاكىمىيەت تۇتقان باي زومىگەرلەرنىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەتلىرىنى، نامرات، يوقسۇل ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن ئازاب ـ ئوقۇبەت، خورلۇق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ بىر بەختىيار زاماننى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى ئارقىلىق تەسىرلىك ھالدا بايان قىلغان ھەمدە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بۇ بەختىيار زاماننى قەدىرلەش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن.

بىز تۆۋەندە باللادىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلىپ ئۆتەيلى:

چۈغلۈق دېدى: «سۆزلەپ بېرەي،
ساڭا بىر باشتىن.
قانچە سايلار سۇغا تولغان،
مەن تۆككەن ياشتىن.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . .
مىسكىن ئاتام ئاتلىرىنى،
باقاتتى باينىڭ،
سايدا ئىشلەپ تاپالمايتتى،
پۇلىنى چاينىڭ.»

مانا بۇ مىسرالاردا ئاپتور ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەقەدەر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ھايات كەچۈرگەنلىكى، يىل بويى ئىشلىسىمۇ چايغا چۈشلۈق بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئىنتايىن ئىخچام بايان قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن، كونا جەمئىيەتنىڭ شەپقەتسىز، ئادەم قېنىنى ئىچىدىن چىققان ۋەھشىيانە زومىگەرلىكىنى پاش قىلغان.

باي قارايتتى بىزگە دائىم،
بىر كۆزى بىلەن.
ئۆستەڭلەردە توختايتتى سۇ،

بىر سۆزى بىلەن.

دېمەك، بۇ مىسرالاردا بىز ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى ھاكىمىيەت، شۇنداقلا مال ئىگىلىرىنىڭ نەقەدەر زالىم ۋە نەقەدەر شەپقەتسىزلىكىنى، شۇنداقلا يوقسۇللارغا بولغان دەھشەتلىك ئېزىشىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مېنىڭ پىكىر - خىيالىممۇ سادىقتا ئىدى،
بىر كۈنى ئۇ تىنىقىمىز قوشۇلسا! دېدى.
خىجالەتتە شەلپەر ئوخشاش،
قىزاردى بېتىم.

بۇ مىسرالاردىن ئۆز نۆۋىتىدە مىللىتىمىزنىڭ تېگىشلىك خۇلق - مىجەزى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقىنى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھەببەت كۆز قارىشى ھەمدە پوزىتسىيىسىنى كۆرەلەيمىز.

جاۋاب ئۇچۇن مۇناسىپ سۆز،
تۇراتتىم ئويلاپ.
كېلىپ قالدى مۇتىھەم باي،
ئېرىقنى بويلاپ.
«كاپىر!» دېدى قامچا بىلەن،
بېشىمغا سالدى.

بۇ مىسرالاردىن بىز ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى ياش يىگىت - قىزلارنىڭ زۇلۇم ئاستىدا ئەركىن مۇھەببەتلىشىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئەمەسلىكىنى، بۇنىمۇ باي - زومىگەرلەر ئىچى تارلىق ۋە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قامال قىلىۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يىلانغا ئوخشاش تولغاندى باي،
خەنجەر يېگەندە.
ئىت ئۆلۈمى دەپ بوۋىلار،
شۇنى دېگەن - دە.

بۇ مىسرالاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەركىن تۇرمۇش، ئەركىن مۇھەببەت ۋە بەختىيار زامانغا تەلپۈنۈپ ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە قارىماي زالىملارغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانلىق جاسارىتىنى كۆرۈۋالايمىز.

تۇمان ئارا يەر ئاستىدا كۆردۇق بىز نۇرنى،
ئاشۇ نۇرنى كۆزلەپ ماڭدۇق تۇتۇشۇپ قولنى.
ۋىدالاشتۇق قالدى ئارقىدا تەڭسىز شۇم دۇنيا.
كۆرمىگەچكە شۇ چاغ بىزگە بەختنى راۋا.

مانا بۇ مىسرالاردىن بىز زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە ئەمگەكچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرەلمەي، نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - تەلپۈنۈشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالماي، قانخور ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا تراگېدىيىلىك ھالدا ئارمان بىلەن كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالايمىز.

دېمەك، شائىر بۇ باللادىسىدا يۈكسەك دەرىجىدە ئۇمۇملاشتۇرۇلغان شېئىرىي پىكىر، تاللانغان گۈزەل تىل، ئۇرغۇپ تاشقان لىرىك ھېسسىيات ۋە ئۆتكۈر، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن.

مەلۇمكى، «چۈغلۇق» بىر خىل گۈلنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ ئەسەردە ئۇ ئادالەتسىزلىككە، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ ئۆز ئارزۇ - مەقسىتىگە يېتەلمەي تراگېدىيىلىك ھالدا قۇربان بولغان قەھرىمانلارغا، يەنى بۈگۈنكى ئازاد زامان ئەۋلادلىرى ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزغان بۈيۈك ئەجدادلىرىمىزغا سىمۋول قىلىنغان. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتە مۇھەببەت، ئەركىن تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمەي پاجىئەلىك ھالدا قۇربان بولغان ياش يىگىت - قىزلارغا سىمۋول قىلىنغان.

باللادا تارىخىي ياكى فانتازىيىلىك (خىيالىي) سۇژىت ئۇستىگە قۇرۇلغان، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - كۇرەشلىرى بىلەن بىرلەشكەن، ھەجىم جەھەتتىن ئانچە چوڭ بولمىغان شېئىرىي ئەسەردۇر. باللادىنىڭ ۋەقەلىكى ھەرقاچان تارىخىي ياكى فانتازىيىلىك ۋەقەلەر بولۇپ، ئۇنىڭ تىلىمۇ فانتازىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

«چۇغلۇق باللادىسى» نىڭ سۇژىت تەرەققىياتى بايان قىلىش جەھەتتىن تەتۈر بايان، سۇژىت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن فانتازىيىلىك ۋەقەلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، چۇغلۇق گۈلىنىڭ زۇۋانغا كېلىپ ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى سۆزلىشى، قىز بىلەن يىگىت قېچىشقا ئامالسىز قالغاندا يەر يېرىلىپ بىر خىزىر چىقىپ ئۇلارغا پاناھ جاي كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەر ئەسەردىكى ئەڭ گەۋدىلىك فانتازىيىلىك ئامىللاردۇر.

دېمەك، بۇ باللادىدا باللۇشقا تېگىشلىك فانتازىيىلىك ۋە باشقا ئامىللار تولۇق تېپىلىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، بىز بۇ باللادىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان باللادىچىلىقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۇلگىسى دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

## 3. باللادىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى

(1) باللادىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن تىل ئىشلىتىش جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. ئەسەر تىلى يۇكسەك دەرىجىدە تاللانغان بولۇپ، گۈزەل، يېقىملىق، ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى بىلەن ئەسەر مەزمۇنىنى ناھايىتى تەسىرلىك، قايىل قىلارلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

(2) ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بىر مۇۋەپپەقىيىتى ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك، دولقۇنلۇقىدا. ھەرقانداق بىر شېئىرىي

ئەسەر كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتتىن ئايرىلىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ «شېئىر» بولالمايدۇ.

بۇ باللادىدا باشتىن ـ ئاخىر لىرىك ھېسسىيات، مۇھاكىمە ۋە ۋەقەلىكلەر ناھايىتى زىچ باغلانغان، شۇڭا ئەسەرنى ئاپتور قانداق ھاياجانلىق ھېسسىياتتا تۇرۇپ يازغان بولسا، كىتابخانلارمۇ ئەنە شۇنداق ھېسسىياتقا كەلمەي، چۆممەي تۇرالمايدۇ. يەنە بىرى، بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندا تەبىئىي ھالدا چۇغلۇق ياشىغان رېئاللىققا ئەسىر بولۇپ قالىمىز. مانا بۇ ئەسەردىكى كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتنىڭ ۋە جانلىق گۈزەل تىلنىڭ كارامىتىدۇر.

(3) ئەسەردە ئاپتور ئوخشىتىش، سىمۋول، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش ۋە ماقال ـ تەمسىللەرگە ئوخشاش ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

«ھايات كاندۇر، كانچىدۇرمەن»، «كۆڭلى گويا ئالتۇندەك ساپ». مانا بۇ يەردە شائىر ھاياتنى كانغا ئوخشاتسا، ئۆزىنى ئاشۇ كاندىن گۆھەر قازىدىغان كانچىغا ئوخشىتىدۇ. قىز يىگىتى سادىقنىڭ كۆڭلىنىڭ ساپلىقىنى ساپ ئالتۇنغا ئوخشىتىدۇ. بۇنداق مىساللار ئەسەردە تولۇپ ياتىدۇ.

چۇغلۇق ئۆتمۈشتىكى ئەركىن تۇرمۇش، مۇھەببەت يولىدا قۇربان بولغان ئەجدادلارنىڭ سىمۋولى.

«قانچە سايلار سۇغا تولغان، مەن تۆككەن ياشتىن»، «ئۆستەڭلەردە توختايتتى سۇ، بىر سۆزى بىلەن». مانا بۇ ئەسەردىكى مۇبالىغىدۇر. شامالنىڭ دەپتەر ۋاراقلىشى جانلاندۇرۇشتۇر.

«ئاتام ئېيتقان خەنجىرىڭنى قىنىدىن ئالما، ئالساڭ رەقىب ئۆلمىگىچە قىنىغا سالما». مانا بۇ ماقال ـ تەمسىللەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتۇر.

# چىن تۆمۈر باتۇر

## 1. داستاننىڭ مەزمۇنى

قەدىمكى ئىلى زېمىنىدا، شان ـ شۆھرىتى ئالەمگە تونۇلغان بىر شاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ھەددى ـ ھېسابسىز بولسىمۇ، بىرەر پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇ پەرزەنت قايغۇسىدا، كۆڭلىنى شىكار قىلىش بىلەن بەزلەيدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ كىچىك خانىشى يەڭگىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ. كۆرۈپتۇكى، كىچىك خانىشنىڭ تۇغقىنى بىر كۈچۈك بولۇپ چىقىپتۇ......

كېيىن يەنە تۇغۇپتۇ. بۇ قېتىم بىر ئاسلاننى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ كىچىك خانىشى بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغقان ئىكەن، لېكىن چوڭ خانىش ئۆز بەختىنىڭ ئۆچۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككى بالىنى كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ، بالىلارنى بىر ئېيىق بېقىپ چوڭ قىپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئىسمى چىن تۆمۈر بولۇپ، ناھايىتى زېرەك، باتۇر، سەمىمىي يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ. سىڭلىسى مەختۇمسۇلا، ئۆز زامانىسىدا تەڭدىشى يوق گۈزەل، ساھىبجامال ئىكەن. ئۇلار ئىككىسى جاڭگالنى ماكان تۇتۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ داڭقى پۈتۈن ئەلگە تارقىلىپتۇ. چۈنكى ئۇ ئوۋچىلىق قىلىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جاسارىتىنى نامايان قىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئوۋغا چىقماقچى بوپتۇ. ئادىتى بويىچە، يەتتە كۈن بولمىغىچە ئوۋدىن قايتمايدىكەن. مېڭىش ئالدىدا سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا، ئۆگزىگە چىقماسلىقنى، مۈشۈكنى «پەش»، توخۇنى «تاق»

دىمەسلىكنى، ئوچاقتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىقنى جېكىلەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مەختۇمسۇلا زېرىكىپ، ئۆگزىگە چىقىپتۇ، مۇشۇك بىلەن توخۇ ئۆگزىگە چىقىپ ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزغان ئىكەن، ئۇ، ئۇلارنى ھەيدەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇك ئوچاقتىكى چۆگۈننى ئۆرۈپتۇ. توخۇ ئوچاقنى تاتىلاپ، چوغنى ئۆچۈرۈپتۇ.

مەختۇمسۇلا چوغ ئىزدەپ ، بىر جادۇگەر مومايغا يولۇقۇپ قاپتۇ. موماي ئۇنىڭغا بىر تال تېزەككە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، بىر سىقىم تېرىقنى بېرىپتۇ. . . كېيىن موماي ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ ۋە:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە بارمىدۇر،
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمىدۇر.
كاپ - كاپ كۆچۈكى ئىشىكتە بارمىدۇر،
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمىدۇر.
قوغلار بۈركۈتى ئورنىدا بارمىدۇر.

دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا مۇشۇ تەرىقىدە «يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. موماي مەختۇمسۇلا پىشۇرغان گۆشلەرنى يەپ بولۇپ، ئۇنىڭ چېچىدىن تورۇسقا ئېسىپ، تاپىنىدىن قېنىنى شوراپتۇ. . . كېيىن . . . يەنە كەپتۇ. . .

چىن تۆمۈر باتۇر قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى يەتتە كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر يەنە ئوۋغا چىقىش ئالدىدا سىڭلىسىغا ئېرىق بويىغا چىقىپ، باش تارىماسلىقنى تاپىلاپتۇ. مەختۇمسۇلا باش تاراپتۇ. ئۇنىڭ بىر تال چېچى ئېقىپ بېرىپ، موغۇل شاھزادىسى ئۆزمۇخنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۆھرەتپەرەس شاھزادە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، مەختۇمسۇلانى بۇلاپ كېتىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر نۇرغۇن لەشكەرلەرنى يەڭگەن بولسىمۇ،

سىڭلىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ، تولا يىغلاپ، كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ. . . مەختۇمسۇلا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. چوڭىنىڭ ئىسمى ئاقار، كىچىكىنىڭ ئىسمى چۆكەر ئىكەن. بىر كۈنى مەختۇمسۇلا خاندىن ئىجازەت سوراپ، ئۇچقۇر تۇلپارغا مىنىپ، ئىلى دەرياسى بويىغا كېلىپتۇ ۋە قايىنام ئىچىدىن كېزىپ ئۆتۈپ، ئاكىسى تامان يول ئاپتۇ. ئىككى ئوغلى دەريادا ھالاك بوپتۇ. مەختۇمسۇلا توپ - توپ يىلقىلارنى بېقىۋاتقان پادىچى ئارقىلىق، بىر ئالما (بەزى ۋارىيانتلاردا تۇپراق سۈرتكەن دېيىلگەن) ئەۋەتىپتۇ. پادىچى:

ئالمو①تىيارنىڭ ئالمىسى،
مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى.
ئالموتىيارنىڭ بولمىسا،
مەختۇمسۇلانىڭ ئالمىسى.

دەپ، ئالمىنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۈرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، ئاكا - سىڭىل دىدارلىشىپ، خۇشال - خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

## 2. داستان تېمىسى

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى چىن مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئاساسىي تېما قىلغان.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرقايسى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدا ئوخشاشمىغان مەزمۇن ۋە شەكىللەرگە ئىگە بولۇپ، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي كۆز قاراش نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. تۇغۇلغان يېرىنى قەدىرلەش، ئۆز يۇرتىنى قوغداش ۋە سېغىنىش، ئەلگە خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق تىلەش قاتارلىق

① موڭغۇلكۈرەدىكى جاي ئىسمى.

مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى، ماھىيەتتە، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر. مەسىلەن:

ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ «ئوغۇزنامە» داستانىدىمۇ خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قاراشلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئوغۇز خاقانىنىڭ ئۆز ئېلىنى قوغداش يولىدىكى جان پىدالىقى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى جان تىكىپ ھىمايە قىلىشى، ئەل - يۇرتقا ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىشلىرى؛ بۇددىزم مەدەنىيىتىنى نامايان قىلغان «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانىدا، چاشتانى ئىلىگ بەگنىڭ ئۆز شەھىرىنى، خەلقىنى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇش داۋامىدىكى جەڭلىرى - ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ھەر قايسى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۈملىدىن، «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىنىڭ ۋەقەلىكىدىن قارىغاندىمۇ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىكىنى قوغدىغانلىقى، ئۆز ۋەتىنىگە ئاياغ باسقان موڭغۇل لەشكەرلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يارقىن ئىپادىسى. داستاندا مۇشۇ خىل ئىدىيە ئاساسىي تېما قىلىنغان.

## 3. داستان پېرسوناژلىرى

(1) چىن تۆمۈر باتۇر ئوبرازى:

داستاندا خەلق قەھرىمانى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئوبرازى ئىنتايىن يارقىن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. داستان تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىشى، ئۇنى مەغلۇپ قىلىشى يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئەقىللىق، پەم - پاراسەتلىك، باتۇر، تاكتىكىلىق، دۇنيا ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشتەك بىر قاتار پەزىلەتلىرى

تونۇشتۇرۇلىدۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا، ئۇتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق، چېچىنى سۇ بويىدا تارىماسلىق، توخۇنى «تاق»، مۇشۇكنى «پەش» دېمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. قارىماققا بۇ ئادەتتىكى ئىشلاردەك، جېكىلىمىسىمۇ بولىدىغان ئۇششاق ئىشلاردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇلار كېيىنكى بەختسىزلىكلەرنىڭ باشلىنىش سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئامىللاردۇر. مۇشۇ جەھەتتىن، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئەقىللىق، پەم ـ پاراسەتلىك، دۇنيادىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆزلىرىدىن يىراق بولمىغان جايدا، جادۇگەرنىڭ بارلىقىنى، سۇنىڭ ئايىغى موڭغۇل پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا بارىدىغانلىقىنى، سىڭلىسى ئىنتايىن گۈزەل بولغانلىقتىن، موڭغۇل شاھزادىسى ئۆزمۇختەك ياۋۇزلار ئۇزۇن چاچنى كۆرگەن ھامان تاجاۋۇز قىلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىراق، ئاكىسىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان سەممىي نەسىھەتلىرىگە مەختۇمسۇلا قۇلاق سالمايدۇ. نەتىجىدە، ئىككى قېتىملىق زور توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، سىڭلىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا، يالماۋۇزنىڭ سىڭلىسىغا سالغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى سېزىۋېلىپ، يالماۋۇز «ئادەم پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمىسا، «ئاكامنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيغىلى ئېلىپ قالغانىدىم» دەپ دۈشمەننى ئالداپ، ئۆيگە ئېلىپ كىرىشنى سىڭلىسىغا ئۆگىتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللاردىن بىز چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ زېرەك، پەم ـ پاراسەتلىك، قورقماس باتۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

قەدىمكى قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى داستانلاردا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار ئەينى شارائىتتا خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن

دەھشەتلىك بالايىئاپەتلەرنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈنكى قەدىمكى خەلقىمىزنىڭ ساددا ئوي ـ پىكرىدە، تەبىئەت كۈچلىرىنى قانداق بويسۇندۇرۇش ھەققىدە ئېنىق كۆزقاراش شەكىللەنمىگەچكە، ئۆز ئالدىغا دۈچ كېلىپ تۇرغان ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى ۋە قارام كۈچلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. خەلق مانا مۇشۇ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى، فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوغۇزخان، چاشتانى ئىلىگ بەگ، چىن تۆمۈر باتۇرغا ئوخشاش بەدىئىي ئوبرازلار ئۈستىگە مەركەزلەشتۈردى. شۇڭا بۇ قەھرىمانلىق داستانلىرى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى تونۇش، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

خەلق بۇ داستاننىڭ ئالدىنقى قىسمىدا، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ غەيرەتتە تەڭداشسىز باتۇرلۇقلىرىنى غايىۋىلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، داستاننىڭ 2 ـ قىسمىدا يۈز بېرىدىغان تېخىمۇ چوڭ جەڭ ئۈچۈن پۇختا ئاساس تەييارلايدۇ. بىز ئۇنىڭ داستاننىڭ 1 ـ قىسمىدىكى يالماۋۇزنى يوقىتىش جەريانىدىن، داستاننىڭ 2 ـ قىسمىدا يۈز بەرگەن كۈچلۈك ۋە سان ـ ساناقسىز دۈشمەن لەشكەرلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشتىكى مىسلىسىز قەھرىمانلىقلىرىغا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلىمىز.

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئەركىنلىكى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش يولىدىكى باتۇرانە كۈرەشلىرى، ئەمەلىيەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ، خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدىكى ئۇلۇغۋار كۈرەشتۇر. بۇمۇ دەل ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەك ئىپادىسى. كۆرۈنۈشتە، موڭغۇل شاھزادىسى چىن تۆمۈرنىڭ ۋەتىنىنى بېسىۋالماقچى ئەمەس،

سىڭلىسى مەختۇمسۇلانى تارتىۋالماقچى بولۇپ كەلگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەل ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۇنىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقى. ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۆز ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئىپتىخارىغا، نومۇس - ئارىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنى ياۋۇز دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەلۋەتتە ۋەتەن، خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشىدۇر.

داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ، كۈچ جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق ئالدىدا سىڭلىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالماي، سىڭلىسىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ، يۈرەك باغرى قان بولۇپ، ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇخىل ۋەقە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ خاراكتېرىنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن خۇنۇكلەشتۈرمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۆز سىڭلىسى، نومۇس - ۋىجدانى، غۇرۇرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان ئىچكى ئازابلىرىنى يەنىمۇ ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ.

داستاننىڭ ئاخىرىدا، مەختۇمسۇلا ئەۋەتكەن سېھىرلىك ئالما ئۇ ئايرىلىپ قالغان قېرىنداشلىق مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى. سىڭلىسىنىڭ سېغىنىشلىق سالامىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۇنى ئازابلىغان ئىززەت - ھۆرمەت، ئار - نومۇس، مىللىي ئىپتىخارنىڭ يېتىپ كېلىشى. بۇ ماھىيەتتە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. بۇنداق سېھىرلىك ئالما ئەلۋەتتە ۋەتەنپەرۋەرنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، چىن تۆمۈر باتۇر مۇقەددەس ۋەتەننى قوغدايدىغان، خەلقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، ئۇنى كۆز قارچۇقىدەك ئاسرايدىغان ۋەتەنپەرۋەر شەخستۇر.

(2) مەختۇمسۇلا ئوبرازى:

مەختۇمسۇلا ئىنتايىن گۈزەل، قەھرىمان، ئاق كۆڭۈل،

سەممىي قىز بولۇپ، ئاكىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە بىخۇدلۇق بىلەن قارىغان ئاجىزلىقىمۇ بار. شۇڭا ئۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، سۇ بويىدا چاچ تاراپ، ياۋۇز دۈشمەنلەرگە ئۆزىنى پاش قىلىپ قويىدۇ. داستاندا، مەختۇمسۇلانىڭ بۇخىل ھەرىكەتلىرى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، قاباھەتلىك دۈشمەن ئالدىدا قىلچە بىخۇدلۇق قىلماسلىق، ئادەتتىكى ئىشلارغىچە ھوشيار بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى كۆرسىتىلگەن.

مەختۇمسۇلا ئىككى قېتىملىق بىخۇدلۇقىدىن ساۋاق ئېلىپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاشلا ۋەتىنىگە ۋاپادار، ئۆز قېرىندىشىغا كۆيۈمچان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇخىل خاراكتېرى موڭغۇل لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ سان - ساناقسىز دۈشمەن بىلەن يالغۇز جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، «مەن قۇربان بولسام بولاي، ئاكا سىز جەڭدىن چېكىنىڭ» دەپ ئۆزى جەڭگە كىرىدۇ. جاسارەت، باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، دۈشمەنلەرنى قىرىپ، ئاكىسىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. بۇ - مەختۇمسۇلا خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر.

گەرچە دۈشمەن ھىيلە بىلەن ئۇنى تۇتۇپ كېتىپ، ئۆز ئەمرىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي غۇرۇر، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى قىلچە چۈشۈرمەي پۇرسەت كۈتىدۇ. ئاخىرى دۈشمەن لەشكەرلىرىنى مەست قىلىپ، ئىككى بالىسىنى دەريادا ئاققۇزۇۋېتىپ، ئۆز ۋەتىنىگە، قېرىندىشىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق خاراكتېرىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئېچىپ بېرىدىغان تىپىك ۋەقەدۇر.

بىر ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بالا ئىنتايىن قەدىرلىك، بىراق دۈشمەن قولىدا ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ، ئۆز نومۇس - ۋىجدانىنىڭ ئاياغ - ئاستى بولۇشىغا چىداپ ياشاش ئىنتايىن نومۇس. مەختۇمسۇلا ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلىرىغا

كۆيۈنسمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى، ئۆزىنىڭ مىللىي غۇرۇرى ھەممىدىن ئەلا. شۇڭلاشقا ئۇ، مەردانىلىق بىلەن باللىرىدىن كېچىپ، قايتىپ كېلىدۇ.

مانا بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ دۇنيادا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەرقانداق شەخسىي ھېسسىيات، مەنپەئەتتىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغان ئۇلۇغۋار ئىدىيىسىنىڭ ئوبرازلىق گەۋدىلىنىشىدۇر.

دېمەك، مەختۇمسۇلا، خورلانسىمۇ، ئازاب تارتسىمۇ، ئۆز ۋەتىنىنى، قېرىنداشلىرىنى ئۇچۇن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلغان باتۇر ئايالللارنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر.

## 4. داستانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

(1) داستاندا ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، نەسرىي يول بىلەن شېئىرىي يول زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان. يەنى، داستاندىكى پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى نەسرىي يول بىلەن قىسقىچە ھېكايە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار شېئىرىي يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، جادۇگەرنىڭ قوشاقلىرى ئۇنىڭ ھەقىقىي باتۇرنىڭ ئادالەت قىلىچىدىن قورقىدىغان قارا نىيىتىنى ئېچىپ تاشلىسا، مەختۇمسۇلانىڭ جاۋابى، ئۇنىڭ دۈشمەن ئالدىدىكى بىخۇدلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

(2) داستانىنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك خەلق تىلى بولۇپ، ھەرىكەت، ھادىسە، تۇيغۇ ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مەسىلەن:

«مىسران قىلىچ»، «كاپكاپ كوچۇك»، «ئارغىماق ئېتى» قاتارلىق سۈپەتلەشلەر ئارقىلىق، شۇ شەيئىنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەختۇمسۇلانىڭ ئىنتايىن يېقىملىق،

گۈزەل ئوبرازى ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكى ئارقىلىق تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈلگەن. باشتا، شۇنچە گۈزەل بىر قىزنىڭ رەڭگى يالماۋۇز قېنىنى شورىۋالغاندىن كېيىن «سارغايغان سامان» غا ئوخشىتىلىپ كۆرسىتىلگەن. يالماۋۇزنىڭ بەشىنچى بېشى چېپىپ تاشلانغاندىن كېيىن «كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ كەتتى» دەپ ئوخشىتىلىپ، يالماۋۇزنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپت - بەشىرىسى ئوبرازلاشتۇرۇلغان.

**图书在版编目(CIP)数据**

中学语文教学法—维吾尔文/穆合塔尔.苏皮克编.
乌鲁木齐:新疆大学出版社,2003.5
ISBN 7-5631-1731-8

Ⅰ.中… Ⅱ.穆… Ⅲ.少数民族语文课一教学法—中学—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.G633.393

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第034593号

审　　定:伊不拉音·哈木都拉
责任编辑:阿不里米提·卡德尔
责任校对:阿达来提·牙合甫

师范院校教材

# 中学语文教学法

穆合塔尔.苏皮克　编

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号,邮编:830046)
新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　1/32　印张:10
2003年5月第1版　2003年5月第1次印刷
印数:0001 — 4000册

ISBN 7 — 5631 — 1731 — 8
定价:16.50元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غېنى ئابدۇرېھىم

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى

ISBN 7-5631-1731-8

9 787563 117314 >

ISBN7-5631-1731-8
(维文) 定价: 16.50 元